



ئەخەت تۇردى

# يىراقتا قالغان مۇھەببەت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ





ISBN 978-7-5371-2931-2
9 787537 129312 >
باھاسى: 17.00 يۈەن

ئەخەت تۇردى

# يىراقتا قالغان مۇھەببەت

( رومان )



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

留在遥远的爱：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2007.4
ISBN978—7—5371—2931—2

Ⅰ.留…　Ⅱ.艾…　Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 048602 号

责任编辑：**尼加提·穆合里斯**
责任校对：**玛丽亚木·阿布都热依木**
封面设计：**阿里甫·夏**
插　　图：**阿布都热合曼·阿布力孜**

**留在遥远的爱**(维吾尔文)
**(长篇小说)**
**艾海提·吐尔迪　著**

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049)
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开　10.25 印张
1998 年 8 月第 1 版　2007 年 4 月第 2 次印刷

ISBN978—7—5371—2931—2　定价：17.00 元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换



ئەخەت تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئاھ، ناخشا! .............................. 1

ئىككىنچى باب يۈرەك نېمىدەيدۇ؟ ........................ 41

ئۈچىنچى باب پارىژدا ئۇچرىشىش ......................... 91

تۆتىنچى باب تۇنجۇققان سۆيگۈ .......................... 174

بەشىنچى باب ئاپتاپ ۋە كۆلەڭگە ........................ 201

ئالتىنچى باب گۇگۇم باسقان يول ........................ 241

يەتتىنچى باب ئەسەبىي دۇنيا ........................... 273

سەككىزىنچى باب كېچىككەن سۆيگۈ خەتلىرى ............... 311

# بىرىنچى باب

## ئاھ، ناخشا!

### 1

سەھنە ئۇنىڭ ماكانى، ئىپتىخارى ۋە دۇنياسى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ يەردە تۇرۇپ ئېيتقان بۇنداق يېقىملىق، لەۋەن ناخشىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم تەسىرلەنمەي، ھاياجانلانماي تۇرالمايتتى!

يەنە چاۋاك كۆتۈرۈلدى. ناخشىچى زىلۋا، ئەۋرىشىم بەللىرىنى ئېگىپ مۇلايىمغىنا سالام بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئالقىش ساداسى يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلدى، ئانچە - مۇنچە ئىسقىرتقان، توۋلىغان ئاۋازلارمۇ بولۇڭ - پۇچقاقلاردىن ئاڭلىنىپ قالدى. ناخشىچى ئىلاجىسىز باشقا بىر ناخشىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەييارلاندى. مۇزىكانتلار پائۇزا ئۇردى، ناخشىچىنىڭ ياڭراق، سۈزۈك، جاراڭلىق ئاۋازى سەھنە تەرەپتىن ئاستا - ئاستا لەيلەپ كەلدى:

ئاي كۆلۈپ نۇرانە كېزەر جاھاننى،
تولۇن ئاي يۈزىدە يارنىڭ سىماسى.
يارىممۇ كۆرىدۇ مېنى ئۇنىڭدىن،
شۇڭلاشقا بىلىنمەس ھىجران ياراسى!

ناخشا ئۇنىڭ بەخت بىلەن شادلىققا چۆمگەن يۈرىكىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۈزۈلمەي چىقىۋەردى. ئۇ خۇددى زەمزەم سۈيى بىلەن تولغان مۆلدۈر بۇلاقتا ئوخشاش، ھەيۋەتلىك زالغا توپلانغان قىسما — قىسما ئادەملەرنىڭ چاۋقاق قەلبىگە سۇ سەپمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ ناخشا ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ھەرىكىتى، سىياقى خۇددى ئېچىلىۋاتقان رەڭگارەڭ گۈللەرگە، نۇر چاقناپ تۇرغان مەرۋايىتقا ئوخشاش جەزىبىلىك ئىدى. ئۇنىڭ بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئەركىلىتىپ، مەرغۇللىتىپ ئېيتقان ناخشىسى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا گويا ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنى، ئۇنىڭ ئۇچما چوققىلىرىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قەيسەر بۈركۈتلەرنى، دولقۇنلىنىپ شادىمان ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريالارنى، بۈك — باراقسان ئورمانلىقلارنى، شېرىن — شېكەر مېۋىلىك باغلارنى كەلتۈرەتتى ۋە كىشىلەرنى شۇ يەرلەرگە بېرىپ، بۇ خىل تەبىئىي گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانغاندەك يېقىملىق ھېسسىياتقا چۆمدۈرەتتى...

ناخشىچى بۈگۈن تېخىمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشتى، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇنىڭغا ئامەتلىك كۈن بولدى. باھالىغۇچىلارمۇ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، مەردلىك بىلەن نومۇر كۆرسەتتى. ئۇ خۇشال ئىدى. خۇشاللىق ئۇنى ئاسماندەك چەكسىز يۈكسەكلىككە، ئوتلۇق قۇياشنىڭ سۈبھىي پەيتىدىكى تارام — تارام ئالتۇن نۇرلىرى ئىچىگە ئەكېتىۋاتاتتى. ئۇ يەر ئۇنىڭ ھاياجانلىق يۈرىكى مەركەز قىلىنغان ئىلھام، ئىپتىخار ۋە شادلىق دۇنياسى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەيتتى، يۈرىكى تېپچەكلەيتتى. ئەنە شۇ نازۇك، سېھىرلىك تىترەش ۋە تېپچەكلەشلەردىن پەيدا بولغان يالقۇنلۇق، راھەتبەخش گۈزەل بىر ناخشا پەستە — ھاياجان ۋە لەرزەتتىن تېپىرلاۋاتقان يۈزلىگەن قەلبلەرنى لەرزىگە سالغانىدى...

قىزىل دۇخاۋا پەردە يېپىلىپ، بۈگۈنكى تاللاش مۇسابىقىسىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەندە، ناخشىچى

سەھنىدىن يۇگۇرۇپ چۈشۈپ، ئەتراپقا چېچەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى، كۆڭلى كىمنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرى پەيدا بولدى. ئوتتۇز بەش ياش چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، چاچلىرى شالاڭ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت دەل ناخشىچى ئىزدەۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى.

— قالتىس ئېيتتىڭىز، ئايچېچەك، سىزنى تەبرىكلەيمەن! — دېدى يىگىت ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ، — مەن سىزگە بۇرۇنلا ئىشەنگەن...

— بۇمۇ سىزنىڭ غەلىبىڭىز نۇرجان ئاكا! — دېدى ناخشىچىمۇ ھاياجانلىق تىن ئېلىپ، — سىز ئىجاد قىلغان ئېسىل، يېقىملىق مۇزىكا بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئاۋازىم قانچىلىكتى؟!

— ياق - ياق، ئايچېچەك، — دېدى كومپوزىتور نۇرجان ئېتىراز بىلدۇرۇپ، — مەن بۇرۇنلا سەزگەن، سىزنىڭ نەپىسىڭىز ئىسسىق، ئاۋازىڭىزدا بىر خىل سېھرىي كۈچ بار؛ سىز ناخشا ئېيتسىڭىز تورغاي، تۇمۇچۇق، بۇلبۇل، كاككۇكلارمۇ سىزگە جور بولىدۇ. سىز ناخشىنى بەزىدە تاغ سۇلىرىنىڭ گۇركىرىشىدەك مەردانە دولقۇنلىتالايسىز؛ بەزىدە، بۇلاق سۇيىنىڭ بۇلدۇقلىشىدەك يېقىملىق مەرغۇللىتالايسىز! ئەمدى مەن سىز بىلەن تېخىمۇ ئوبدان ھەمكارلىشىمەن. بىلەمسىز، مۇزىكانتنىڭ ئىككى مۇھىم ۋەزىپىسى بار: بىرى، كىشىلىك ھايات بىلەن چەكسىز تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ۋە سىرلارنى ئېچىپ، كىشىلەرگە مەنىۋى زوق بېغىشلاش، يەنە بىرى سىزگە ئوخشاش ئىستىقباللىق ناخشىچىلارنى تەربىيىلەش!

ئايچېچەك ئاكىلىق ھېسسىياتتا، ئىچكۆيەرلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇنداق سەمىمىي ۋە ئىلھامبەخش سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق ھاياجانلاندى، يۈزىگە يېقىملىق كۈلكە يېيىلدى،

ئۇنىڭ ئىچ ــ ئىچىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرى خۇددى ئىككى تامچە شەبنەم سۈيىدەك كۆز چانىقىدا پارقىراپ قالدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇلارنىڭ يېنىغا گۈلناز ئىسىملىك، ئوتتۇز سەككىز ياش چامىسىدىكى بىر ناخشىچى كېلىپ گەۋدىسىنى كەردى. ئۇ بويىنىنى ھەمىشە تەمبۇرنىڭ دەستىسىدەك تۈتۈپ يۈرىدىغان غاداڭ چوكان ئىدى. شۇ تۇرقىدا، ئۇنىڭ ئەپتىدىن بىر نەرسىگە تىت ــ تىت بولۇۋاتقانلىقى، نېمىگىدۇر چىدىمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. راست، ئۇنىڭ ئاغزى كۆلۈپ تۇرغان بىلەن يۈرىكى قاتتىق يىغلاۋاتاتتى. چۈنكى بۈگۈنكى تاللاش مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلمىدى. نومۇرى چۈشۈپ كەتتى. ناخشىسىمۇ تاماشىبىنلارغا ياقماي ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۈنى ئۇ، ئۆز تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن كۆرمەي، بەلكى ئايچېچەكنىڭ سېھرىي كارامەتكە ئىگە ئاۋازى بىلەن نۇرجاننىڭ لىرىك مۇزىكىسىدىن كۆردى. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىر ھەر ئىككىيلەنگە قارىتا قاتتىق غۇمى ۋە ئاداۋىتى بار ئىدى.

گۈلناز قەددى قامەتلىك، چىراي شەكلى خېلى كېلىشكەن جۇۋان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى كۆكسى تار، ئەقلى ناقىسراق ئىدى. شۇڭا ئۇ كېلىپلا ئۇلارغا نەشتىرىنى تىقتى:

— سېنى تەبرىكلەيمەن ئايچېچەك! — دېدى ئۇ ئىچى تارلىق بىلەن سوغۇق ھىجىيىپ، — لېكىن بەك كېرىلىپ كەتمە! چاۋاك دېگەن بەزىدە قولنىڭ ئالقىنىدىن چىقسا، بەزىدە، دۈمبىسىدىنمۇ چىقىپ قالىدۇ. ئىشقىلىپ، سايرىغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل بولىۋەرمەيدۇ! خوش، مەن كەتتىم! ...

ئۇ ئىگىز پاشنىلىق مېغىزرەڭ تۇپلىيىدىن تاس ــ تاس ئاۋاز چىقىرىپ كەتتى. شۇ ھالەتتە ئۇنى ئارتىسلارغا خاس نازاكەت بىلەن ئىرغاڭلاپ ماڭدى دېگەندىن كۆرە بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ، غىنتاڭشىپ كەتتى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

گۈلنازنىڭ قوپال، تەنلىك گەپلىرىدىن ئايچېچەكنىڭ دىلى قاتتىق پۇچۇلاندى، تېخى ھېلىلا غەلىبە تەنتەنىسىدىن كۆلۈپ، ئېچىلىپ تۇرغان ئوماق چىرايى بىردىنلا خىرەلىشىپ، ئالاسىرىق بولۇپ قالدى. بۇنى سەزگەن نۇرجان دەھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ئايچېچەك، ئۇ ئايال ئاچچىق يۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ! ھاياتتا بۇنداق بىر ھەقىقەت بار: بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، نام چىقارغان كۈنى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ھۇجۇمغا، تىل - ئاھانەتكە ئۇچرىشىنىڭ باشلىنىش چېغى بولىدۇ!

ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى بىمەھەل ئۈزۈلدى. كۈتۈلمىگەندە ئۇلارنىڭ يېنىغا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قۇربانوف كەلدى. ئۇ غەلىتىلا تۈرلىنىپ قالغان ئادەم ئىدى: بېشى قاپلانىڭكىدەك چوڭ، تۇمشۇقى كىرپىنىڭكىدەك ئۇچلۇق، بويىنى ھاڭگىتنىڭكىدەك ئۇزۇن ئىدى، شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ياسىنىۋالاتتى. شۇ تاپتا ئۇ، چاچلىرىنى مايلاپ، ئۆتكۈر پۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ، كۆزىگە ئامېرىكىنىڭ قارا گەردىشلىك كۆزەينىكىنى تاقىۋالغانىدى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئايچېچەك، بەك ياخشى ئېيتتىڭىز! — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ نازۇك، يۇمشاق بارماقلىرىنى چىڭ قىسىپ، — ئەمدى ئىشەنچىم كامىلكى، سىز بۇ قېتىم غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش كۆرىكىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىسىز!

— رەھمەت قۇربانوف ئاكا، — دېدى ئايچېچەك سەل - پەل قورۇنۇپ، — ئىشەنچىڭىزگە رەھمەت! لېكىن ئاشۇرۇۋەتتىڭىز...

— ياقەي... ھەرگىز ئاشۇرمۇدۇم، — دېدى قۇربانوف

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، — «ياخشى خوراز تۇخۇمىدا چىللار» دېگەن گەپ بار، سىز ئۆزىڭىزنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇل ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىقاچان كۆرسەتكەن...

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر توپلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئارتىسلار ئىدى. بىر نەچچە قىزلار ئايچېچەكنى تەبرىكلەپ، قۇچاقلاپ سۆيدى، بىر نەچچە مۇزىكانتلار ئۆزلىرى بىلەن ئوبدان ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، يەنە بىرمۇنچە تاماشىبىنلارمۇ يىراقتىن ئايچېچەككە قاراپ ھەۋەسلەندى، زوقلاندى. شۇ تاپتا ئايچېچەك خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئوماق بولۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك قاپقارا بۇلاق كۆزلىرىنى كۆرگەن كىشى ئىختىيارسىز كۆكتە چاقناپ تۇرغان دۇردانە يۇلتۇزلارنى ئەسلەيتتى، ھەممىشە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان مۇلايىم، ئوماق چىرايىنى كۆرگەن كىشى بىئىختىيار سۈپسۈزۈك زۇمرەت ئاسماننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى...

ئۇ سىرتقا چىقتى. مانا، راھەتبەخش سالقىن كېچە، ئاسماندا تولۇن ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئاي شۇنداق يورۇق، شۇنداق نۇرلۇق ئىدى. ئۇنىڭدىن تۆكۈلگەن نۇر بىلەن بۇنىڭغا تون چىراغلىرىنىڭ كۈمۈش رەڭ شولىسى قوشۇلۇپ، شەھەرنى يورۇق، ئازادە ۋە شادىمان ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. بايا مانا مۇشۇ يەردە سەلدەك ئېقىپ ـ لۆمشۈپ تۇرغان ئادەملەر توپى بارا ـ بارا ئازىيىپ، شالاڭلىشىپ، كەڭرى مەيدان بوشاپ قالغانىدى. ئايچېچەك سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئەمدى چوڭ يولغا بۇرۇلاي دېۋىدى، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن قۇربانوفنىڭ يۇمشاق ئاۋازى ئۇنى يولدىن توختاتتى:

— مەن سىزنى ماشىنام بىلەن ئاپىرىپ قوياي، ئايچېچەك، بۈگۈن ناھايىتى چارچىدىڭىز!

— رەھمەت جۇجالڭ، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئايچېچەك نېمىدىندۇر قىسنىغاندەك بولۇپ، — ئۆزۈم كېتىۋېرەي. . .

لېكىن قۇربانوف ئۇنى قويۇۋەتمىدى:

— تۇزۇت قىلماڭ خانقىز، مانا ماشىنىمۇ كەلدى، قېنى چىقىڭ!

سىرلىرى يالتىراپ تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك ئالىي پىكاپ غىرىلداپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. قۇربانوف پىكاپنىڭ ئالدى ئىشىكىنى ئېچىپ، ئايچېچەككە تەكەللۇپ قىلدى:

— قېنى، مەرھەمەت، بىمالال چىقىۋېرىڭ!

ئايچېچەك ئامالسىز قالدى، قۇربانوف ئۇنى يامان يەردە قىسماققا ئالغانىدى. ئۇ قورۇنۇپ ئوڭايسىزلىنىپ، ئالدى ـ ئارقىغا نەچچە قاراپ، ناھايىتى تەسلىكتە ماشىنىغا چىقتى، چىقتىيۇ ئىختىيارسىز يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ تىرەجەپ تۇرۇۋالغىنى بىر ھېسابتا توغرا ئىدى. چۈنكى، باياتىن بېرى ئۇنى كۆزىتىپ، خۇددى مەرگەندەك يوشۇرۇن نىشانغا ئېلىپ تۇرغان گۇلناز، ئۇنىڭ پىكاپقا چىقىپ، قۇربانوف بىلەن بىللە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى. ھەسەت، رەشىك ئوتى بىرلىشىپ، ئاچچىقتىن ئۇنىڭ ئۆتىنى يېرىۋەتكۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى . . .

قۇربانوف ماشىنىنىڭ ئارقىدا قاڭتىيىپ ئولتۇرۇپ، ئايچېچەكنى گەپكە سېلىشقا باشلىدى:

— شۇنداق قىلىپ بۈگۈن يولدىشىڭىز ئۆيدە يوق دەڭ، ھەي، ئىسىت! . . . سىزنىڭ بۈگۈنكىدەك خۇشال كۈنلىرىڭىزدە ئۇنىڭ بولمىغىنى يامان بوپتۇ. سىزنى ئەلۋەتتە تەبرىكلەپ، قۇتلۇقلاپ، خۇشاللىقىڭىزغا ھەمدەم بولۇشى كېرەك ئىدى ـ دە! . . .

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئايچېچەك خاتىرجەم

هالدا، ــــ يولدىن كەلگەندىن كېيىن تەبرىكلىسىمۇ ئۆلگۈرىدۇ. ئۇنىڭ، مېنىڭ كەسپىمنى سۆيۈپ، قوللىغانلىقىنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەبرىكلەش!

ــــ مۇنداق دەڭ، ــــ دېدى قۇربانوف مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، ــــ گەرچە بىرىڭلار تاغدا، بىرىڭلار باغدا بولساڭلارمۇ تۇرمۇشۇڭلار خېلى مەنىلىك ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ! قايىلمەن، قايىلمەن! لېكىن مۇنداق تۇرمۇش ھەرقانچە مەنىلىك بولسىمۇ ئۆزۈڭنىڭ سوزۇلۇپ كەتسە، ھامان بىر يەردىن دەزكەتمەي قالمايدۇ! چۈنكى ھەر ئىككىڭلار ياش ــ دە! مۇنداق بولسۇن ئايچېچەك، ــــ قۇربانوف ئەمدى قارماققا يەمچۈك ئىلىشقا باشلىدى، ــــ سىز ھازىر ئەلگە تونۇلۇۋاتقان سىز، ناخشا چولپانلىرىنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالاي دېدىڭىز، سىزنى ئاسراپ، قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى ھەل قىلمىساق بولمايدۇ. مەن ئېرىڭىزنى يۆتكەشكە ۋەدە بېرەي، قاتناش شىركىتىدىن بىزنىڭ سىستېمىغا يۆتكەپ كېلىپ، ھەمىشە سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرىدىغان بىر ئىشقا قويايلى، قانداق دەيسىز؟

ئايچېچەك بۇنىڭغا ئەلۋەتتە خۇشال ئىدى، شۇنداق بولسا، ھەقىقەتەنمۇ گۈل ئۈستىگە گۈل بولغان بولاتتى. بۇنىڭدا يالغۇز ئايچېچەكنىڭلا ئائىلە يۈكى يېنىكلەپ قالماي، بەلكى ئېرىمۇ يولنىڭ جاپا ــ مۇشەققىتىدىن، غېرىپ غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيتتى!...

ئايچېچەك تۇرۇپلا يەنە ئويلىنىپ قالدى: قۇربانوف راستىنلا شۇنداق قىلارمۇ؟ بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا بۇنداق غەمگۇزار بولۇپ قالدى؟ بۇ ئىشنىڭ كەينىدە بىرەر شۇم غەرەز بارمۇ ــ يا؟ توۋا نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ــ ھە! بىر ئادەم سەمىمىي نىيەت بىلەن ياخشىلىق قىلاي دېسە نېمە ئۈچۈن بىھۇدە گۇمانخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ساداقىتىگە، دىيانىتىگە شەك كەلتۈرىمەن؟!...

ئايچېچەك ئەنە شۇنداق گادىرماش خىياللار بىلەن قۇربانوفقا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. پەقەت قۇربانوفنىڭ ئۆزىدىن گەپ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن:

— ھەممىڭىزگە رەھمەت جۈجاڭ! — دەپ قويدى.

قوڭغۇرەڭ پىكاپ ئايچېچەكنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يولنىڭ چېتىگە كېلىپ توختىدى. ئايچېچەك پىكاپتىن ئالدىراپ چۈشتى ۋە ئۆيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ:

— رەھمەت قۇربانوف ئاكا، سىزنى ئاۋارە قىلدىم! — دېدى قىسقىلا.

— توختاڭ، ئايچېچەك، — دېدى قۇربانوف ۋە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئايچېچەككە يېقىن كەلدى، — مەن، سىزنى ئىشىكىڭىزگىچە ئاپىرىپ قوياي، ياخشى ئىش دېگەننى ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان گەپ! — قۇربانوف ئايچېچەكنى تار يولدا قولتۇقلاپ دېگۈدەك ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئايچېچەكنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— خوش ئەمىسە، ياخشى چۈش كۆرۈڭ! — دېدى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ. ئايچېچەك تېزلا قولىنى تارتىپ، رەسمىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ تەكەللۇپ قىلدى:

— ئۆيگە كىرىپ، بىرەر پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ كەتمەمسىز!

— بۈگۈنچە خوش، ئۆيىڭىزنى كۆرۈۋالدىم، — دېدى قۇربانوف ئالىجانابلىق بىلەن، — كېيىن پۇرسەت بولۇپ قالار...

ئۇلار خوشلاشتى. ئايچېچەك ئۆيگە، قۇربانوف ماشىنىغا قاراپ ماڭدى.

ئايچېچەك ئۆيگە كىرىپلا لامپۇچكىنى ياقتى، ئۆي يوپيورۇق يورۇدى. مانا، ئۇنىڭ ئىشچان ئەپلىك قولى بىلەن زامانغا لايىق، كۆركەم سەرەمجانلاشقان ئازادە، پاكىز ئۆي! ئۆيدىن ئۆزگە

تونۇش خۇش پۇراق ھىد كېلەتتى. ئۇدۇل تامنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە كۆركەم جاھازلىق، بىر ماي بوياق رەسىم ئېسىلغانىدى. «سەھرا» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ رەسىمدە، بىر نەچچە ئېغىز كېسەك ئۆي، بىر نەچچە تۇپ قارىياغاچ ۋە كەڭ كەتكەن بۇغدايلىق، ئۈستى تەرىپىدە بولسا، ئاقۇش بۇلۇت بىلەن زەڭگەر ئاسماننىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى نەپىس ھەم ئىنچىكە سىزىلغانىدى. رەسىمنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى «ئەكرەم» دېگەن ئىمزا كۆزگە ئوچۇق تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايچېچەك بۇ رەسىمنى ھەر بىر كۆرگەندە، يۈرىكى ئېچىشقاندەك بىر قىسما بولاتتى، ئۇنى قانداقتۇر بىر ئۆلمەس تۇيغۇ يوشۇرۇن ئازابلاۋاتقاندەك، قانداقتۇ بىر ئەتىۋار نەرسىسى تاسادىپىي يوقىلىپ كېتىپ تاپالمايۋاتقاندەك، بىر خىل مەۋھۇم، چۈشىنىكسىز، ئەمما ئازابلىق ھېس تۇيغۇ بىئارام قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، بىر نەچچە قېتىم بۇ رەسىمنى تامدىن ئېلىپ، كۆزدىن يىراق بىر يەرگە تىقىپ قويۇشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن، ئۇنداق قىلىشقا يەنە قولى بارمىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم مەجنۇنلارچە سۆيگەن ئاشىق يىگىتىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان بىردىنبىر يالدامىسى، تۇنجى سەبى سۆيگۈسىنىڭ ھاياتلىق نىشانى ئىدى. بۇ رەسىم ئۆزىنىڭ گۈزەل، رەڭدار، جانلىقلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمىشە ياشلىق دەۋرىنىڭ جۇشقۇن، غەمسىز دەقىقىلىرىنى، تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ پاك ۋە ئىللىقلىقىنى، تۇيۇقسىز يوقالغان بەختىنىڭ ھەسرەتلىك، ئاچچىق سېغىنىشلىرىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، بەزىدە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، «ئەكرەم، سىز ھازىر نەدە؟! سىز مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك بىر كۆرۈنۈپلا يوقالدىڭىز! لېكىن، ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان زەربىسى قاتتىق بولدى! شۇنداقمۇ تۇيۇقسىز يوقالغان بارمۇ؟! سىز بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ نەرىدە يۈرۈۋاتىسىز؟! سىزنى بىر كۆرۈپ، ئەھۋالىڭىزنى بىلسەم،

www.uyghurkitap.com

ئارمىنىم يوقتى! . . .» — دەپ ئىچ - ئىچىدىن نىدا قىلاتتى. . .

ئايچېچەك بۈگۈنمۇ ئۆيگە كىرىپلا بۇ رەسىمگە لەپپىدە بىر كۆز تاشلىدى، گويا كۆڭلىدىكى خۇشاللىقلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغاندەك، لەۋلىرىنى لىپىلدىتىپ قويدى. لېكىن يەنە شۇ ھامان خىيالى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە ئالتە يىل غەمخانە بولغان ئىللىق بۇ ئۆيدىن باشقا نەرسىلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. دەرۋەقە، بۇ قەدىناس ئۆيدە، ئۇ تۇنجى پەرزەنتى ساباھەتنى تۇغۇپ، بېقىپ بەش ياشقا كىرگۈزدى، ھازىر ئۇ، ياتاق ئۆيدە ئۆزىگە قارايدىغان گۈلسۈم ئىسىملىك ئون بەش ياشلىق قىز بىلەن بىللە تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. بۇ غەمخانە ئايچېچەككە ھازىرغىچە سۆيگۈ، مۇھەببەت بىلەن بەخت - ھالاۋەت كەلتۈردى. ئېرى ھەپتە، ئون كۈندە بىرەر قېتىم مېھماندەك كېلەتتى. ھەر كەلگەندە مۇھەببەتنى، سېغىنىشنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈپ، بۇ ئاددىي ئۆيگە ھاياتنىڭ چەكسىز لەززىتىنى ئەكېلەتتى، كەتكەندە بولسا، سۆيگۈ رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ھىجران ئوتىنى ئۇلغايتىپ كېتەتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق سىرلىق، قىسقا دەقىقىلەر بىلەن تويدۇرماي، خۇشال - خۇرام ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. . . لېكىن ئايچېچەك بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر، بىر خىل يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلدى. ئېھتىمال، ئۇ كۆڭلىدىكى ھاياجان بىلەن خۇشاللىقلىرىنى ئېيتىدىغان سىرداش تاپالماي شۇنداق بولۇۋاتقاندۇ! ئۇ، ئىختىيارسىز قىبلە تامغا ئېسىلغان ئەينەكلىك رامكىغا قارىدى، ئۇنىڭدا ئېرى بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە يانداشىپ چۈشكە رەڭلىك سۈرىتى بار ئىدى. ئۇ، بۇندىن ئالتە يىل بۇرۇن، ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق ھەشەم، دەرەمسىز ئاددىيغىنا، ئەمما، شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بەختلىك توينىڭ خاتىرىسى ئىدى. رەسىمدە ئايچېچەك خۇددى ئاققۇ پەيلىرىدەك ئاپئاق،

يارىشملىق توي كىيىمىدە پۇتۇن بەدىنى كۈلۈپ تۇرغاندەك بەختىيارلىق ئىچىدە قىلىقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، شۇنچىلىك زىبا ۋە نازاكەتلىك ئىدى. ئۇنى قولتۇقلاپ ئوڭ يېنىدا تۇرغان ئېرىمۇ خۇشال ۋە مەغرۇر ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ئاق سېرىق يۈزى بىلەن قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدە بەخت ۋە مەستخۇشلۇقنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى قېتىپ قالغانىدى.
ئۇلارنىڭ هاياتقا تاشلىغان بىرىنچى قەدىمى ئەنە شۇ مەنزىلدىن باشلاندى. شۇندىن بېرى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان هايات يۈكىنى زىممىسىگە ئارتىپ، هەرقايسىسى ئۆز يولىدا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سۆيگۈ مۇهەببىتى، ئەقىدە، ئېتىقادى شۇنچە چىڭ ۋە كۈچلۈك بولۇشىغا قارىماي، كېتىۋاتقان مەنزىلى، بېسىۋاتقان مۇساپىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر - بىرى بىلەن كەمدىن كەم دىدارلىشىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ هال بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك چەكسىز خۇشاللىقا چۆمگەن ياكى كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولغان ۋاقىتلاردا، ئايچېچەكنى بىئارام قىلاتتى، خۇشال كۆڭلى بىردىنلا غەشلىككە تولۇپ، ئۆزىنى بەكمۇ تەنها ۋە مىسكىن سېزەتتى...
ئايچېچەك ئورۇنغا كىرىپ يېتىپمۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. بىردىنلا كۆز ئالدىدا يەنە ئېرى گەۋدىلەندى. ئېرىنىڭ يېقىملىق خۇش پىچىم چىرايى ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغاندەك، مۇسكۇللىرى يېتىشكەن بېجىرىم قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق نازۇك، سەزگۈر يەرلىرىنى سىلاپ، غىدىقلاپ ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل لەززەتلىك سىزىم تارقىغاندەك بولدى. ئۇ يۇمشاق ئورۇندا تولغاندى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا:
— نەدىسەن، سابىر! — دەپ تۇۋلىۋەتتى.

## 2

يوللار، ئىھ، يوللار! نېمىدېگەن خاسىيەتلىكسەن! سەن

بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلبى تۇتىشىدۇ، سەن بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئىستىكى قانىدۇ، سەن بىلەن ھىجران ئوتىدا كۆيگەنلەر ۋىسال تاپىدۇ، سېنىڭ چەكسىز مەنزىللىرىڭدە ھاياتلىق رىشتىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇلىنىپ، گىرەلىشىپ، مۇستەھكەملىنىدۇ! . . .

مانا شۇ ھاياتلىق رىشتىسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، سۆرەپ كېتىۋاتقان مىڭلىغان ئەزىمەتلەر ئىچىدە سابىرمۇ بار. ئۇ، ئون نەچچە يىلدىن بېرى مانا شۇ يول بىلەن، مانا شۇ ھاياتلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان ماشىنا بىلەن سىرداش! ئۇ ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدۇ، تۈگىمەس يوللار ئۇنى چېنىقتۇرغان. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى سېرىق تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئاق سېرىق يۈزى ھازىر چۆل بورىنى بىلەن پىشىپ، تاۋلىنىپ، بەئەينى يۇلغۇن رەڭگىدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ ھەمىشە سەگەكلىك بىلەن يىراققا تىكىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى خۇددى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن، كېچە - كۈندۈز تۆمۈر - تەسەك بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرىدىغان قوللىرى خۇددى چويۈندەك قېتىپ كەتكەن! بېنزىن ئورنىدا سەلەركە كۆيىدىغان سەككىز تونىلىق كېلەڭسىز ماشىنا ئۇنىڭ دوستى، «چۆل بۇقىسى» دەپ نام ئالغان بۇ ئۇلپىتى بىلەن بۇ يوللاردا ئۇ قانچە يىل، قانچە ئاي، قانچە كۈنلەرنى جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئۆتكۈزمىدى؟ قانچە - قانچىلىغان قۇتلۇق ھېيت - بايراملارنى غېرىبلىق، تەنھالىق بىلەن خىلۋەت ئۆتەڭلەردە قارشى ئالمىدى؟ ! . . . ئۇ، بۇ يوللارنىڭ تاش تۇپرىقى، گۈل - گىياھى، جان - جانىۋارلىرى بىلەن تونۇش، سىرداش! يوللارنىڭ قار - يامغۇرى، بوران - چاپقۇنى، ئىسسىق - سوغۇقلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەت! . . .

سابىر بۈگۈنمۇ جىدەللەپ ماڭدى. ئۇ قايسى بىر قونالغۇدىن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ يولغا چىققان پېتى ھازىرغىچە ناشتا -

ناھاسىز گۈرۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا مانا بۈگۈن ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇ، قىزى ساباھەتنى، مەھبۇبەسى ئايچېچەكنى بەكمۇ سېغىندى. شۇڭا ئۇ ئالدىرايتتى، ئۆزىدىنمۇ بەك يۈرىكى تەقەززا ئىدى!

يىراقتىن ئۇنىڭغا تونۇش بىر يەر كۆرۈندى. ئۇ، كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مېتىردىن ئاشمايدىغان، ئۆيلىرى قىڭغىر - سىڭغىر كىچىككىنە بىر ئۆتەڭ ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا چەكسىز كەتكەن قاقاس چۆل ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. بۇ يەردە، نە ئالىقانچىلىك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بىرەر توپ دەرەخ، نە بىر شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىلەكچىلىك ئېرىق بولسۇن! ئادەمنىڭ تاپىنى ئاستىدا داليىپ ياتقىنى ھاياتلىق تومۇرى ئۈزۈلگەن، گۈزەللىكى نابۇت قىلىنغان، تىنىقسىز، ھەرىكەتسىز كۆيۈك زېمىن ئىدى. بۇ يەردە پەقەت ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى سۈپىتىدە كۆيگەن زېمىننىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، ئۇنى ھاياتلىققا ۋە ئەبەدىي تىرىكلىككە ئۈندەۋاتقان غايەت زور كۈچ ئىككى تەرەپكە ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەشلىرى ئىدى...

بۇ يەر قىش پەسلىدە ئادەم چىدىغۇسىز سوغۇق دەھشىتىدىن گويا جاھاننىڭ جىمى جۇت - شىۋىرغىنى مۇشۇ يەردە قىشلاپ قالغاندەك بىلىنەتتى، ھاۋامۇ ئاچچىق تۈيۈلاتتى؛ يازلىقى بولسا، بۇ يەر ئوت - يالقۇن دۇنياسىغا ئايلىناتتى، قاقاس چۆل باغرىدىن يالىلداپ ئۆرۈلۈۋاتقان قىزىق ھارارەت تەپتىدىن ئادەمنىڭ تاپىنى كۆيۈپ، مېڭىسى قاينايتتى. شۇ تۈپەيلىدىن بۇ يەر ئادەم تۇرغۇسىز دەرىجىدە كۆڭۈلسىز ۋە زېرىكىشلىك!... ئەمما بۇ ئۆتەڭ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق يامان سۈپەتلىرىگە قارىماي، كۈندىلىك مېھمانلىرى بولغان ئاشۇ جاپاكەش سابىردەك شوپۇرلار ئۈچۈن، جەننەت ھۇزۇرىنى بېرىدىغان ئاۋات، ھۇزۇرلۇق جاي ئىدى.

پايانسىز دەشت - چۆلنىڭ ماڭسا - ماڭسا تۈگىمەيدىغان

ئۇزۇن يوللىرىدا ھېرىپ، ھالىدىن كەتكەن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئاغزى قۇرۇپ، ئاچلىقتىن قورسىقى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان يولۇچىلارنىڭ بۇ ئۆتەڭگە تەلمۈرمەيدىغانلىرى يوق. ئۇلار بۇ يەردە بىر چەينەك قىرتاق چاينى ئىككى يۈەنگە، بىر تەخسە تەمسىز لەغمەننى ئون يۈەنگە، بىر كىچىكلىك پاسكىنا ياتاقنى يىگىرمە يۈەنگە ئالسىمۇ، ھەرگىز زارلانمايتتى، بەلكى خۇشاللىق بىلەن رازى بولاتتى. چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداق دوزاخ سۈپەت بىر يەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاشۇنچىلىك نېمەتلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان چەكسىز ئىلتىپاتى دەپ بىلىشەتتى! . . .

سابىر ئۆتەڭگە كېلىپ توختىدى، ماشىنىدىن چۈشۈپلا سول تەرەپتىكى ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئاشخانىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان پېشايۋىنىدا يېڭى سويۇلغان قوينىڭ يېرىم يارتا گۆشى ئېسىلغانىدى. ئاشخانىدىن چۆمۈچ ـ ساپىلىقلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى بىلەن بىر نەچچە خېرىدارنىڭ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىرى ۋە ئۈنئالغۇدىن قايسىبىر نا ئۇستا ناخشىچىنىڭ خۇددى ياغسىراپ كەتكەن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلاشلىرىغا ئوخشاش ئېزىلەڭگۈ، زەئىپ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سابىر ئاشخانىغا بېشىنى تىقتى، شۇ ھامان ياش بىر بالىنىڭ ئۈنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى خۇددى پىلىموتنىڭ ئوقىدەك ياڭراپ كەتتى:

— كەلسىلە مېھمان، كەلسىلە! نېمە يېسىلە شۇ بار: لەغمەن، سومەن، چۆچۈرە، مانتا! ھەي. . . مېھمانغا قارايلى، مانا ـ مانا، چاي كەتتى، چاي! . . .

سابىر ئاشخانىغا كىرىپ تۆت تەرىپىگە قارىدى، ئادەم كۆپ ئىدى. تام يېنىغا قويۇلغان يۇملاق شىرەدە ئۈچ ئادەم ھاراق ئىچىپ، ئالىتاغىل سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئاچچىق تاماكىنى شۇنداق كۆپ چەككەن ئىدىكى، باشلىرى ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com

قىلىن بىر قەۋەت تاماكا ئىسى لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇلاردىن بەش قەدەم نېرىدىكى بىر شىرەدە، بوي ـ بەستى كېلىشكەن، قاپلان باش، تەمبەل بىر يىگىت ئۆزى يالغۇز پىۋا ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن كۆك مايكىسىدىن بېجىرىم بۇلجۇڭلىرى بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇمۇ شوپۇر بولسا كېرەك، ئېيىق تاپىنىدەك يوغان قوللىرى قوپال ۋە يىرىك كۆرۈنەتتى، قارامتۇل، گۆشلۈك يۈزى ماي ھەم مەينەت ئىدى. . .

سابىر ھېلىقى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىدىن يانداپ ئۆتۈپ، بۇلۇڭدىكى بوش بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۆزلىرى نېمە يەيلىكىن، مېھمان؟ — سورىدى ياش چوكان جامبا بىلەن شىرەنى سۈرتۈۋېتىپ. ئۇنىڭ تار، نېپىز كوڭلىكى ئىچىدە باغىرداقسىز سېمىز ئەمچىكى لىغىرلاپ تۇراتتى.

— بىر تەخسە لەغمەن، — دېدى سابىر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

— خوپ، مانا ھازىر. . .

چوكان ئىچكىرى كىرىپ كەتتى، سابىر ئالدىدىكى چەينەكتىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ بىر ئوتلام سۈمۈردى، سۈمۈردىيۇ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تەسلىكتە يۇتتى. چۈنكى چاينىڭ تىنۋى كەتكەن، تۇزلۇق ھەم ئىلمان ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى شۇنداق: ئۇنىڭدىن چۆل ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئاچلىقنى بېسىش ئۈچۈن، ھەرقانچە قىينالسىمۇ ئۇنى يېمەي، ئىچمەي چارە يوق!

سابىر تەشنالىقنى بېسىش ئۈچۈن، چايدىن بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئۇچەيلەننىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا قۇلاق سالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ

چىراي ـ شەكلى، ياش قۇرامى، تەقى ـ تۇرقىدىن كۆرە، ئۆز قىسمەتلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان پاراڭلىرى تارتىملىق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇز، ئوتتۇز بەش ياشلار ئەتراپىدىكى گەپدان، قارام، ئۇچار قانات يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان جاغال كۆز، سول بارمىقىغا قۇيما ئالتۇن ئۈزۈك سالغان، مەيدىسى يۇڭلۇق، دوغىلاق بىرى يېقىندا ئۇرۇمچىگە يۆتكىگەن بىر ماشىنا تېرىنى ئىچكىرىگە قانداق ئاپارغانلىقى، ئۇ يەردە پېيىگە چۈشكەن بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن باجگىرلارنى قانداق ئەپلىگەنلىكى، بىر ماشىنا تېرىدىن قانچىلىك پايدا ئالغانلىقى، بۇ ئىشتا ئۆزى ياللىغان شوپۇرنىڭ قانداق جان پىدالىق كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا ماختىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئىزاق بولۇپ، بىر يىلدىن بېرى تېرىچىلىك بىلەن بېيىۋاتقان تېرە سودىگىرى ئىدى.

— شوپۇر تونۇشمىدى ساڭا؟ — سورىدى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇق، ئۇزۇنتۇرا كەلگەن بىرى.

— ماڭا تونۇش ئەمەس، پۇلۇمغا تونۇش! — دېدى ئىزاق تېخىمۇ كۆرەڭ ئاۋازدا، — ھازىر پۇل دېگەننىڭ ئاچمايدىغان قۇلۇپى، كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق!

— ئۇنىڭسىزمۇ ھازىر شوپۇرلارنىڭ ھال كۈنى تەس! — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قارا چوقۇرى، — بىر چاغلاردا شوپۇر دېگەن ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتكەن، قىز چوڭ قىلغانلارمۇ قىزىنى شوپۇرغا بېرىشكە ئالدىرايتتى. لېكىن ھازىر شوپۇر دېگەننىڭ كاللىسىغا ئىت چىچىۋەتتى، دەڭلا! كىم بىرەر ماشىنا يۈك بەرسە، ئۇنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەشتىن يانمايدۇ!

سابىرنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، خورلۇق ۋە ھاقارەتتىن تومۇرلىرىدىكى قان شۇۋۇلداپ مېڭىسىگە ئۇرۇلدى. ئۇ شۇ تاپتا، ئاۋۇ قارا چوقۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ شۇم ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ

تۇراتتى. ئۇ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن قولىدىكى تاماكىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق شورىدى ۋە ئۆپكىسى پۇۋلەپ قېقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان «قاپلان باش» مۇ جۇدۇنى تۇتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بازغاندەك مۇشتىنى شىرە ئۈستىگە تىرەپ قويغانىدى.

— بازار باشقۇرغۇچىلار بىلەن باجگىرلارمۇ شۇنداق! — دېدى ئۇ زۇنتۇرا خىرقىراپ، — بىر بۇلۇڭغا تارتىپ، ئون ـ يىگىرمە تىيىنىنى سۇڭگۈتۈپ قويساڭ، ئۇ نىمىلەرنىڭمۇ كۆزى كور، قۇلىقى پاڭ بولۇپ قالىدۇ!

— خىنك!... — دەپ دىمىغىنى قاقتى تېرە سودىگىرى ئىمراق، — ئۇدۇل كەلگەنگە تىيزا سۇڭگۈتۈۋېرىدىغان ئەخمەق ئادەم يوق. پۇل تاپماق ئاسانمۇ؟ ئوقەت قىلماق ئوڭايمۇ؟! بىز پۇل دېگەننى ئوغرى كەلسە غوجام دەپ، جالاپ كەلسە خېنىم دەپ يۈرۈپ، تىيىن ـ تىيىنلاپ تاپقان! ئۇلار تاش سانىسا، تىجارەتچى دېگەن قوم سانىغۇلۇق!

— كەمەك ھەييارنىڭ ھىيلىسىنى ئىشلىتىش كېرەك، دېگىنە!

ئۇلار ھاراقتىن ئېزىلىپ، ئالىتاغىل كۇلۇشتى... شۇ چاغقىچە ئۈنئالغۇدىن بىر ئەركىشىنىڭ ئادەمنى بىزار قىلغۇچى بوغۇق، يېقىمسىز ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تېرە سودىگىرى بۇنى ئەمدى ھېس قىلغاندەك قازان بېشى تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— سارىخان ئاچا، ھوي سارىخان ئاچا دەيمەن! باشقا ياخشىراق لېنتىلار يوقمۇ؟ بۇنىڭ نەرى ناخشا! ئەسكى لاتىنى يىرتقاندا چىققان ئاۋازمۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق!

سارىخان — گېلىدىكى پوقىقى باراڭدىكى نوگايدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، غورا قاپاق، سېمىز، ئەمما ئەرلەردەك گۆس ـ گۆس دەسسەپ ماڭىدىغان، چىقىشقاق بۇ ئايال

مۇشۇ قاقاس چۆللۈكتىكى ئۆتەڭدە «سارىخان لەغمەن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ تېرە سودىگىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قازان بېشى تەرەپتىن ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ، پوقىقىنى لىغىرلىتىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن چىقىپ كەلدى.

— خوش خوجام؟ — دېدى ئۇ پۇشۇلداپ، — نېمە ئاڭلىغۇلىرى كېلىۋاتىدۇ؟

— نېمە ئاڭلايتتۇق سارىخان ئاچا، — دېدى تېرە سودىگىرى خۇشامەتكويلۇق بىلەن، — ئۆزلىرىنىڭ كۈلكە ـ نازىدەك شوخراق ناخشا ـ پاخشىلار بولسا ئاڭلىمايمىزمۇ؟

— ئوبدان غوجام، ئوبدان، سىلىگە يارايدىغان ناخشىلارمۇ چىقىپ قالار، — دېدى ئۇ ۋە ئىچكىرىگە قاراپ توۋلىدى، — ھوي ئايپاشا بالام، ھېلىقى ئون كويغا ئەكەلدۈرگەن لېنتاڭنى قويۇپ بەرگىنە بۇ غوجاملارغا!

ئايپاشا جاۋەننىڭ تارتمىلىرىنى ئاختۇرۇپ، گېزىتكە ئورالغان بىر لېنتىنى ئالدى ۋە ئۈنئالغۇغا سېلىپ كۇنۇپكىنى ئاستا بېسىپ قويدى. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۈنئالغۇدىن يۈرەكنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىنى «جىغ» قىلىپ تىترىتىپ ئۆتىدىغان نازۇك، يېقىملىق بىر ئاھاڭ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەلدى. سابىر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، چوكا تۇتقان قولى تەخسە ئۈستىدە لەيلەپ قالدى. ئاھ!... نېمىدېگەن تونۇش مۇزىكا، تونۇش ئاھاڭ ـ ھە؟! دەسلەپتە تاڭ شامىلىنىڭ تاتلىق ئەركىلەشلىرى ئىچىدىكى ئاستا، ئەمما نازاكەتلىك، سىلىق پىچىرلىشىدەك، ئاندىن قۇشلارنىڭ بىھوشلانغان چاغدىكى سىرلىق چۇرۇقلاشلىرىدەك نەپىس كۈيى ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئاشۇ يېقىملىق، ياڭراق سادالار بىلەن ئويغانغان قىزنىڭ ناخشىسى...

تاغنىڭ تەڭرىسى سەندە،
غۇرۇرۇڭ نەزمىسى مەندە.

www.uyghurkitap.com

ئەزىز يۇرتۇم، ئانا تارىم،
زېمىنىنىڭ كەڭرىسى سەندە...

ناخشا پەرزەنتكە تەشنا ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ تۇنجى قېتىم ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىدەك يېقىملىق ۋە راھەتبەخش، ۋۇجۇدى سۆيگۈ لەززىتىدىن بىھوشلىنىپ، يىگىت قۇچىقىدا ئېرىپ كېتىۋاتقان بەختلىك قىزنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرىدەك تاتلىق ۋە جاراڭلىق ئىدى...

سىياقىڭ مىسلىدۇر جەننەت،
چىرايىڭ تاڭ بىلەن رەڭداش.
جاھان رەنالىرى ئىچرە
تېپىلمايدۇ ساڭا تەڭداش...

ئاشخانا ئىچى گويا تىمتاسلىق ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك سۈكۈتكە چۆمدى. ناخشىچىنىڭ ئاۋازىدىكى بۇلبۇلنىڭكىدەك خۇش ناۋا، ناخشا مېلودىيىسىدىكى ئاتەش كەبى جەزبىدارلىق گويا پەرشتىنىڭ نۇرلۇق جامالىدەك ئەتراپتىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئۆزگە ئەسىر قىلغان، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن زېمىنىنىڭ تىنىقلىرى ئۆچۈپ، يەر گويا ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك ئىدى...

ئاھ، ناخشا! ئېيتقىنا، يۈرىكى سوقۇپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان خەلق سېنىڭسىز ياشىيالامدۇ؟! ئۇلار بۆشۈكىدە تۇرۇپلا «ئەللەي ناخشا» لىرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى، ئايىغى چىقىپلا خامان ناخشىلىرىنى توۋلاشنى ئۆگەنگەن! ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغان ناتىۋان ھاياتى مانا شۇ ناخشا ـ غەزەل بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر مەنەگە ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان. ئۇلار قەلبىدىكى

گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، شادلىقى بىلەن قايغۇسىنى، ئۆتمۈشى بىلەن كېلەچىكىنى، مۇھەببىتى بىلەن نەپرىتىنى ئەنە شۇ ناخشا ـ غەزەللەر ئارقىلىق ئىزھار قىلغان! ناخشا ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى، جېنى ۋە پەخرى! . . . ناخشا ـ غەزەلنىڭ پىر ـ ئۇستازى پىرچەڭگىمۇ ئۆز ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ شاد ـ خۇراملىقى ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ ئۆتكۈزگەچكە، خۇدامۇ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا مىڭ يىلدىن كۆپرەك ئۆمۈر ئاتا قىلغان ئەمەسمۇ؟! . . .

ناخشا بىلەن تەڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئوخچۇپ، تومۇرلىرىنى بويلاپ تاراۋاتقان شېرىن بىر سەزگۈ ئولتۇرغانلارنىڭ كۈچلۈك ئىچملىك بىلەن گاراڭلاشقان نېرۋىلىرىنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى. قارا چوقۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بوتۇلكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ:

— پاھ! . . . پاھ! . . . ئەمدى ئىچىدىغان يېرىگە كەپ قالدى، ئاغىنىلەر! — دېدى ھاياجانلانغان ۋە ھاياجىنىدىن ئورا كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن ھالدا، — مۇشۇ ناخشا ئۈچۈن! . . . بۇ ناخشىنى ئېيتقان ناخشىچى ئۈچۈن ئىچەيلى!

— ھەي، بىر دەم قىسىپ ئولتۇرغىنا، — دېدى تېرە سودىگىرى چالۋاقاپ، — ناخشىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىۋالايلى!

ناخشا گاھىدا تاغ شارقىراتمىسىنىڭ گۈلدۈرلىشىدەك مەغرۇر ۋە ياڭراق، گاھىدا بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىرقىرىشىدەك نەپىس ۋە مۇڭلۇق ناۋا ئىچىدە داۋام قىلماقتا:

ئايغا كۈن يولداش بولۇر،
چولپانغا ئاي سىرداش بولۇر.
گۈل كۈلۈپ تەلپۈنمىسە،
بۇلبۇل نېچۈك مۇڭداش بولۇر.

— ئاھ! . . . ئوت ـ ئوت! — قارا چوقۇر مەيدىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇۋۇلاپ، ئەسەبى لەززەت ئىچىدە ئىككى يېنىغا تەۋرىنىشكە باشلىدى.

كەپىتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، جاۋغايلىرىدىن شالىسى ئېقىپ قالغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز بۇلۇڭدىكى شىرەدە تاماق يېيىشتىن توختاپ، قولىقىنى ئۇنىئالغۇغا دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان سابىرنى كۆرۈپ كالچايدى:

— قاراڭلار... ئاۋۇ بۇرادەرمۇ ناخشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ! — ئولتۇرغانلار سابىرغا بۇرۇلۇپ قاراشتى، ئىرە سودىگىرى چاقچاق قىلدى:

— چوكىسىغا قارىماسىلەر، لەغمەندە ئۇخلاپ قاپتۇ...

— ها... ها... ها...

ئىزاق ئىككى يانغا چايقىلىپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ لىق هاراق توشقۇزۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ سابىرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— شوپۇرمىسىز، ئاغىنە؟ — دېدى ئۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان هېقىقتىن سىلكىنىپ، — تونۇشۇپ قويايلى، قانداق دەيسىز؟ بىر كۇنلەردە بىر - بىرىمىزگە ئەسقىتىپ قالامدۇق تېخى!... قېنى گۇپلا كۆتۈرۈۋېتىڭ، — سابىر ئىرە سودىگىرىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى.

— رەھمەت... يول ئۇستىدە هاراق ئىچمەيمەن! — دېدى ئۇ، ئاغزىغا بىر چوكا ئاش سېلىۋېتىپ.

— تۇزۇت قىلماڭ دەيمەن! — ئىزاق كانىدەك چاپلاشتى، — ناخشىنىڭ خۇشاللىقىدا ئالدىڭىزغا كەپقاپتىمەن، ئاشۇنداق شېرىن، يېقىملىق ئاۋاز ئۇچۇن مۇشۇ بىرلا رومكىنى ئىچىۋېتىڭ!

— خىجىل قىلماڭ بۇرادەر! — دېدى سابىر ئۇززرە ئېيتىپ، — يول ئۇستىدە هاراق ئىچىش قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ!

— ۋاھ... خىلاپ دەڭ! — دېدى ئىزاق مەسخىرىلىك

كۈلۈپ، — جان شۈنچىلىك دەڭا، شۈنچىلىك!...

نەپسى ئىمزا تارتقان تېرە سودىگىرى قولىدىكى پىيالىنى ئەمدى ئۇ چەتتە ئولتۇرغان ھېلىقى «قاپلان باش» قا دوملاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— سىزچۇ ئاغىنە، ۋاقتىدا كۆتۈرۈۋېتەمسىز ياكى سىزمۇ ھاراق ئىچىشتىن قالغانمۇ؟ — «قاپلان باش» كۈلۈپ تۇرۇپ زەردە قىلدى:

— ئۆزىڭىز ئىچەلمىگەن ھاراقنى نېمانچە بازارغا سالىسىز؟ جانغا تۇشلۇق ئىش قىلىڭ!...

تېرە سودىگىرى بۇنىڭدىنمۇ دەككىسىنى يەپ سالپايدى، پىيالىدىكى ھاراقنى قېيدىغاندەك يەرگە چېچىۋېتىپ، سەنتۈرۈلۈپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ناخشا ئەمدىكى ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ تەڭكەشلىكىدە شوخ، يېنىك رېتىمغا ئۆزگەردى، تېكىستلارمۇ ياشلىق، سۆيگۈ، ۋاپا توغرىسىدىكى مۇھەببەتلىك بېيىتلار ئىدى:

كۆڭلۈمدە يارىم قالدىڭىز،
جېنىمنى يارىم ئالدىڭىز.
بىر پىيالە چاي قۇيۇپ،
سەۋداغا يارىم سالدىڭىز!...

— ۋاھ - ۋاھ!... ياشاپ كەت! ئادەم ئەمەس بۇلبۇلگويا ئىكەنغۇ بۇ؟! — دېدى قارا چوقۇر ھاياجاندىن يەلكىلىرىنى تىنىمسىز لىكىلدىتىپ، — كاساپەت قايسى ناخشىچى بولغىيدى؟

بۇ سوئال ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھەر كىم ئۆزى بىلگەن ناخشىچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا باشلىدى:

— ھېلىقى ناخشىسى بىلەن تەڭ تولغىنىپ پىرقىرايدىغان زىننەت!

— ياق ئەمەس، مېنىڭچە، ھېلىقى «يۈرىكىمنىڭ تېگى سەندە» — دېگەن ناخشىنى ئېيتىدىغان باھارگۈل!

— ئۇمۇ ئەمەس، مەن سىلىگە دېسەم، ھېلىقى «جىنىم جورام» نى ئېيتىدىغان قەمبەر قىزنىڭ ئۆزى شۇ!

— ئەمەس، ئەمەس، مېنىڭچە، تىللا. . .

— مېنىڭچە، ئالتۇن. . .

خېلىدىن بېرى ئۇلپەتلىرىنىڭ تالاش - تارتىشىغا ئىرەن قىلماي، ئۆزىچە غادىيىپ ئولتۇرغان تېرە سودىگىرى ئىزاق بىردىنلا ئۇلارنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى:

— بولدى تالاشماڭلار، ھەممىڭلار دىتسىز، دۆت ئىكەنسىلەر! شۇنىمۇ بىلمەمدۇ، كىشى! — ئۇ، بىر تال تاماكىنى يېنىچە چىشلەپ، ھەدەپ سەرەڭگە چاقاتتى، لېكىن قوللىرى قولاشماي، سەرەڭگە تاللىرى پىرىلداپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشەتتى، ئەتراپتىكىلەر تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئۇ تاماكىسىنى تەستە تۇتاشتۇرۇپ، ئالدىرىماي بىر - ئىككى شورىدى - دە، ئىنتايىن مۇھىم بىر خەۋەرنى جاكارلاۋاتقاندەك تەنتەنە بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ ئىسمى ئايچېچەك!

— ئايچېچەك؟ — قارا چوقۇر ئەجەبلەنگەندەك تېرە سودىگىرىگە قارىدى، — ھېچ ئاڭلىمىغانىلا ئىسمىكەنغۇ بۇ؟

— سېنىڭ قۇلىقىڭغا جىگدە - قاقىنىڭ ئىسمىدىن باشقا نەرسە كىرمەيدىغان تۇرسا، بۇنداق چىرايلىق، داڭدار ئىسىملارنى نەدىن بىلەتتىڭ؟! — دېدى ئىزاق تەنە بىلەن، — ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئەمدى ئاڭلاپ قوي، ئۇ يېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىۋاتقان ناخشا چولپىنى!

— كاساپەت. . . راستىنلا قالتىس ئېيتىدىكەن، ئاۋاز دېگەنمۇ شۇنداق تاتلىق، يېقىملىق بولارمۇ؟ — دېدى ئۇزۇنتۇرا زوقلىنىپ، — ئېرى بار بولغىيمىدى ئۇنىڭ؟

— بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟ — قارا چوقۇر قىزغانغاندەك سورىدى.

— ھى. . . ھى. . . ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلاتتىم - دە! . . . ئۇنىڭ مۇشۇ ناخشىسى ئۇچۇنلا ئالدىدا جان

بىرىشكە رازى ئىدىم. . . .

— ۋاھ! . . . سەنمۇ تېخى؟! — تېرە سودىگىرى زەھەرخەندىلىك بىلەن كالچىيىپ كۈلدى، — ئاغزىڭنى تاتلىق ئەتمە، كېچىكىپ قالدىڭ! . . .

— بۇ گەپچە سەن ئىسىندەككە كەلتۈرۈۋالغان ئوخشىمامسەن؟! — تېرە سودىگىرى ئۆزىچە كۈلۈپ، كېرىلىپ، خۇددى چوڭ بىر غەلىبىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك كۆرەڭلىك بىلەن ئارقىغا قاڭتايدى.

— سەن پو ئېتىۋاتىسەن، داغۋازلىق قىلىۋاتىسەن! — دېدى ئۇزۇنتۇرا قىزغانغاندەك، ئۆڭۈپ، تاتىرىپ، — ئۇ كىم؟ سەن كىم؟ سەن بولساڭ ناھايىتى بىر سېسىق تېرىچى، ئۇ دېگەن ئارتىس، ناخشا چولپىنى!

— بىراق، سەنمۇ بىلىپ قوي مەينەت پوكانچى، ئۇ، ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئادەم! ئادەمگە نېمە كېرەك، بىلەمسەن؟ سەندەك ئۆلۈمتۈكنىڭ كېرەكسىز جېنى ئەمەس، ماڭا ئوخشاش سېسىق تېرىچىنىڭ تاراقلاپ تۇرغان مۇنەك - مۇنەك پۇلى!

— راست، ئادەمگە پۇل كېرەك، — دېدى قارا چوقۇر، — پۇل بىلەن شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلىپ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئايچېچەكنى بەرگىدىن ئۈزۈۋالدىم دېگىنە. . . ھا. . . ھا. . . ھا. . . مانا قىزىق ھېكايە. . .

تېرە سودىگىرىنىڭ قارامتۇل، خۇنۇك چىرايىدا بىردىنلا ماختانچاقلىقنىڭ قىزغۇچ شولىسى ئەلەڭلەپ كەتتى.

— راست دېدىڭ، قىزىق ھېكايە. . . ، — دېدى ئۇ يوغلۇق مەيدىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئايچېچەكنى دەسلەپ سەھنىدە كۆردۈم، كېيىن پېيىغا چۈشتۈم، تونۇشۇش ناھايىتى تەسكە توختىدى، بەئەينى ئاسماندىكى ئاينى ئۈزگەندەكلا ئىش بولدى. پۇل دېگەن نەرسە ئاغىنىلەر، يامان جۇمۇ، خىزىرنىمۇ يولدىن چىقىرالايدۇ. دەسلەپ ئۇ، نازلىنىپ ئۆزىنى چەتكە تارتىۋىدى،

لېكىن تاراقشىپ تۇرغان تىيزىلار ئۇنى خۇددى ماگنىستقا تارتىلغان تۆمۈردەك ئاكاڭلارغا چاپلاپ قويدى، ئىش قىلىپ، بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتىمىز. ھەيرانمەن، ئۇنىڭ ئاغزىدا ھەمىشە تۈگىمەس ناۋات باردەك، قىلغان گەپلىرى، ئوقۇغان ناخشىلىرى شۇنداق شېرىن، شۇنداق تاتلىق دېسە! — ئىزاق تاڭلىيىنى چەكتى، كۆزلىرىنى قىسىپ جىم بولدى، ئەپتىدىن شېرىن ئەسلىمىلەر ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك بىھوش كۆرۈنەتتى.

— ھە... ئاندىن... ئاندىن كېيىنچۇ؟ — دېدى قارا چوقۇر شۆلگىيىنى غورت قىلىپ يۇتۇپ. ئۇلار ئۇنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالغانىدى.

— قالغىنىنى سوراپ نېمە قىلىسەن، ئەخمەق! ئېپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقمامدۇ! — دېدى تېرە سودىگىرى سىرلىق كۈلۈپ، — شەھەرنىڭ خىلۋەت كوچىسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق، كۈندە بەزمە، كۈندە ناخشا... ئويىنىدۇق، كۈلدۇق، شۇ!

— پاھ، ياشاپ كەت! — دېدى قارا چوقۇر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ، — سەن بولساڭمۇ جاھاننىڭ پەيزىنى سۇر! ئۇ چىرايلىقمىكەن، ناخشىسىغا ئوخشامدىكەن؟

— نېمىسىنى دەيسەن ئاداش! — تېرە سودىگىرى ئاغزىنى چاكىلداتتى، — كاساپەتتىكى قاش - كۆز، ئەمچەك، ساغرا! پاھ... پاھ... ئايال زاتىدا ئاز تېپىلىدۇ، بۇلاقتەك كۆزلىرىگە تىكىلىپ، قاراشقا ئەيمىنىسەن! ساغرىسى دېگەن قازاق قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك لىغىرلايدۇ، پۈتۈن بەدىنى ئاق ئۆپكىدەك مىق - مىق... لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى نۇقۇتتەك بىر تال مەڭ كاساپەتنىڭ چىرايلىق يۈزىگە ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ئالماس كۆزىدەك ياراشقان - دە! ھاي، ھاي، ھاي «چىراي كۆيدۈرەر، خۇلق سۆيدۈرەر» دېگەن راست ئىكەن! ئۇنىڭدا جاننى ئالىدىغان چىرايمۇ، جانغا - جان قوشىدىغان خۇلقمۇ بار، دەڭلا!

— شۇنداق قىلىپ بىر بۇلبۇلگويا بىلەن

چىقىشىپ قاپسەن - دە! — دېدى ئۆزۈنتۇرا ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ.

— چىقىشىپ قالدىڭ دېگىنىڭ نېمىسى؟! — ئىزاق تېخىمۇ قىزىپ زەي سالماي ئېيتىشقا باشلىدى، — ئامراقلىقىدىن مېنى كۆرسە قوقۇناقلىرىغا ئوت تۇتىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ! مەندەك كېلىشكەن، پۇلدار يىگىتنى تاپسا، خوتۇن خەق دېگەن باراڭغا ياماشقان هەشقىپىچەكتەك يۆگىشىپ ئالامدا!

— هەي، ئۇنىڭ ئېرى يوقمىكەن، كېلىشكەن يىگىت؟ — سورىدى قاراچوقۇر زىغىرلاپ.

— بار يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن، — دېدى ئىزاق قارىسىغىلا، — ئەتىدىن كەچكىچە يىغىن، هۆججەت، دوكلات دېگەنلەردىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان كالتە - كۆسەي بىر باشلىق ئىكەن...

— سايىدە ئۆسكەن قوناق شېخىدەك بىر نېمە دېگىنە! يىل بويى ئاپتاپ كۆرمەي، زەي ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان ئۇنداق نېمىلەرنىڭ هېكىم پەيپەيزىدىن نېمە پەرقى! — دېدى ئۆزۈنتۇرا ئۆزىچە ماختىنىپ، — ئايال دېگەن مانا بىزگە ئوخشاش يىلىكى تولغان پوكانچىلارغا ئامراق كېلىدۇ!...

تېرە سودىگىرىنىڭ ئۆزىچە ماختىنىپ، لاپ ئۇرۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، ۋالاقشىپ سۆزلىشى سابىرنىڭ قاتتىق جېنىغا تەگدى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلدى. هەمىشە قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان ساغلام چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ، تېرە سودىگىرىنىڭ هاراق ئىچىۋېلىپ، قىپقىزىل يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى، يېنىدىكى ئۈلپەتلىرىگە قەستەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ماختىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان هاياسىز، نائەهلى گەپلەر ئۆز خوتۇنىنىڭ ئىسمى بىلەن باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلىك غۇرۇرى زەخمە يەپ، خورلۇق هېس قىلدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان ئەسەبىي بىر كۈچنىڭ زەربىدىن، يۈرىكىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقانلىقىنى،

بەدىنىنىڭمۇ سىزىلەرلىك تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، شۇ تاپتا، تېرە سودىگىرىنىڭ ئالدىغا يىلپىزدەك ئېتىلىپ بېرىپ ياقىسىدىن ئېلىشقا، ئايچېچەكنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى چېتىلىپ تارتقان ئاشۇ بالا تەگكۈر ئاغزىنى قان قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇ، دەس ئورنىدىن تۇردى، تېرە سودىگىرىنىڭ راسا بىر ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. لېكىن، شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. بىر چەتتە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان ھېلىقى «قاپلان باش» يىگىت لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگىنىچە تېرە سودىگىرىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىدىن ئىزاقىنىڭ دەسلەپ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، ئاغزىمۇ گەپكە كەلمەي قالدى. كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، يېنىدىكى ئۇلپەتلىرىگە قاراپ، كۆڭلىنى توختاتتى.

— سەن يالغانچى ئەبلەخ، كىمگە بوھتان قىلىۋاتىسەن؟! — دەپ گۈركىرىدى «قاپلان باش»، — ساڭا ئوخشاش تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ، ۋىجدانى سويۇلۇپ كەتكەن قىزىل كۆزلەرنىڭ دەستىدىن بىزنىڭ ئارتىسلىرىمىزغا كۈن يوقما؟!

— پاھ، گەپنى مەن قىلسام ساڭا نېمە دەز كەتتى، ئاغىنە؟! — دېدى ئىزاق جان ئاچچىقىدا ھىجىيىپ، — ئاغزىڭ نېمانداق يامان سېنىڭ؟ ئاناڭ كىچىككىڭدە يۇندا بىلەن ئېغىزلاندۇرغانمۇ نېمە؟! ياقامنى قويۇۋەت، بۇنچىلىك ئۆپكە قاققىنىڭغا قارىغاندا، ئايچېچەك سېنىڭ بىرەر نەرسەڭ بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

— ئاغزىڭنى يۇم سېسىق تېرىچى! — دېدى «قاپلان باش» ئىچىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ، — ئۇ، مېنىڭ ھېچ نەرسەم ئەمەس، تېخى دىدارىنىمۇ كۆرۈپ باققىنىم يوق، لېكىن شۇنى بىلىپ قويكى، ئۇ ھەممىمىزنىڭ سىڭلىسى، ھەممىمىزنىڭ ناخشىچىسى، ھەممىمىزنىڭ پەخرى!

— پاھ، ئاغىنە! قاتتىق ناخشا پەرۋەر، ئايال پەرۋەر ئىكەنسەن جۇمۇ! — دېدى ئىمزاق مەسخىرىۋازلىق بىلەن كۈلۈپ، — لېكىن سەنمۇ شۇنى بىلىپ قوي، ئايال بىلەن ئويناش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى، ئەگەر سەنمۇ ئەركەك بولساڭ، بۇنىڭغا كۆزۈڭ قىزارمىسۇن!...

تېرە سودىگىرىنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى، چىكىسىگە تۈيۈقسىز تەگكەن بازغاندەك مۇشت زەربىدىن ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى. ئەمما، ئۇ شۇ ھامان مەستلىكتىن سەگىپ، يورژۇندەك قاڭقىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يەڭلىرىنى شىمايلاپ:

— پاھ، قالتىسقۇ سەن! ھارام ئۆلگۈڭ كەپتۇ - دە، بۇگۈن! — دېدى ۋە چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ھەمراھلىرىغا تىكىپ ۋارقىرىدى، — كېلىڭلار بۇ پور كۆتەكنى ئازراق سەگىتىپ قويايلى!

ئۇ بىرىنچى بولۇپ «قاپلان باش» قا تاشلاندى. ئۇنىڭ مۇشت ۋە پەشۋىرى «قاپلان باش» نىڭ باش كۆزىدە چاقماقتەك ئۇچاتتى، ئەتراپتىكىلەرمۇ ئىسنى يىغىشىپ، «قاپلان باش» قا تۇشمۇ - تۇشتىن ئېتىلىشتى... سابىر باياتىن بېرى تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالغانىدى، ئۆزى ئۇچۇن تۈيۈقسىز مەيدانغا چۈشكەن خالىس يىگىتنىڭ بايىقى گەپ - سۆزلىرى ئۇنىڭ قورساق كۆپۈكىنى خېلىلا بوشاتقان، تېرە سودىگىرىگە بولغان قاتتىق غەزىپىنىمۇ بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، رەقىپلەر بىلەن يەككە - يېگانە ئېلىشىۋاتقان «قاپلان باش» قا ھەمدەم بولۇپ، ھېلىھەم بولسىمۇ، يالغانچى كاززاپلارنىڭ راسا بىر ئاللا تووۋىسىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ھازىرلىنىپ تۇرغاندا، «قاپلان باش» تېرە سودىگىرى باشلىق ئۇچەيلەننى ھەش - پەش دېگۈچە ئۇرۇپ چەيلەپ يانتۇزۇپ قويدى. ئۇلار ئەمدى ئىنجىقلاپ، ئۇھ تارتىپ، شۇمشەرەپ قېلىشتى، تېرە سودىگىرىمۇ سۇنغان ئىككى چىشىنى ئالىقىنىدا سىقىمداپ، بىر

شىرەنىڭ ئاستىدا ئىنجىقلاپ ياتاتتى، «قاپلان باش» ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تەھدىت ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— بىلىپ قوي سېسىق تېرىچى! بۇندىن كېيىن يەنە ئاشۇنداق يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئاجىزلارغا بوھتان چاپلايدىغان بولساڭ، مەندىن قۇتۇلالمايسەن! سەن بۈگۈن قاراپ تۇرۇپ، ئايچىچەكنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى تۆكتۈڭ! ناخشىسىنى ئاڭلىدىڭ، ماختىدىڭ؛ لېكىن ئۆزىنى يەرگە ئۇردۇڭ! ئۇنى كىم بىلمەيدۇ، يېقىندا بىر ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا يوغان رەڭلىك رەسىمىنى باستى، لېكىن سەن ئۇنى پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتتىڭ! . . .

— ئەمدى ئاداش، گەپتە پاس چىقىپ قالدى . . . ئوغۇل بالىچىلىقتا . . . — دېدى ئىزاق ياۋاشلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئاز - تولا پو ئېتىپ ئۆز كۆڭلىمىزنى ئۆزىمىز خوش قىلىپ قويدۇق. بولمىسا بۇ كوھقاپنىڭ يولىنى قانداق تۈگىتىمىز دەڭا! . . .

«سارىخان لەغمەن» نىڭ ئاشخانىسىدىكى كۈتۈلمىگەن ماجىرا، قانداق تۇيۇقسىز باشلانغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز بېسىقتى. «قاپلان باش» ئۆزى يېگەن تاماق بىلەن بايا جېدەل - ماجىرا ۋاقتىدا سۇنغان بىرنەچچە قاچا - قۇچىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. تېرە سودىگىرى بىلەن قارا چوقۇر بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىپ، قاقشاپ قىلىشتى. ئەمدى سابىرمۇ ئۇزاق ئولتۇرمىدى، چاپىنىنى يەلكىسىگە غېرىبچە تاشلاپ ئاشخانىدىن چىقتى. يەنە شۇ يول، يەنە شۇ ماشىنا . . .

سابىرنىڭ ئالدىدا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن پايانسىز چۆل - دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى، ھازىر بۇ يەرگە يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى بىلەن، ئادەمسىز، گىياھسىز تەنھالىق ھۆكۈمران ئىدى. ماشىنىلارنىڭ شۇنچە كۈچلۈك

گۆركىرىگەن ئاۋازىمۇ ئانچە يىراققا بارمايلا خۇددى چۆلنىڭ هارارەتلىك زەررىچىلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەندەك غايىپ بولاتتى. . .

شۇ تاپتا سابىرنىڭ كۆڭلىمۇ خۇددى تۈن يۇتۇپ كەتكەن چۆلدەك، غەشلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تولغانىدى. بايا شۇنچە ئىشتىها بىلەن بۇيرۇتقان ئاش شىرەدە ئۆز پېتىچە قالدى، ئۇ هازىر قورسىقىنىڭ ئېچىشىنى، ۋۇجۇدىدىكى ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ماغدۇرسىزلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە هېلىدىن ـ هېلىغا تېرە سودىگىرىنىڭ يالغاندىن لاپ ئۇرۇشلىرى، هاياسىز سۆزلىرى تەكرارلانماقتا. ئۇنىڭ قەلبى يەنە بىردىنلا تېرە سودىگىرىگە بولغان غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆرتەندى، ئۆرتىنىش كۈچەيگەنسېرى ۋۇجۇدىدا غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكتىنمۇ بەتتەر بىر خىل ۋەهشى، يۈرەككە ئوقيادەك سانجىلىدىغان، ئىنسان چىدىغۇسىز ئازابلىق بىر تۇيغۇنىڭ يىلاندەك لۆمۈلدەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بۇنى ئەلۋەتتە رەشىك دېيەلمەيتتى، ياق! ئۇنداق دېيىش ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن ئېغىر. بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەرلىك غۇرۇر، نومۇسىنى ئۆز قولى بىلەن دەپسەندە قىلغانغا تەڭ، كېچە ـ كۈندۈز ئېتىقاد قىلىدىغان، پاك ۋاپادار مەئبۇدىگە ئۆز قولى بىلەن نىجاسەت چاپلىغانلىق بىلەن باراۋەر! ئۇنداق بولسا، شۇنچە ياۋاش، كەمسۆز بىر يىگىتنى بىردىنلا غالجىرلاشقان ياردار شىرغا ئايلاندۇرۇپ، تېرە سودىگىرىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىۋېتىشكە ئۈندىگەن ئەسەبىي كۈچ نېمە؟ !

شۇ چاغدا، سابىرنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە بىر كۆڭۈلسىز ۋەقە كەلدى: ئۆتكەن يىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئايچېچەك ئۆزلىرى قويىدىغان ئويۇننىڭ بېلىتىدىن بىرنى ئەكېلىپ سابىرنىمۇ تەكلىپ قىلدى. ئۇ، ئويۇنغا كىردى. ئايچېچەك ناخشا ئېيتتى، قىزغىن ئالقىشلار ئىچىدە قايتا ـ قايتا سەھنىگە چىقتى،

سابىرنىڭمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئايالىغا زوقى كەلدى. لېكىن شۇ چاغدا، سابىرنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى بالىنىڭ ئەدەپسىز، بىزەپ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋەتتى.

— ئايچېچەك دېگىنىڭ ئەجەبمۇ لەۋەن جومباق ئىكەن، بىر كويغا بىرنى سۆيۈپ قويسا قىممەت دېمەيتتىم!...

— مەن ئىككى كوي بېرەتتىم، دېگىنە! بىرنى سۆيۈپ قويسا بىر ھەپتە ناشتا بولغۇدەك!...

بۇ، تېتىقسىز گەپلەرنى ئاڭلاپ، سابىرنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى، ئىختىيارسىز لېۋىنى چىشلەپ، ئويۇن تۈگىگىچە ئاران تاقەت قىلىپ ئولتۇردى. ئويۇن تۈگەپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ئاغزىڭنى چايقاپ گەپ قىلىش ھارام سۈيدۈكلەر!» دېدى ۋە بازغاندەك مۇشتىنى ئۇلارنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ تۇرۇپ ئەسكەرتتى: «كۆردۈڭمۇ بۇ مۇشتنى؟! بىرنى يېسەڭ ھەپتە نان يېيەلمەي قالىسەن، جۇمۇ! ھەتتەڭ ... مۇشت دېگەننى پارچىلاپ ئاتقىلى بولسا، ھە؟!...»

ھېلىقى ئىككى كىچىك لۈكچەك راستتىنلا قورقتى، چىرايلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، ئاخىرى يالۋۇرۇپ قۇتۇلۇشقاندى...

سابىر قاقاس چۆللۈكتىكى توسالغۇسىز يولدا ماشىنىنى تېخىمۇ تېز ھەيدىگەچ، ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى:

«ئايچېچەك!... بۈگۈن مەن ساڭا، سېنىڭ ئەدەپ ۋە ھايالىق ئېرىڭ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى نېرۋىسى كاردىن چىققان تەلۋە، كوچا لۈكچىكى سۈپىتىدە شۇنى ئېيتىمەنكى، بۈگۈن مەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىپ، ماخالىرىنى ئېزىپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىشقا تاس قالدىم، لېكىن مېنىڭ ئورنىمدا باشقا بىرى — سېنى غايىۋانە ھۆرمەت قىلىدىغان،

قوغدايدىغان نامەلۇم بىر يىگىت شۇنداق قىلدى. ئۇ، ھېلىقى ئەبلەخلەرنىڭ چىشىنى تۆكتى، باش - كۆزىنى ياردى، نېمە ئۇچۇن؟! ئۇلار سېنى ھاقارەتلىدى، ساڭا ئەڭ نومۇسسىز بوھتانلارنى چاپلىدى! مەن ھېلىقى تېرە سودىگىرىنىڭ ئەبلەخلەرچە ماختىنىپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، خۇددى بوغۇزۇمغا زەھەرلىك خەنجەر سانجىلغاندەك خېلىغىچە نەپەس ئالالماي قالدىم. ئايچېچەك، جېنىم خوتۇنۇم! ئۇلار ساڭا نېمىشقا بۇنچىلىك يالا چاپلاشقا، سېنى ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلدى؟! مەن ئەمدى چۈشەندىم، بۇنىڭ سەۋەبى بىرلا: سېنىڭ ئارتىس بولۇپ سەھنىگە چىققىنىڭ، ناخشا ئېيتقىنىڭ، ئەلگە تونۇلغىنىڭ! بولمىسا، ئۇلار سېنى نەدىن بىلەتتى؟! مەن بايا ئاشخانىدا يۈز بەرگەن ئىشتىن مۇنداق بىر رەھىمسىز پاكىتنى كۆرۈپ يەتتىم: سېنىڭ گۈزەل، لەۋەن ناخشىلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن لەززەتلەنگەن بەھرە ئالغان، شەنىڭگە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراتقان كىشىلەر ئارىسىدا، سەن بىلەن پەخىرلىنىپ، ساڭا مەدھىيە ئوقۇيدىغانلارمۇ، ئەكسىچە، ساڭا بوھتان چاپلاپ، نامىڭغا داغ تەگكۈزىدىغانلارمۇ بار ئىكەن! راستىنى ئېيتسام، ساڭا قونغان چاڭنىڭ كىچىككىنە زەررىسىمۇ، يۈرىكىمگە سانجىلغان كۆك تىكەندەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى مەن سېنى ئادەملەر ئارىسىدىكى رەزىللىكتىن خالىي، سۆيگۈ ۋە پاكلىقنى دەپسەندە قىلغۇچى قارا نىيەتلىكتىن خالىي ھۆر - پەرىلەرگە ئوخشىتىمەن! راست دېيەمەن ئامرىقىم، سەن تۇنجى ياغقان قاردەك ئاپئاق، تاڭ شەبنىمىدەك تازا، قۇياش نۇرىدەك پاكسەن! مېنىڭ ۋۇجۇدۇم سەن بەخش ئەتكەن مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ لەززىتىنىڭ تەڭداشسىز كۈچى بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. پەقەت سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بىلەنلا، ھايات، تۇرمۇش ماڭا تېخىمۇ گۈزەل ۋە مەنىلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ! مەن سېنى ماشىنامنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىرى تەگكەن ھەممە جايدا — قارلىق تاغلارنىڭ ئەگرى -

www.uyghurkitap.com

بوٗگرى سوقماقلىرىدا، قوٗياش نوٗرى تېشىپ ئوٚتەلمەيدىغان بوٗك ئورمانلىقلاردا، جەننەتتەك رەڭلىنىپ توٗرغان ئېتىز - باغلار ئارىسىدا، ئوٗزوٗندىن - ئوٗزوٗنغا سوزوٗلغان چوٚل - جەزىرىلەردە، كېچە - كوٗندوٗزدە، ھاياتنىڭ ھەر بىر سىرلىق دەقىقىلىرىدە، خوٗددى يېنىمدا، باغرىمدا توٗرغان ۋاقتىڭدىكىدەك كوٚروٗپ توٗرىمەن! قىش - ياز ئوٚكسىمەي كوٗۋەجەپ ئېقىپ توٗرىدىغان دەريا سوٗلىرىدىن ھايات بېغىمىزنىڭ يېشىللىقىنى، بەختىمىزنىڭ ئەبەدىي ۋە موٗقەددەسلىكىنى سېزىمەن! . . . لېكىن ئايچېچەك، مەن بوٗگوٗن بىر ھەقىقەتنى چوٗشىنىپ يەتتىم: ئەگەر بىز ئاشوٗ بەختىمىزنى، موٗھەببىتىمىزنى، ھاياتىمىزنى قوغدىمايدىغان، ئاسرىمايدىغان بولساق، ئوٗ، بىزنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كېتىشى موٗمكىن! ئوٗنى ئەبەدىلئەبەد ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاچقوٗچى سەندە! سېنىڭ سەھنىدىن چوٗشوٗشىڭدە! . . .»

## 3

ئوٗلار ئەتتىگەنلىك چاي داستىخىنىدا سىردىشىپ قالدى.

سابىر ئوٗلوٗشكوٗن كەچتە كەلگەنىدى. توٗنوٗگوٗندىن بېرى، كوٚڭلىدىكى گەپلەرنى قانداق ئېيتىشنى ئويلاپ يوٗرەتتى، ئەسلىدىغوٗ ئەر - خوتوٗنلار ئارىسىدا كوٚڭلىدىكى گەپلەرنى قانداق ئويلىسا، شوٗنداق ئېيتىۋېرىش ئادەتتىكى ئىش، ناھايىتى كەلسە بىرەرسىنىڭ كوٚڭلى چىگىلىدوٗ، خالاس! لېكىن بىر - بىرىنىڭ كوٚڭلىنى ئايايدىغان، ئوٚزئارا چوڭقوٗر ھوٚرمەت قىلىشىدىغان ئەر - خوتوٗنلار ئوٗچوٗن بوٗ، ئوٗنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس! ئوٗلار ھەرگىز ئالدىراڭغوٗلوٗق قىلمايدوٗ. كوٚڭلىدىكى گەپلەرنى قايتا - قايتا پىشىلدوٗروٗپ، ئوٗنىڭ ئوٗرانىغا، ۋەزنىگە ھەم تەسىرىگە دىققەت قىلىدوٗ. چوٗنكى، ۋاپادار ئەر، ناتىۋان بىر ئايال ئوٗچوٗن دوٗنيادا تېپىلماس بەخت، ئوٗنىڭ

ئايالىغا ئاتا قىلىدىغىنى تاغدەك خاتىرجەملىك ۋە ئاسماندەك ئەركىن ـ ئازادىلىك! ئالىيجاناب ھېسسىياتقا، ساپ تۇيغۇغا، يارىشملىق نازاكەتكە ئىگە بولغان ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇھەببىتى ھەرگىزمۇ كۆڭۈل ئالىلىقى بىلەن زەررىچە قوپاللىقنى كۆتۈرمەيدۇ. ئۇ، پەقەت ئەردىكى مېھىر ـ شەپقەت، ئايالدىكى سەمىمىي ـ سادىقلىق بىلەن پەرۋىش تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنىڭ بىلەنلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ. چاي داستىخىنىنىڭ شۇنداق مول بولۇشىغا قارىماي، نېمە ئۈچۈندۇر سابىرنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلدى. ئۇ قايماقلىرى لەيلەپ تۇرغان ئەتكەن چاينى بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە مالتىلاشقا باشلىدى.

— نېمە بولدى سىزگە، سابىر؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئايچېچەك، — ئىچمەي ئولتۇرسىزغۇ ياكى چاينىڭ تۇزى تېتىماپتىمۇ؟

سابىر بېشىنى كۆتۈردى، ئايچېچەككە ئۇنسىز تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تەگسىز چوڭقۇرلۇقىدا ئايچېچەككە سەۋەبى نامەلۇم بولغان بىر خىل ئىزتىراپ ۋە ناخۇشلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ، قانداقتۇر مۇھىم بىر گەپنى قىلماقچىدەك، ئەمما ئېغىزدىن چىقىرىشقا قىينىلىۋاتقاندەك، لەۋلىرىنى پۇرۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەيتتى.

— زادى نېمە بولدى، سابىر؟ — دېدى ئايچېچەك ھەم تەقەززا، ھەم تىت ـ تىت بولۇپ، سىز ھەمىشە گېپىڭىزنى ئوچۇق ئېيتماي كۆڭلۈمدىكىنى تاپ دەپ ئادەمنى قىينايسىز!...

بەزىدە ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىق، جىمغۇرلۇقمۇ ئادەمنى جىلە قىلىپ قويىدۇ. ئايچېچەك ئاخشامدىن بېرى سابىرنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر غەشلىكنىڭ بارلىقىنى سەزگەن، ئەمما ئۇنى ئۆزى ئېيتقاندا ئاڭلارمەن دەپ كوچىلاپ سورىمىغانىدى.

لېكىن سابىر ھازىرمۇ يەنە شۇ جىمغۇرلۇقى، پەرىشانلىقى ۋە كۆڭلۈمدىكىنى ئۆزۈك تاپ دەيدىغان ئېغىرلىقى بىلەن ئايچېچەكنى تىت - تىت قىلىۋاتاتتى. سابىر بولسا باشقىچە خىيالدا ئىدى. ئۇ، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئوچۇق ئېيتسام، ئايچېچەك رەنجىپ قالارمۇ، ماڭا بولغان ئىخلاسى سۇسلاپ قالارمۇ، دەيدىغان ئەندىشىلەر بىلەن قىينىلىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىم كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشتىن يانمايتتى، ئېيتمىسام ئۆمۈر بويى كۆڭۈل غەشلىكتىن، پۇشايماندىن قوتۇلالمايمەن، دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ئايچېچەكنىڭ يەنە بىر قېتىم قىيداپ قىستىشى بىلەن ئاخىر كۆڭلىدىكى گەپلەرنى چوڭقۇر ئۇھسىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— سەن . . . ئايچېچەك . . . كەسپىڭنى ئۆزگەرتىۋەتسەڭمىكىن دەيمەن! . . .

— نېمىشقا؟ ! — ئايچېچەك قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى، — ئەمدى مېنىڭ ناخشامنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، ياقەي، — سابىر ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — سېنىڭ ناخشاڭنى نېمىشقا ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن! . . . لېكىن . . .

— «لېكىن» دېسىزغۇ؟ — سورىدى ئايچېچەكمۇ، ھولۇقۇپ، — نېمىسى لېكىن؟ سىزگە زادى نېمە بولدى؟ بۈگۈن تۇيۇقسىزلا بۇ گەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىپ قالدىغۇ؟ !

— ئەمدى ئىشقىلىپ، ئايچېچەك ئارتىس بولماي ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق كەسپكە ئالماشساڭ مەيلى!

— سىز مېنىڭ ئىستىقبالىمدىن ئەنسىرەپ قالدىڭىزمۇ - يا؟ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئاچچىقالمايدۇ، دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز؟

— ئەستا . . . نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسەن ئايچېچەك!

— ئەمەسمۇ؟!

سابىر ئۈنچىقمىدى، ئۇنىڭ قاپىقىنى سىلىپ، خاموش ئولتۇرۇشى ئايچېچەكنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى.

— بىلدىم . . . سىز مېنىڭ ئىستىقبالىمغا ئىشەنمەيسىز، شۇ! — دېدى ئايچېچەك يېرىمى ئىچىلىپ بولغان چېيىنى نېرى ئىتتىرىپ، — ئۆمىكىمىزدە بۇنداق ئىشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى راست، بىر مۇنچە ئارتىسلار ئۆز رولىنى جارى قىلالماي چېنىپ قالغاندىن كېيىن، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، پىرىكازچىك، باجگىر، دۇكاندار، ساقچى بولۇپ كەتتى . . . مەندىمۇ دەسلەپ ئۆز قابىلىيىتىمگە نىسبەتەن گۇمان بار ئىدى، لېكىن بىر نەچچە يىل ئىزدىنىش، تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر ئۆزۈمنىڭ يارامىلىق بىر ناخشىچى بولۇپ چىقىشىمغا ئىشەنچىم كامىل! بۇ قېتىم تەشكىلنىڭمۇ، كومپوزىتور نۇرجان ئاكامنىڭمۇ بۇنىڭغا كۆزى يەتتى . . .

— ھەممە ئىش ئەنە شۇ يارامىلىق ناخشىچى ئىكەنلىكىڭدىن بولۇۋاتىدۇ، ئايچېچەك! — دېدى سابىر كۆڭلىدىكىنى پوسۇقىدە ئېيتىپ.

ئايچېچەك تەئەججۇپ ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئەگىم قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قاپقارا بۇلاق كۆزلىرى سوئال نەزەرىدە سابىرغا تىكىلدى.

— بولدى! ئائىلىمىزنى، بەختىمىزنى ئويلىساڭ، ناخشا ئېيتىشنى توختات، سەھنىدىن چۈش! — دېدى سابىر ئاۋازىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ. ئايچېچەكنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى:

— سابىر، سىز تېخىچە بىلمەمسىز؟! ناخشا مېنىڭ ھاياتىم، سەھنە مېنىڭ ماكانىم ئەمەسمۇ؟! سىز بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز قېنى؟! . . .

سابىرنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا يەنە ھېلىقى ئۆتەڭ، ئاشخانا

ۋە تېرە سودىگىرىنىڭ كۆرەڭ چىرايى غىل - پال پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يەنە قېنى قىزىدى، تومۇرلىرىدىكى ئەركەك قان شۇۋۇلداپ مېڭىسىگە ئۇرۇلدى.

— ۋەدەمۇ راست، ھازىرقى گېپىمۇ راست! لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ھەر چوڭ سىياسەتلىرى ئۆزگىرىدۇيۇ، مېنىڭ نېمىتى؟! — دېدى سابىر ئۆزگېپىنى يورغىلىتىپ، — بىلىپ قوي ئايچېچەك، بىز ئۆتمۈش ئۈچۈن ئەمەس، ھازىر ئۈچۈن ياشايمىز!

ئۇنىڭ تۇرۇپلا خوتۇننى كايىغىسى كەلدى، ئەمما ئايچېچەككە قاراپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىكى بىر دۇنيا مېھىر ساداقەت بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن ۋاپادارلىقنى، ناتىۋانلىقنى كۆرۈپ قاتتىق گەپ قىلىشقا ئاغزى بارماي شۈمشىيىپ قالدى...

— بىزگە يەنە كەلگۈسىمۇ كېرەك، سابىر! — ئايچېچەكنىڭ خۇشال كۆزلىرى مۆڭلىنىپ، چىرايى ئۈمچەرىدى.

— راستتىمنى ئېيتسام ئايچېچەك، مەن سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن...، — شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلىپ سابىرنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. ئۆيگە ئۆمەك باشلىقى ئىلىياس كىردى. ئۇ، ئوتتۇرا ياشلىق، گەپ - سۆزى جايىدا، تەمكىن، ھۆرمەتكە سازاۋەر كادىر ئىدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ! — دېدى سابىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلەرنى قوزغىۋەتتىم - ھە، — دېدى ئىلىياس ئوڭايسىزلانغاندەك، — ئالدىراشلا كىردىم، سىزگە بىر ئېغىزلا گەپ ئايچېچەك، بايا قۇربانوف تېلېفون بېرىپتۇ، بۈگۈن ئاخشام ھېلىقى باھالاش كومىسسىيىسىدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زىياپەت بېرىدىكەن، شۇنىڭغا سىزنىمۇ قاتناشسۇن دەيدۇ، — ئايچېچەك سەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى:

— زىياپەتنى تەشكىل نامىدىن ئۇيۇشتۇرۇپتۇمۇ؟
— ياق، قۇربانوف ئۆز نامىدىن بېرىدىكەن...
— ئەمىسە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئولتۇرۇشى ئىكەن، دەڭا، ئىلياس ئاكا! — دېدى ئايچېچەك رايى قايتىپ. ئىلياس جاۋاب بەرمىدى. ئايچېچەكنىڭ سوغۇق سوئالىدىن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. دېمىسىمۇ، بەزى باشلىقلارنىڭ ئارتىسلارنى ئويۇنچۇق قىلىۋېلىشى، بولۇپمۇ، نامى بار، ياش، چىرايلىق ئارتىسلارنى ھە دېسىلا ئويۇن، تاماشىسىغا چاقىرىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان مەنىۋى بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئىلياسنىڭمۇ جېنىغا تەگكەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئايچېچەكنىڭ بايىقى مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا سورىغان سوئالىدىن كۆڭلىدە خۇشال بولدى.
— ئىلياس ئاكا، خاپا بولماي قۇربانوفقا ئېيتىپ قويىسىڭىز، — دېدى ئايچېچەك ھېچ بىر ئىككىلەنمەيلا، — زىياپەتكە بارالمايمەن! — ئۇ، بارالمايدىغانلىقىغا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتىپمۇ ئولتۇرمىدى، ئىلياسمۇ ئەزۋەيلەپ سورىمىدى.
— بوپتۇ، ئەمىسە، مەن چىقاي، — دېدى ئۇ، ئارقىغا بېنىپ. ئىلياس چىقىپ كەتتى. ئايچېچەك داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ خىيالىدا سابىرنىڭ پەرىشان، سىرلىق ھالىتى ۋە ھېلىقى سۆزى، ھېلىدىن ھېلىغا گەۋدىلىنەتتى. ئۇ، نېمىشقا ئايچېچەكنىڭ ئارتىس بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىپ قالدى؟ ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا شۇنداق ئامراق ئادەم، نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ قالدى؟...
ئايچېچەك بۇلارنى ئويلىغانسېرى خىيالى چىگىشلىنىپ، كۆڭلىگە ئاللىقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرەتتى...
— بايا نېمە دېدىڭىز سابىر؟ — ئاخىر ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى، — ھە، راست سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن

دېۋىدىڭىز . . . شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق، ئايچېچەك! — دېدى سابىر ۋە ئايچېچەكنىڭ يېقىملىق، مەسۇم كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن بوش، تىترەڭگۈ ئاۋازدا داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى، — كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، سەن هازىر بارغانسېرى ئۆرلەپ، ئېگىزگە چىقىپ كېتىۋاتىسەن، مەن بولسام، پەستە تۇرۇۋاتىمەن. مەن سېنى هەمىشە ئاي، يۇلتۇزلاردەك ئېگىزلىكتە، يوكسەكلىكتە تۇرغان پەرىشتىلەردەك هېس قىلىمەن. . . ئۆزۈمنى بولسا، پەستىكى توپا ـ چاڭلار، ماي، لاتقىلار ئارىسىدىكى ئاددىي بىر ئادەمدەك سېزىمەن! شۇڭا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، سەندىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، ئايچېچەك!

— ۋىيىەي، شۇ گەپمىدى؟ تېخى شۇنداقمۇ ئويلاپ كەتتىڭىزما؟ ! — ئايچېچەكنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ، بايىقى چىگىش خىياللىرى يېشىلگەندەك بولدى، — ۋاي بىچارىيەي، مېنى ئاسماندا، ئۆزىڭىزنى يەردە هېس قىلىمەن دەڭ! مەن پەرىشتە بولسام، سىز مېنىڭ بەخت قۇشۇم سابىر، كېلىڭا مەن سىزنى بېشىمغا قوندۇراي! — ئۇ ئىختىيارسىز هالدا سابىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان يۈزىگە ئارقىمۇ ئارقا چوكۇلدىتىپ سۆيدى. . .

— نېرى تۇر، زۇكاملىقىمنى بىلمەمسەن؟ — دېدى سابىر ئۇنىڭ قۇچىقىدا قىمىرلاپ، — هېلى بىكار يۇقۇپ قالمدۇ، — لېكىن ئايچېچەك ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى:

— نېمە كارىم، يۇقسا يۇقمامدۇ! سۆيىمەن مانا مۇشۇنداق سۆيىمەن! مانا! مانا! مانا! . . .

ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇددى تۈيۈقسىز بۇزۇلۇپ، كىچىككىنە ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىن يەنە دەرهال ئېچىلىپ كەتكەن، سۈزۈك ئىللىق ئاسماندەك پاللىدە يورۇپ كەتتى. . .

# ئىككىنچى باب

## يۈرەك نېمىدەيدۇ؟

### 1

نۇرجان بىر يىلدىن بېرى بويتاق ياشايتتى، ئۇنىڭ سابىق ئايالى سانىيە بىلەن بولغان مۇھەببىتى، تۇرمۇشى خۇددى بۈيۈك رۇس شائىرى پۇشكىن بىلەن ناتالىيەنىڭ مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش مەسىلىسىدىكى پاجىئەدەكلا بولدى.

كۆڭۈل ھەمىشە ئۆزىگە ھەمنەپەس بولالايدىغان، يېقىنلىشالايدىغان ۋە ئۇچقۇندەك يالىلداپ تۇرىدىغان سەمىمىي، قىزغىن يۈرەكنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن نۇرجان ئۇچۇن سانىيەنىڭ يۈرىكى ئۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك يۈرەك بولالماي قالدى. سانىيە ھەمىشە چوكان تاللار سايە تاشلاپ تۇرغان يوللاردا نۇرجان بىلەن سەيلە قىلىشنى، چىرايلىق كىيىنىپ، زىياپەتلەرگە بېرىشنى، تىپتىنچ كۆللەردە قېيىقتا چۆشۈپ ئوييناشنى، قىسقىسى، ھاۋايى - ھەۋەسكە تولغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. نۇرجان بولسا، پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، تەلەپ قىلىدىغىنى ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىدى. «ھايات ئىجادىيەت بىلەن تولغان بولۇشى كېرەك، — دەيتتى ئۇ ھەمىشە، — ئىجادىيەتسىز ھايات خۇددى قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك، ھالسىز، مەنىسىز بولىدۇ!» لېكىن، سانىيە ئۇنىڭ قان - تەر بەدىلىگە

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئىجادىيەتلىرىنى ياخشى كۆرمىدى، مۇزىكىلىرىنى سۆيمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىككىنچى بالىسى ئىككى ياشقا كىرگەندە چاك - چېكىدىن بۆسۇلۇپ، خۇددى داتلىشىپ كەتكەن زەنجىر بىلەن بىر - بىرىنى چىرماپ قويغانغا ئوخشاش ئازابلىق، زېرىكىشلىك تۈيۈلۈشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئائىلىدە ھاياتنىڭ مەنىسى، مۇھەببەتنىڭ لەززىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئاخىر نۇرجان نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ھېسابىغا دات باسقان بۇ زەنجىرنى ئۈزۈپ، تەنھا ياشاشقا باشلىدى...

نۇرجان بۇ بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، مۇھەببىتىنى، ئەقىل ۋە ئىدراكىنى ئۆگىنىشكە، ئىجادىيەتكە بېغىشلىدى. ئۇنىڭ قەلبى مۇزىكىغا بولغان قىزغىن سۆيگۈ بىلەن تولغانىدى. بۇ سۆيگۈ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوتلۇق ھارارەت بەخش ئەتتى. ئۇ، مانا شۇ مۇقەددەس سۆيگۈ بىلەن تالاي - تالاي مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى. بۇ مۇزىكىلار ھايات ۋە گۈزەللىك بىلەن يۇغۇرۇلدى... لېكىن كەسپىنى سۆيۈپ، كەسپتە تونۇلغان مۇنداق بىر مۇزىكانت ئۈچۈن، پۈتۈن ئۆمرىنى، كېچە ۋە كۈندۈزنى پەقەت پىئانىنو بىلەن ھەپىلىشىپ، مۇزىكا بىلەنلا سىردىشىپ ئۆتكۈزىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغىمۇ تۇرمۇش ۋە ئىللىق بىر ماكان كېرەك. بۇ ماكاندا، ئۇ ئۆزى تاللىغان ھالال جۈپتى بىلەن كېيىنكى ھايات سەپىرىنى مەنىلىك، لەززەتلىك ئۆتكۈزۈشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە. يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان، يەتتە ئەزايى پۈتۈن، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۈچۈن، مۇھەببەت دەرۋازىسى ھەمىشە ئوچۇق بولىدۇ. بۇ دەرۋازا ئادەمنى بەزىدە، مەسۇم قىزلارنىڭ سۆيگۈ ناخشىلىرىغا تولغان باغۇ ئىرەملىرىگە باشلاپ بېرىشى، بەزىدە قىران چوكانلارنىڭ مۇھەببەت قىسماقلىرى قۇرۇۋالغان دەشت - چۆللىرىگە باشلاپ بېرىشىمۇ مۇمكىن! نۇرجانمۇ بىلىپ، بىلمەي بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈپ قالدى. لېكىن ئۇ، بۇ دەرۋازىدىن قانداق كىرىپ،

ئايچېچەكنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنى قاچان، قەيەردە ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر خىل ساپ، ئىللىق سۆيگۈ ئۇنىڭ يۈرىكىگە توساتتىن، زادىلا ئويلىمىغان يەردىن بۆسۈپ كىرگەنىدى، ئەمدى كېلىپ، بۇ قۇدرەتلىك تۇيغۇ خۇددى چىنارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاستا ـ ئاستا يىلتىز تارتىپ، يۈرەك باغرىدا بىخ سۈرگەنىدى. سۆيگۈ ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇنى تېخىمۇ جانلىق، تېتىك قىلىۋەتتى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل ناخشىلىرى، يېزىپ تۈگەتكۈسىز يېقىملىق مۇزىكىلىرى بار ئىدى. . . لېكىن نۇرجان قەلبىدىكى بۇ نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئايچېچەككە زادىلا سەزدۈرمىدى، سەزدۈرۈشنىمۇ خالىمىدى، ئۇنى گويا سەدەپ قۇلۇلىسىدەك ئۆز باغرىدا چىڭ ۋە چوڭقۇر يوشۇرۇپ يۈردى. چۈنكى ئۇ، ئايچېچەكنىڭ سابىر بىلەن بولغان پاك، سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىدا بەختلىك، سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر ئۇ بۇنداق تىنچ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى چالغىتىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن قىستىلىپ كىرىدىغان بولسا، ئۆزى تۈگۈل، ئايچېچەكنىمۇ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ، بىئارام قىلىدىغانلىقىنى، ئايچېچەكنى بىئارام قىلىش ئۆزى ئۈچۈن قانداق ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى سەكپارە قىلىۋاتقان بۇ ئوتنى مەردانىلىك بىلەن ئىچىگە يۇتۇپ، ئايچېچەككە بولغان ئىشقىي مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي دوستلۇق ھېسسىياتقا، ئەقىدە ئىخلاسىنى بولسا، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئايلاندۇردى. شۇندىن كېيىن، ئۇ، ئۆز ھاياتىنى خۇددى بىر دانىشمەننىڭ: «ھاياتنى دائىم ئۆزۈڭ ئىگە بولالمىغان بىرەر نەرسىگە شەيدا بولۇپ ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك. ئىنسان يۈكسەكلىككە تەلپۈنگەنسېرى، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ئېيتقىنىمدەك، ئايچېچەكنىڭ ناخشىسىغا شەيدا بولۇش، ئىجادىيەتكە تەلپۈنۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. . .

نۇرجان بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۆزىگە ئۈن نەچچە يىل ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان «ئاق قېيىن» ماركىلىق پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئولتۇردى. ئۇ يېقىندىن بېرى، «تولۇن ئايلىق كېچە» ناملىق رومانتىك بىر مۇزىكا ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ، نوتا يېزىلغان قەغەزلەرنى يېيىپ پىئانىنونىڭ چىرايلىق تىللىرىنى باستى، ئۇنىڭدىن كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان شوخ، نازۇك كۈيلەر ياڭراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۆيگە تۇيۇقسىز ئايچېچەك كىرىپ كەلدى. ئۇ، گويا ئۆزى بىلەن بىللە تاڭ شامىلىنى، باھار ئاپتىپىنى ئەكەلگەندەك نۇرجاننىڭ دىلىنى يايراتتى. . .

— كېلىڭ ئايچېچەك، يۇقىرى ئۆتۈڭ! . . . — دېدى نۇرجان ئوڭايسىزلانغاندەك، — ئۆي مۇشۇنداق بىسەرەمجان. . .

ئايچېچەك ئۆيگە گويا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كىرىۋاتقاندەك راسا بىر سەپسالدى. ئاندىن ئىچ ئاغرىتقاندەك، بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇ بىلەن مۇنداق دېدى:

— نۇرجان ئاكا، ئۆيىڭىز راستلا كىچىك ئىكەن، باش پاتسا، ئاياغ پاتمىغۇدەك، ئاشۇ مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئۆيدە ئىجاد قىلدىڭىزمۇ؟

— كۆنۈپ قاپتىمەن، ماڭا ئانچە، كىچىك بىلىنمەيدۇ! — دېدى نۇرجان پەرۋاسىزلا، — قاراپ تۇرۇڭ، يەنە نۇرغۇن، ئاجايىپ مۇزىكىلار مۇشۇ ئۆيدە دۇنياغا كېلىدۇ. سىز ئاڭلىمىغانمۇ؟ نوبىل مۇكاپاتى ئالغان خىمىيە ئالىمى كيۇرىي خانىم كىچىك بىر كەپىدە رادىينى ئىجاد قىلغان، چىن جۇڭرۇيمۇ ئالتە كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە «گود باخ قىياسى»نىڭ سىرىنى ئاچقان. ئۇلارغا قارىغاندا، مېنىڭ بۇ ئۆيۈم

خېلى ئازادە! . . . مېنىڭچە ئادەمنىڭ غايىسى تۇرمۇشنىڭ جاپا مۇشەققىتىگە يېقىــــنراق يەردىن تۇغۇلسا شۇنچە كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق. . . ، — دېدى ئايچېچەك يەنە شۇ ھېسداشلىق تۈيغۇسى بىلەن، — لېكىن سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ نۇرجان ئاكا، ئۆزىڭىز تاماق ئېتىپ، ئۆزىڭىز كىر يۇيۇپ، ئۆزىڭىز ئۆي تۇتۇپ يۈرۈپمۇ، يەنە شۇنداق ئېسىل مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىۋاتىســــز، ئەگەر تۇرمۇشتا خاتىــــرجەم بولغان بولسىڭىز، قانداق ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز، دەيمەن! سانىيە بىلەن ئاجراشمىغان بولسىڭىزمۇ بوپتىكەن، ئــەر - خــوتــۇن، ئاتا - بالا بىر ئۆيدە جەم بولغان بولساڭلا، سىز تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز. . .

نۇرجان ئورنىدىن تۇردى، بىــر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە قاتتىق شورىدى، ئەپتىدىن قەلبىدىكى كونا يارىلىرى تىرنالغاندەك تۇراتتى.

— بۇ گەپنى قىلماڭ! — دېدى ئۇ، ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۆز ۋاقتىدىكى جەم بولۇش مېنى ۋەيران قىلغىلى تاس قالدى. كېيىن، بويتاق بولىۋېدىم، نۇرغۇن ئىشلارنــى قىلىشقا باشلىدىم. مەن ھازىرقى تۇرمۇشۇمدىن بەكمۇ رازى! كونىلار: «ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ گۈلىستانى، يامان خوتۇن ئۆينىڭ گۆرىستانى» دەيدىكەن، مەن بۇ ھەقىقەتنى ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىم ئارقىلىق چۈشەندىم. ئەر - خوتۇننىڭ ئارزۇ ھەۋىسى، تۇرمۇش يولى ئوخشىمــــسا بولمايدىكەن. دەرۋەقە، بۇنداق بولۇش ناھايىتى تەس! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئايال كىشى ھېچ بولمىغاندا، ئېرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنــى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىشى، قوللىشى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئۇنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئاز تولا شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك! لېكىن سانىيە ئۇنداق قىلمىدى! مېنىڭچە سىز «كۆك دۇناي» دېگەن

www.uyghurkitap.com

مەشھۇر مۇزىكىنى ياخشى كۆرىسىز، مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن، لېكىن سىز، بۇ دۇنياۋىي مۇزىكىنىڭ قانداق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟! بۇ مۇزىكىنى ئاۋستىرىيىلىك جۇن شىترائۇس دېگەن كومپوزىتور ئىجاد قىلغان. ئۇ بىر كۈنى ئاغىنىلىرى بىلەن تاغقا سەيلىگە چىقىپتۇ، شۇ يەردە خىيالىغا تۇيۇقسىز بىر مېلودىيە كېلىپ قاپتۇ، خاتىرىلىۋالاي دېسە، قەغەز، قەلەم يوق ئىكەن، باشقىلاردىنمۇ تېپىلماپتۇ. ئاخىر ئۇ، سەرەڭگىنىڭ تېلىنى كۆيدۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىكىگە يېزىۋاپتۇ. لېكىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنتۇپ قاپتۇ، بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، خوتۇنى بۇ كۆڭلەكنى يۇيىمەن دەپ، داسقا سالغاندا قارا كۈيە بىلەن يېزىلغان ھېلىقى نوتىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، كۆڭلەكنى يۇماي داستىن چىقىرىۋاپتۇ. دۇنياغا مەشھۇر «كۆك دۇناي» ۋالىسى ئەنە شۇنداق ساقلىنىپ قالغانىكەن. ئەمدى مېنىڭ سانىيە خانىمىچۇ؟ ئۇ، مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ساقلاپ قويۇش تۇگۇل، يىرتتى، ئوتقا تاشلىدى؛ كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىماي ئىجاد قىلغان «تارىم ۋالىسى»، «باھاردىكى كۈي» قاتارلىق مۇزىكىلىرىم، ئۇنىڭ رەھىمسىز قولى بىلەن نابۇت قىلىندى. بۇنى ئويلىسام، كۆزۈمدىن ياش ئەمەس، يۈرىكىمدىن قان تامچىلايدۇ، ئايچېچەك! مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېگەن ئادەم خۇددى نوبېلغا ئوخشاش ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن، ئائىلە ئادەمنىڭ پۇتىغا كىشەن، روھىغا يۈك بولىدىكەن!

—— ئۇنداقمۇ ئەمەس، —— دېدى ئايچېچەك ئېتىراز بىلدۈرۈپ، —— نوبېلمۇ ياخشى بىر ئائىلە قۇرۇش نىيىتىدە بولغان، لېكىن ياخشى كۆرگەن قىزنى ئەجەل ئەكېتىپ، مەڭگۈلۈك ھىجراندا قالغان. ئەسلىدە ياخشى ئائىلە ئادەمگە بەخت ۋە قانات ئەكېلىدۇ!

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش! — دېدى نۇرجان، ھەۋەسلەنگەن، قايىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئازراق قىزغىنىش ئارىلاشقان بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتتا، — «ياخشى خوتۇن ئەرگە دۆلەت» دېگەن گەپ بار، لېكىن بۇ دۆلەت ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدىكەن، ھەممە ئادەم سابىردەك تەلەيلىك كەلمەيدىكەن. . .

ئايچېچەك قېشىنى يىمىرىپ، كۆزىنى سوزۇپ، شېتىللىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ۋە تۇرقى نۇرجانغا تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئاشۇنداق نازاكەت ۋە شوخلۇق، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاشۇنداق ئوتلۇق بېقىش پەقەت ئايچېچەكتىلا بار ئىدى. . .

— نۇرجان ئاكا، مەن بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، — دېدى ئايچېچەك، كونا پاسوندىكى ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — يېقىندىن بېرى خەقلەردىن، بولۇپمۇ ياشلاردىن يىگىرمە نەچچە پارچىدەك خەت تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇلار ئۆتكەنكى تاللاشتا ئوقۇغان ناخشامنى ئاڭلاپ، خېلىلا تەسىرلىنىپتۇ، ئاشۇنداق ناخشىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇشۇمنى تەلەپ قىپتۇ. . .

— يالغۇز شۇلىما؟ — نۇرجان ھەييارلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ھەممە خەتتە شۇ گەپمىكەن؟ باشقىراق تەلەپ يازغانلارمۇ باردۇ؟

— قاراڭ سىزنى؟ ! — دېدى ئايچېچەك دومسايغاندەك كۈلۈپ، — باشقىچە تەلەپ يازغانلار بولسا قانداق قىلاتتىم؟ سابىر بىلەن قىزىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن شۇ. . .

دەرۋەقە يىگىرمە نەچچە پارچە خەتنىڭ كۆپى ئايچېچەككە بولغان مەدھىيە، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن تولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە پارچىسىدا، ئۆز ـ ئۆزىدىن ـ ئۇزاق قەسىدىلەر

يېزىلغاندىن باشقا، يەنە ئۈنىڭغا بولغان مۇھەببەت ئىزهارى ۋە سۆيگۈ تەلىپىمۇ قويۇلغانىدى.

— بۇ ياخشى ئەھۋال، ئايچېچەك، — دېدى نۇرجان ئەمدى ئەستايىدىل قىياپەتتە، — ئۇ خەتلەر مەيلى قايسى نۇقتىدىن يېزىلسۇن، ھەممىسى بىرلا مەنىنى، يەنى سىز ئېيتقان ناخشىلارنىڭ خەلققە يارىغانلىقىنى، سىزنىڭ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئايچېچەك كىشىلىك ھاياتتا بىرەر ئىش تەۋرىتىش، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، قەيسەرلىك بىلەن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان غەيرەت ۋە شىجائەت بولۇشى كېرەك، مۇنداق مەنىۋى تۈۋرۈكنىڭ سىزدە بارلىقىغا ئىشىنىمەن، ھازىر سىزنىڭ ھاياتىڭىز، غايىڭىز ۋە كەسپىڭىز خۇددى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغان باھارغا ئوخشايدۇ، بۇ ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدۇ! بۇ سۆزلەرگە مېنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىم، ئۈمىدىم ۋە ھەۋىسىم يوشۇرۇنغان، سىز بۇنى چۈشىنەمسىز؟

— چۈشىنىمەن نۇرجان ئاكا! — دېدى ئايچېچەك نۇرجاننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سەمىمىي، دوستانە كۆزلىرىگە قاراپ، — خەلقنىڭ، سىزنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىڭلارنى ئاقلاش ئۈچۈن بېلىمنى چىڭ باغلىدىم، ناخشا ئەمدى مېنىڭ ھاياتىمغا، ئىپتىخارىمغا، ئىستىقبالىمغا ئايلاندى!

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — نۇرجان خۇشاللاندى، — شۇنداق تونۇشقا كەلگەنلا بولسىڭىز، مېنىڭ مۇزىكىلىرىم سىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ!

— مەن بۈگۈنمۇ دەل ئاشۇ مۇزىكا ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى ئايچېچەك سۆزىنى ئەسلى مۇددىئاغا يۆتكەپ، — تۈنۈگۈن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇلار مېنى بىر نەچچە ناخشا ئېيتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئەمدى سىزنىڭ يېڭى مۇزىكا ئىشلەپ بېرىشىڭىزنى كۈتۈۋاتىمەن.

— مۇزىكا پۈتۈپ قالدى، ئايچېچەك! سىز ئۈچۈنلا ئىشلىگەن، — دېدى نۇرجان پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇپ، — مانا ئاڭلاپ بېقىڭ، مېنىڭچە، ئاۋازىڭىزغا، خۇلقىڭىزغا تازا ماس كېلىدۇ، تېكىستىمۇ يېڭى.

ئۇ بارماقلىرىنى پىئانىنونىڭ سەزگۈر تىللىرى ئۈستىدە ئوينىتتى. پىئانىنودىن دەسلەپتە تاڭ شامىلىدەك شوخ، يارقىن، شادىيانە بىر كۈي، كېيىن تۈن قاراڭغۇلۇقىدەك ئېغىر، غەمكىن، مۇڭلۇق بىر ناۋا ياڭرىدى. ئايچېچەك ئاستا ـ ئاستا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن مەستخۇشلاندى، ئۇنى بىر خىل ھاياجانلىق، شېرىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، روھنى ئۇرغۇتقۇچى بىر خىل جۇشقۇن ۋە تەشنالىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى...

— نامىنى «تولۇن ئايلىق كېچە» دېدىڭىزمۇ، نۇرجان ئاكا؟ — دەپ سورىدى ئايچېچەك بىر ھازادىن كېيىن ھاياجىنىنى بېسىپ، — ياخشى چىقىپتۇ، ھازىرلا ئۆگىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، لېكىن... لېكىن ئادەمنى سەل ئېزىپ قويامدۇ ـ قانداق؟

نۇرجان پىئانىنونىڭ ئالدىدىن قوپتى، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، تار ئۆيدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدى، خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سەزگىنىڭىز توغرا، مۇزىكىدا① قىزىل مېلودىيىگە قارىغاندا، كۆك رەڭ مېلودىيە كۆپرەك بولۇپ قاپتۇ، مۇزىكا ئىجادىيىتىمۇ ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا باغلىق بولىدۇ. ئادەم خۇشال، تېتىك چاغلاردا ئىجاد قىلىنغان مۇزىكىلار خۇددى تانگو، فوكستروتلارغا ئوخشاش شوخ، جۇشقۇن بولىدۇ. ئېھتىمال

① قىزىل، كۆك رەڭ مېلودىيە — ئاھاڭدىكى يەتتە ئاۋاز «چوڭ ۋە كىچىك» يەنى قىزىل ۋە كۆك رەڭ دەپ ئىككى كۈيگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ كۈي قىزىل مېلودىيە — مەردانە ياڭراق، يارقىن بولىدۇ، كىچىك كۈي كۆك رەڭ مېلودىيە — غەمكىن، مۇڭلۇق ۋە خىرە بولىدۇ.

«تولۇن ئايلىق كېچە» نى ئىشلەۋاتقان چېغىمدا كەچمىشلىرىمنى، تۇرمۇشۇمنى ئەسلەپ، ئويلاپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. چايكوۋسكىنىڭ مەشھۇر «ھەسرەت» سىمفونىيىسىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان، نىكاھ ئىشى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ۋاقىتتا يارىتىلغان. مېنىڭچە، ئايچېچەك، مۇزىكا دېگەندە نەيدىن چىققاندەك مۇڭلۇق ناۋا، تەمبۇردىن چىققاندەك شوخ كۈي، غىجەكتىن چىققاندەك چوڭقۇر مۇڭ، ساتاردىن چىققاندەك نالە- پىغان، چاڭدىن چىققاندەك شادىيانىلىك مۇجەسسەم بولغاندىلا، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، شۇڭا كىشىلەر مۇڭسىز «ناۋادىن كالامنىڭ مۆرىشى ياخشى» دەيدۇ، ئەمەسمۇ!

ئايچېچەك قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن:

— نۇرجان ئاكا، ئەمدى مەن سىزنىڭ پېشىڭىزغا ئېسىلدىم. سىز مېنىڭ ئىككىنچى ئۇستازىم بولىسىز، — دېدى!

دۇرۇس، دۇنيادا ئۇستاز تۇتمايدىغان ئىلىم بولمايدۇ! ئىلىمگە، كەسپكە ئىنتىلگەن كىشىلەر ئەزەلدىن ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدۇ. تەلەپچان ئۇستازدىن يارامىلىق شاگىرتلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولۇپ تۇرغان ئىش!

ئايچېچەكنىڭ بىرىنچى ئۇستازى شاڭخەيدە ئىدى. ئۇ بۇندىن بىر يىل بۇرۇن، خەن ئىسىملىك بىر ئۇستازنىڭ قولىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، تەربىيىلىنىپ بۈگۈنكى ھالغا كەلگەنىدى. خەن پروفېسسور شۇ چاغدا، شىنجاڭدىن كەلگەن زىلۋا بويلۇق، تارتىنچاق، ئوماق بۇ چوكاننى بىر - ئىككى قېتىم سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يېقىملىق، ئەۋرىشىملىكىنى، كىچىككىنە جىسمىدا قانداقتۇر زور بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيىلەنسە، چەكسىز

ئىستىقبالغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئىشنى باشتىن باشلاپ، ئايچېچەككە بىر ئاي ئاددىي نوتىنى تونۇلاتقۇزدى. بەش مىنۇتلۇق سەھنىگە چىقىش ھەرىكىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يەتتە كۈن سەرپ قىلدى. ئۇ، بىر كۈنى ئايچېچەككە مۇنداق دېدى:

— «مېنىڭ بۇنداق بىر تەسىراتىم بار قىزىم: قىزغىن سۆيۈش — كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ياخشى ئۇستاز، ھەۋەسمۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تۆرەلمىسى. كەسىپنى ئوبدان ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن ھەۋەسنى يېتىشتۈرۈشتىن باشلاش كېرەك، سىز ئۆز كەسپىڭىزگە چوڭقۇر ھەۋەس قىلغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى ئىزدەشكە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرنى تېرىشكە ئىنتىلىدىغان بولىسىز!...»

ئايچېچەك خەن پروفېسسورنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى. ئۇنىڭ ناخشىغا بولغان ھەۋەس ئىشتىياقى ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئايلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ سەھنىگە چىقىپ، ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىشى ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن سەنئەتنىڭ يولى ھەقىقەتەنمۇ تىكەنلىك ھەم ناھايىتى جاپالىق بولدى.

ئۇ دەسلەپ سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان كۈنلەردىلا، شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىكى، سەھنىنىڭ ئالدى تىنچ، چىرايلىق ھەم تەنتەنىلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن سەھنىنىڭ ئارقى رىقابەتكە، ھەسەتكە، ئۆزئارا كۆرەلمەسلىككە تولغان تىنچسىز، خۇنۇك بىر دۇنيا ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئىككى ئۇسسۇلچىنىڭ سەھنە تالىشىپ، ئورۇن تالىشىپ، بىر - بىرىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇشقانلىقىنى، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ، تارمىلاپ ئادەم تونۇغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قاتتىق بىئارام بولدى ھەم ئۆز تەقدىرىدىنمۇ ئەنسىرەپ قالدى. ئەنسىرىگەن ئىش ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەردى. بىر كۈنى ئۇنى كاتتا سەھنىدە ناخشا ئېيتىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ قېتىمقى ئويۇن قايسىبىر چوڭ يىغىنغا قويۇلىدىغان بولغاچقا، بارلىق چوڭ رەھبەرلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى

داڭلىق ئەربابلار ھەم ھەرقايسى گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتنىشاتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ، نام چىقىرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ئايچېچەك ئۆزىنى توختىتىپ، بۈگۈنكى نومۇرنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتىگە كەلدى ۋە يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ ئارقا سەھنىدە نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن شۇ چاغدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ يېنىدا پېشقەدەم ناخشىچى گۈلناز پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بۇيرۇق قىلدى:

— كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ، خانقىز! بۇ ناخشىنى ئېيتىش سىزگە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، بۇ، ئاچىڭىزنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس نومۇرى!

راست، بۇ خېلىدىن بېرى گۈلناز ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشا، ئېيتقاندىمۇ، خېلى ياخشى ئېيتقان ناخشا ئىدى. لېكىن بۈگۈن رېژىسسور ئۇنى ئايچېچەككە ئورۇنلاشتۇردى. ئايچېچەك بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇخلىماي مەشىق قىلىپ، خېلى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئەمدى ئۇ، ئېيتسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟!... ئەسلىدە بۈگۈنمۇ گۈلناز ئېيتسا بولاتتى، لېكىن ئۇ، يېقىندىن بېرى كاتتا رېستورانلارغا كېتىپ، ئانچە تۈتۈق بەرمەي قويدى، شۇنىڭ بىلەن رېژىسسورنىڭ ئۇنىڭدىن رايى قايتىپ، بۈگۈن، بۇ ناخشىنى ئېيتىشنى ئايچېچەككە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. شۇغىنىسى، گۈلنازنىڭ سەزگۈر قۇلىقى نەدىندۇر بۈگۈنكى ئويۇنغا چوڭ رەھبەرلەرنىڭ، كاتتا زاتلارنىڭ ۋە بىر مۇنچە مۇخبىرلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شان - شەرەپ قازىنىشنىڭ بۇنداق ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا كۆزى قىيماي، سائىتىگە يۈز يۈەنلەپ ئېلىۋاتقان داڭدار رېستوراننى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

ئايچېچەك ئۇنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالدى، بىر نەرسە دېيىشكىمۇ پېتىنالمىدى، ئاخىر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، كىيىملەرنى سېلىپ بەردى؛ لېكىن ئۆزىنى كەمسىتىلگەن، بوزەك قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ، بىر مۇنچە ئاچچىق يۇتۇۋالدى.

سەھنىگە گۈلناز چىقتى، ئايچېچەك پەردىنىڭ يوچۇقىدىن

بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ، قاش - كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان، زىلۋا بوي، يەتتە ئەزاسى بىر - بىرىگە ماسلاشقان چىرايلىق چوكان ئىدى. توساتتىن ئايچېچەكنىڭ قۇلىقىغا مۇڭلۇق مۇزىكا بىلەن لەرزان ناخشا ئاڭلىنىپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ناخشا شۇنداق سۇزۇك ھەم لەۋەن، شۇنداق لىرىك ھەم يېقىملىق ئىدى. ئايچېچەكنىڭ كۆڭۈل غەشلىكلىرى ئەنە شۇ دىلنى يايرىتىپ، يۈرەكنى ئوينىتىدىغان تاتلىق، غەمسىز ئاۋازنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ گۈلنازنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا تېخىمۇ چوڭقۇر زەن قويدى. زەن قويغانسېرى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر يېتەرسىزلىكىنى، يەنى بەزى چاغدا كۆكسىگە يەل قاپلىشىپ، دېمى سىقىلىپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالغاندەك بولدى. گۈلناز يەلنى قورساقتىن يۇقىرى كۆتۈرمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاۋازى راۋان ھەم ئازادە ئىدى. دېمەك، ناخشا ئېيتقاندا يەلنى جەزمەن قورساقتىن يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك كېرەك ئىكەن، شۇنداق قىلغاندا، كۆكرەك قىسمىغا يەل قاپلىشىپ، دېمى سىقىلىشتىن ساقلىنىپ، ئاۋازدا ئەركىن، ئازادە بولغىلى بولىدىكەن. . .

شۇ كۈنكى ئىش ئايچېچەك ئۈچۈن، ھەم دەرس، ھەم ساۋاق بولغانىدى. . .

— ئايچېچەك ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — نۇرجاننىڭ بۇ تۇيۇقسىز سوئالى ئايچېچەكنى خىيالدىن سەگىتتى، — كېلەر ئايدا بىر تۈركۈم ئارتىسلار چەت ئەلگە چىقىدىكەن.

— ياخشى خەۋەر ئىكەنغۇ، — دېدى ئايچېچەك ھەم قىزىققان، ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، — ئۇنداق شان - شەرەپ بىزگىمۇ نېسىپ بولارمۇ، نۇرجان ئاكا، ئۇ ھەرگىزمۇ كونىلاردىن ئاشماس!

نۇرجان ئۇنى ئۈمىدلەندۈردى:

— ياق، ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدۇ، كىمنىڭ قابىلىيىتى بولسا، سەھنىگە شۇ چىقىدىغان گەپ. كونا دەسمايىنى پەش قىلىپ، ئالغا ئىنتىلمەيدىغانلار سەھنىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قېلىۋېرىدۇ. سىز ھازىر خەلققە

تونۇلدىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنچە كىچىك چاغلىماڭ!

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، نۇرجان ئاكا، — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ سەممىمىي ئىچ كۆيەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ، — خۇدايىم دېگىنىڭىز كېلەر...

— مەن ھەر ئېھتىمالغا قارشى، خەلقئارا سەھنىگە يارىغۇدەك بىر مۇزىكا ئىجاد قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، — نۇرجان ئايچېچەكنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ شۇنداق دېدى، — ئۇنىڭ تېكىستىنىمۇ ئۆزۈم يازىمەن...

— ئۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويارسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ سىزگىلا خاس.

## 2

ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىنكى ئېغىرلاشقان نەمخۇش ھاۋا سىلكىنىشتىن تىترەپ، ئۇيقۇغا چۆمگەن تاغ ئارىسى گۇرۇلدەپ كەتتى. چۇنكى يىراقتىن قۇياش پارچىسىدەك يارقىن چاقناپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ نۇر توچكىسى بىلەن بىللە بۇ زېمىنغا تونۇش بولغان قۇدرەتلىك بىر ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ كېلەتتى. بۇ ئاۋاز خۇددى تاغ سۇلىرىنىڭ ئېگىز شارقىراتمىدىن پەسكە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان چاغدىكى تىنىمسىز گۇرۇلدەشلىرىگىمۇ، قارا يامغۇر ئالدىدىكى گۈلدۈرمامىنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغان چاغدىكى ھەيۋەتلىك سادالىرىغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى!

خورىماس كۈچ مەنبەسى بولغان يۈرەكتىن پارتلاپ چىقىۋاتقان قۇدرەتلىك بىر ئىچكى كۈچ ماتورغا ئۆتكەنىدى. ماتور شۇ كۈچنىڭ تورتكىسىدە شىردەك ھۆركىرەپ، گويا تاغ ئۆيۈتمىسىدەك غايەت ئېغىر يۈكنى تاغ ئارىسىدا سۆرەپ كېلەتتى!

سابىر كۆڭلىدە ھېسابلاپ باقتى. بۇگۈن ئۇ سەھەردە رولغا ئولتۇرغىنىچە بەش يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپتۇ، سومكىسىدىكى قۇرۇق نان، سۇدانىدىكى چايلارمۇ تۈگىگەن. ئۇنى

شۇ تاپتا، ئاچلىقتىن كۆرە ئۇسسۇزلۇق، ئۇيقۇدىن كۆرە ماغدۇرسىزلىق قىينايتتى. ئۇ، قىلىن گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى پات ـ پات يالاپ قويىاتتى، تۇكۇرۇكىنى يۇتماقچى بولاتتى، لېكىن ھەلقۇمى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مىدىرلايتتى. ئاغزىدا بىر تېمىم نەملىك قالمىغان، تىلىمۇ قۇرۇپ، قاغجىراپ بىر پارچە تارىشىغا ئوخشاپ قالغانىدى. تېلىپ ئاغرىپ، ھالى قالمىغان بەللىرى مۇكچىيىپ، بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى رولغا تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى يەنىلا سەزگۈر ۋە سەگەك ئىدى. بىر جۇپ ئۆتكۈر نۇر ئۇنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېتەكلەپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر پەقەت ئاشۇ نۇرلا ھارمىغاندەك، ئۇ گويا تەڭرىنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكمىدەك، بىپايان كائىناتنى يالماپ يۇتۇۋەتكەن زۇلمەتلىك تۈن باغرىنى شەمشەردەك يېرىپ باراتتى...

— تېخىچە مېڭىۋاتامسىز، سابىر؟

— ھەئە، ئايچېچەك، ئۆيگە ئالدىراپ، سىلەرنى سېغىنىپ توختىماي مېڭىۋاتىمەن!...

— ئەتىلا كۆرۈشىمىزغۇ... ئاھ، شۇ تاڭ تېزرەك ئاتسا ئىدى...

— سىزمۇ تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىڭىزنى كۆرۈپ قانداق ئۇيقۇم كېلىدۇ؟

— ئۇنى قانداق كۆردىڭىز ئامرىقىم؟

— نۇردىن، ماشىنىڭىزنىڭ بىر جۇپ كۆزىدىن، تاراۋاتقان نۇردىن كۆردۇم... ئەمدى توختاڭ. بەك چارچاپ كېتىپسىز! ئۇخلاڭ جېنىم... لېكىن ئاشۇ سۈرلۈك تاغ ئارىسىدا قانداق ئۇخلارسىز؟

— ھېچقىسى يوق، ھەممىگە كۆنۈپ قالغانمەن! سىزدەك ۋاپادار خوتۇنۇم، ساباھەتتەك تاتلىق بالام بولغىنى ئۈچۈن،

شىغىللىق داق يەردىمۇ ماموۋق تۆشەكنىڭ مۇزۇرىنى سۇرەلەيمەن! . . .

سابىر خېلى بىر يەرگىچە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىپ ماڭدى. ئۇنىسىز پىچىرلاش، غايىۋانە سىردىشىش، — ئۇنىڭ ھېرىپ ماغدۇرسىزلانغان ۋۇجۇدىغا بىر خىل لەززەتلىك ئارام بېغىشلايتتى، ئانا ئەللىيىدەك يېقىملىق، پەرىشتىدەك گۈزەل ئاشۇ سىما تۇگىمەس بۇ يوللاردا ئۇنىڭغا دىلكەش ھەمراھ بولاتتى. . .

ماشىنا بىر دۈمبەلدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر پارچە ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئوچۇقچىلىقنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە گۈڭگا چىراغ يورۇقىدا قاچانلاردۇر تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ قالغان كونا تاش ئۆتەڭ چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە يۈك ماشىنىلىرى توختىتىپ قويۇلغانىدى.

سابىر ماشىنىنى يولدىن قايرىپ چىقىپ، تىك كۆتۈرۈلگەن تاغنىڭ بېقىنىغا توختاتتى ـ دە، كابىنكىدىن چۈشتى. كۈندۈزى تونۇردەك قىزىپ كېتىدىغان تاغ ئارىسى ھازىر خېلىلا سالقىنلاپ قالغانىدى. سابىر تاش ئۆتەڭگە كەلدى. بۇ يەردە ساقاللىرى تاغاق كۆرمەي چىگىشلىنىپ كەتكەن، ئىگىز بويلۇق، ئازغىن بىر بوۋاي ياز ۋە كۈز پەسىللىرى قوغۇن، تاۋۇز سېتىپ خوجايىنلىق قىلاتتى. كەچ قالغان، ھېرىپ ـ چارچىغان شوپۇرلار ئۈچۈن بۇ يەر خۇددى ئۆز ئۆيىدىنمۇ ئېسىل ـ ئازادە، خىلۋەت ماكان ئىدى. مانا بۈگۈنمۇ بۇ يەردە تۆت ئادەم پاكار پۈتلۈق تۆت چاسا قاسماق شىرەنى چۆرىدەپ، تاۋۇزنى زاكوسكا قىلىپ ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىشىسى ئىسلىشىپ، قارىداپ كەتكەن كىرسىن لامپىسى غۇۋا يېنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاجىز، خىرە يورۇقى، تاغ ئارىسىدا تونۇشۇپ قالغان ئۈلپەتلەرنىڭ تويپا باسقان، ھارغىن، ئەمما ھاراق

كەيپىدىن بۇزۇرۇپ، ئېسىلىپ كەتكەن چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۇرۇپ، غەلىتە سىياقلارغا كەلتۇرۇپ قويغانىدى. سابىر ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. لېكىن يول ئۇستىدە هاراق ئىچمىگەچكە يەنە دەرهال ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر دۆۋە تاۋۇزنىڭ يېنىدا سونايلىنىپ ياتقان بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى:

— بوۋا، تاۋۇزىڭىزدىن بىرنى تارتىڭا، — دېدى ئۇ بوۋاينىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ.

بوۋايدىن سادا چىقمىدى، ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. شۇ چاغدا هاراق سورۇنى ئىچىدىن بىرى بىر كاسا تاۋۇزنى كۆتۇرۇپ سابىرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ مەستلىكتىن ئېغىر پۇشۇلدايتتى، تىنىقىدىن قاڭسىق ئۆتكۇر هاراق پۇرىقى كېلەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم... كىم سىز ئاغىنە؟— دېدى ئۇ، سابىرنىڭ چىرايىغا ئېڭىشىپ قاراپ ۋە بىردىنلا خۇشال توۋلىۋەتتى، — هوي، سابىرغۇ سەن... بەللى - بەللى... نەدىن كېلىشىڭ؟ هالىڭلار قانداق، دەپ يېنىمىزغىمۇ بېرىپ قويمايسەنا كىسپۇرۇش!...

شۇ چاغدا شىرە تەرەپتىن كىمدۇر بىرىنىڭ:

— قېنى سەن، هوي زايىت بالون! هاراق نۆۋىتىڭ كېلىپ قالدى! — دېگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جۇرە سابىر، جۇر! — دېدى زايىت بالون پۇتۇن كۇچى بىلەن سابىرنى سۆرەپ تارتىپ.

ئۇلار شىرە يېنىغا كەلدى. سابىر هەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۇشتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىكى چۇپۇر باش، قارا مەدەك بىرى ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي:

— كىمكى دېسەم، سابىركەنسەنغۇ، هەي! — دېدى يېنىغا تارتىپ، — نېمانچە تارتىنچاق بولۇپ كەتتىڭ، كېلە يېنىمغا، كەل! ئولتۇرۇش ئەمدى قىزىيدىغان بولدى ئاغىنىلەر. قېنى، ئابلا كولۇچ هارىقىڭنى قوي!

www.uyghurkitap.com

— بولمىدى، پىيالىنى توشقۇز كىسپۇرۇش! — دېدى زايىت بالون ساقىغا ۋارقىراپ، — سابىر دېگەن سەرلەپ ئەمەس جىڭلاپ ئىچىدىغان نېمە بۇ!

— ئاشۇرۇۋەتتىڭ، زايىت ئاكا! — دېدى سابىر ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن قاچان يول ئۈستىدە هاراق ئىچىپ باققان؟! مەن يەنە ماڭىمەن، مەست كاللا بىلەن رولغا ئولتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەسەنغۇ!

— يەنە ماڭىمەن دېگىن. . . ، - زايىت بالون سېرىق، سىم ساقاللىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەئەججۇپ ئارىلاش تىكىلدى، — بىز ئىككى كۈندە ماڭغان يولنى سەن بۈگۈن بىر كۈندە بېسىپسەن، يەنە نېمىگە ئالدىرايسەن؟ مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ، سەن كىسپۇرۇش بىزگە كۆن بەرمەيدىغان بولدۇڭ! دۈيجاڭ هە دېسىلا سېنى دەستەك قىلىپ، بىزنى تەنقىدلەيدۇ، يا ئارىمىزدىن يوقالمىدىڭ!

— يوقىلىپ نەگە باراتتىم، زايىت ئاكا! — دېدى سابىر شىرەدىكى تاۋۇزدىن بىر تىلىم ئېلىپ، — يا بۇ ماشىنا بىلەن مارسقا چىقىپ كەتكىلى بولمىسا!

— مەن سېنى ئارىمىزدىن چورتلا يوقالسۇن، دېمىدىم، — دېدى زايىت بالون هاراقتىن غىلايغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — ئۆسۈپ بىزگە دۈيجاڭ ياكى شىركەتكە باشلىق بولىسكەن دەيمەن. لېكىن سەن كىسپۇرۇش ئۆسەلمەيسەن، ئەتىيازدىكى هېلىقى يىغىندا خاتا سۆزلىدىڭ ئەمەسمۇ؟!

سابىر ئاغزىدىكى تاۋۇزنى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ، نارازىلىق بىلدۈردى:

— نېمىسى خاتا زايىت ئاكا! راست گەپ قىلسىمۇ خاتا بولامدۇ؟!

— توختا، قىزىشما! — دېدى زايىت بالون ئۇنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ، — مەندىن سورىساڭ سۆزۈڭ يۈزدە - يۈز

توغرا. ئەمما مەن دەيمەنكى، شۇ چاغدا، ئۆزۈڭنىڭ ئىلغارلىققا ئىرىشىشتىكى سەۋەبلىرىڭنى يوغان - يوغان سىياسىي گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرمىدىڭ، شۇڭا سېنى دەسلەپ ناھايىتى داۋراڭ قىلغان بولسىمۇ، كېيىن غىمىسىىدىلا بېسىپ قويدى، بولمىسا ئەتىسىلا ئۆزۈڭنى گېزىتتە، تېلېۋىزوردا كۆرەتتىڭ - دە، كىسپۇرۇش! . . .

— بولدىلا ئۇنىڭ نېمە كېرىكى! — دېدى سابىر پەرۋاسىزلا، — ئىشقىلىپ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىم!

— راست، كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلدىڭ كىسپۇرۇش، ھەق گەپنى قىلدىڭ، — دېدى زايىت بالون ئۆز ۋاقتىدىكى تەسىراتىنى ئەسلەپ، — راست گەپنى ئېيتسام، شۇ كۈنى مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىگەن نەمۇنىچىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا كىرمىگەن، پەقەت سېنىڭ سۆزۈڭنىلا ئىچ - ئىچىمدىن بېرىلىپ ئاڭلىدىم، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى. تېخى شۇنىڭ ئالدىدىلا خوتۇن دېگەن قانجۇق بىلەن پوق بولۇشۇپ چىققانىدىم. كۆڭلىكىمنى مايكام بىلەن قوشۇپ يىرتىپ، قورسىقىمغا ساڭگىلىتىپ قويغانىدى. يەڭگۈشلەي دېسەم، بىرەر ساق كۆڭلىكىم قالماپتۇ، يىغىنغا شۇ كۆڭلىكىم بىلەنلا كىرگەنىدىم، خەقتىن نومۇس قىلىپ، چاپىنىمنىڭ تۈگمىسىنى كېكىردىكىمگىچە ئېتىۋالدىم. . .

— قاخشاپلا كەتتىڭغۇ، ھەي يەلسىز بالون! — دېدى ئابلا كۇلۇچ ئۇنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

— ئەگەر سېنىڭ بېشىڭغا مەن كۆرگەن كۈنلەر كېلىدىغان بولسا، ئۇچىيىڭنى قوشۇپ چىچۋېتىسەن، جۇمۇ كىسپۇرۇش! — دېدى زايىت قىزىشىپ.

ئابلا كۇلۇچ پىسەنت قىلمىدى، ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن بولۇۋاتقان مۇنداق دەتالاشنى ئۇ جىمجىت تاغ ئارىسىدىكى زېرىكىشنى يوقىتىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئەرمىكى دەپ

قارايتتى.

— سەنمۇ تازا شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، شەنجاڭغا ئالىپ بارغان نوچى ئىكەنسەن! — دېدى ئۇ مەسخىرە قىلغاندەك، — مەن ساڭا ئوخشاش تاغنىڭ ئارىسىغا كىلىۋېلىپ خوتۇنۇمدىن زارلىمايتتىم، چىرايلىقچە خېتىنى بېرىپ، ئۆزى كەلگەن يارىم، ئۆزى كەتكەن يارىم، دەپ يولغا سېلىپ قوياتتىم. ئۇنداق كۆكەمە خوتۇنغا سۆگەلدەك چاپلىشىۋېلىپ نىمە قىلاتتىڭ؟!

— قانداق قىلىسەن، ئۇنى يامان، «بىشەم» دەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمىسا! — دېدى زايىت ئىللاجسىز قىياپەتتە، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر كۇنى كۇلۇپ، بىر كۇنى يىغلاپ دېگەندەك ئىسىمىزدە يوق تۆت بالا تۇغۇلۇپ قالغان - دە! — ئۇ، ئەمدى سابىرغا قاراپ بايىقى گىپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاشۇ كۇنى سىنىڭ گىپىڭدىن تەسىرلىنىپ، خوتۇنۇڭغا زوقۇم كەلدى، ئۇكام! پەرىشتىدەك چوكان ئىكەن! شۇنداق خوتۇنۇڭ بولغاچقا، كۇندە قاراماي بىلەن، تۆمۈر - تەسەك بىلەن ھەپىلىشىپ يۇرىدىغانلىقىڭغا قارىماي، كىيىمىڭگە قىل، ياقاڭغا كىر قوندۇرماي، ئۇرۇمچىنىڭ كاتتا زىيالىيلىرىدەك پارقىراپ يۇرىسەن!... شۇ كۇندىكى ھىلىقى گىپىڭ بەك توغرا جۇمۇ! ئائىلىدىكى ئىناقلىق، خاتىرجەملىككە دۇنيادا نىمە يەتسۇن؟! خوتۇن كىشى دېگەن ئەرنىڭ روھىي تۈۋرۈكى! كونىلاردا: «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەرقىلغانمۇ خوتۇن» دەيدىغان بىر گەپ بار، مانا مەن ئۆزۈمنى ئىيتسام، مۇشۇ تاقىر تاغنىڭ ئەرزىمەس چاڭ - توپىسىمەن!... — زايىت بالونىنىڭ ئاۋازى بىر خىل روھىي ئازاب بىلەن مىسكىنلەشتى. ئۇ، ئابلا كۇلۇچىنىڭ ئالدىدىكى ھاراق توشقۇزۇلغان پىيالىنى شارتتىدە ئېلىپ، بىرلا كۆتۈرۈۋەتتە ئىچتى - دە، مايلاشقان، كىر شەپكىنى ئاغزى - بۇرنىغا كەپلەپ بىرنەچچە قېتىم پۇرۇغاندىن كىيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، —

سىنىڭ ئۇكام، نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىچىنى كېچە دېمەي،
ھارغان ئاچقانلىقىڭغا قارىماي يول ماڭىدىغانلىقىڭنى بىلمەن،
ئۆيۈڭگە ئالدىرايسەن. خوتۇنۇڭنى، بالاڭنى سېغىنىسەن. مەنچۇ؟
مەن بولسام ئۆيدىن چىققۇچە كۆزۈم تۆت! ئۇنداق، زىلچە -
گىلەملەر سېلىنغان زېرىكىشلىك ئۆيدىن مانا مۇشۇنداق تاغ
ئارىسىدا ھاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ، تاش - شېغىللار ئۈستىدە
يېتىشنى ھۇزۇر ھېس قىلىمەن! . . . بولدى قوي، بۇلارنى
سۆزلەپ نېمە قىلاي! . . . سەنمۇ ھەيران بولما ئۇكام، ھېلىقى
يىغىندىكى گەپلىرىڭ ئېسىمگە كېلىپ سۆزلەپ سالدىم. . .
راست، بۇ يىل ئەتيازدا كالون بويىچە ئېچىلغان يىغىندا،
سابىر سۆزلىگەن، سۆزلىگەندىمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتتىم
دەپ، رەھبەرلىكنى نا ئۈمىدتە قويغانىدى.
سابىر بۇ يىل ئەتىيازدا، كالون بويىچە «ئەمگەك
نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالاندى. بىر كۈنى كەچتە ئېچىلغان
تەقدىرلەش ۋە تەسىرات سۆزلەش يىغىنىدا، دەسلەپ كالون
باشلىقى ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:
— يولداش سابىر بۇ قېتىم كالون بويىچە ۋەزىپە ئادا
قىلىشنىڭ بايراقدارى بولدى. ئۇ، بىر پەسىلدە ئون ئىككى مىڭ
يۈەن ساپ پايدا ۋەزىپىسىنى يىگىرمە مىڭ يۈەن ساپ پايدىغا
يەتكۈزدى. بۇ جەرياندا يەنە تۆت يۈز يەتمىش كىلو ماي ئىقتىساد
قىلىپ، ھەم تېجەشلىك، ھەم مەدەنىيەتلىك ماشىنا
ھەيدىدى. . . ، — دەپ ئاخىرىدا، سابىرنىڭ ئۆزىنى تەسىرات
سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.
سابىر ئاچچىق تاماكا ئىسىغا تولغان، جوزا - بەندىڭلىرى
قىڭغىر - سىڭغىر زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن تۇرۇپ، تۆت تەرىپىگە
خۇدۇكسىرەپ قارىدى. ئۇ، تېخىچە كۆڭلىدە نېمىدەپ سۆزلەشنى
ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئەتىگەن كالون باشلىقى ئۇنىڭغا:
«بۈگۈنكى يىغىندا تەسىرات سۆزلەيسەن، ئوبدانراق تەييارلىق

قىلىپ قوي!» دېگەندىمۇ قانداق سۆزلەيدىغانلىقى توغرىسىدا كاللىسىغا بىرەر پىكىر كەلمىگەنىدى. ئۇ، ئېرىنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

شوپۇرلار، تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنى سۆزلەشكە قىستىدى، بىرنەچچەيلەن تۇشمۇ تۇشتىن ئالىتاغىل ۋارقىرىدى:

— قېنى، ئۆزۈڭ بىر نىمە دە، سابىر، ئەمدى گەپنى لوقماندىن ئاڭلايلى!

— ھەي ئالدىغا چىقىپ گەپ قىلە! نىماندىق ئىشەك ھەيدەيدىغان تاياقتەك غادىيىپ تۇرسەن، قورقما، تىلىڭ ئۇپراپ كەتسە كالتا چەم سالىمىز!

— ھوي بوينۇڭنى مەستخۇش ئۆردەكلەردەك سوزۇپ، خوتۇنۇڭنى ئىزدەۋاتامسەن، نىمە؟!

پاراققىدە كۆتۈرۈلگەن كۈلكە بىلەن بىللە، ئۇ يەر - بۇ يەردىن غۇدۇرىغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلاندى.

سابىر نائىلاج ئالدىغا چىقتى، گويا يىغىننىڭ نىمە ئۇچۈن ئېچىلىۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئادەمدەك، يىنىدىكى كالون باشلىقىدىن:

— نىمە توغرۇلۇق سۆزلەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ساڭا ئەتىگەنلا ئېيتقانغۇ! — دېدى كالون باشلىقى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ، — نەمۇنىچى بولۇشتىكى تەسىراتىڭنى سۆزلىمەمسەن! ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىشىڭغا، ماي ئىقتىساد قىلىشىڭغا، بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك يول يۈرۈشۈڭگە تۈرتكە بولغان نەرسىلەرنىڭ نىمىلىكىنى، مەسىلەن، كاللاڭدا رول ئوينىغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەسىرلەرنى، لىبى قېيدىن ئۆگىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى... سۆزلىسەڭ بولىدۇ-بىر دۇ!

سابىر گېلىنى قىردى، ئازراق ئويلىنىۋالغاندەك قىلدى، ئاندىن قىسقىلا قىلىپ:

— سىلەرگە... ئاغىنىلەر... سۆزلەپ بەرگۈدەك ئالاھىدە ئىش يوق! — دېدى مۈرىسىنى قىسىپ، — گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، تۇرمۇشتا غەم - قايغۇم يوق، كۆڭلۈم خاتىرجەم... قانداق دېسەڭلار، كۆڭلۈم سۇ ئىچىدىغان ئىللىق ئۆيۈم بار، يۈرەككە كۈچ قۇۋۋەت بېرىپ تۇرىدىغان مېھرىبان خوتۇنۇم بار... شۇڭا، يول دېگەننى سانىماي مېڭىۋەردۇق...

زالدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، شوپۇرلارنىڭ بەزىسى قېقىنداپ، بەزىسى ھاھالاپ، بەزىسى تەسىرلىنىپ، بەزىسى ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. لېكىن بىرلا كالون باشلىقى كۈلمىدى، بەلكى ئۇ، قاپىقىنى سېلىپ، سابىرغا يەر ئاستىدىن گۆلىيىپ قويدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ سابىردىن كۈتكىنى، بۇنداق خاھىشچانلىقى يوق، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك گەپلەر ئەمەس، بەلكى «سىياسىي ئېڭىمنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ... توغرا لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە... رەھبەرلىكنىڭ غەمخورلۇقىدا... دېگەندەك، قېلىپلىشىپ قالغان سىياسىي ئاتالغۇلار بىلەن سۆزلەش ئىدى. لېكىن، سابىر ئۇنداق دېمىدى. ئەكسىچە ئۇ، ئۆزىگە ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، روھىي دۇنياسىغا ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىغا بىلىندۇرمەي سىڭىپ كەتكەن ناھايىتى بىۋاسىتە، ئەمما بەكمۇ ئىنچىكە، بەكمۇ نازۇك، بەكمۇ سەزگۈر تەسىراتىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلىگەنىدى. كالون باشلىقى ئۇنىڭ بايا سۆزلىگەن سۆزى بەلكىم مۇقەددىمە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، زالدىكىلەرنى جىملىدى:

— بولدى - بولدى، كۈلكە پاراڭنى توختىتىڭلار! قېنى سابىر، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر.

لېكىن كۈتۈلمىگەن يەردىن سابىر دولىسىنى چىقاردى:

— گېپىم تۈگىدى...

— تۇگىدى؟! — كالون باشلىقى ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپ قالدى. يىغىن گەرچە كالون باشلىقىنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن سابىرنىڭ قىسقا، ئەمەلىي سۆزى كالوندا خېلى تەسىر قوزغىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن بەزىلەر ئۆز قەلبىنى ئاختۇردى. ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى، خوتۇن ـ بالىلىرى، تۇرمۇشى توغرۇلۇق ئويلاندى. ئويلىنىش ئۇلارنى سابىردەك ياشاشقا، سابىردەك ئىشلەشكە رىغبەتلەندۇردى، دەۋەت قىلدى، يېتەكلىدى... مانا، بۈگۈنمۇ شۇ يىغىن ئۆتۈپ، ئۈچ ئايدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قاقاس تاغ ئارىسىدىكى يىراق بىر تاش ئۆتەڭدە يەنە شۇ گەپ بولۇۋاتاتتى.

— گەپ دېگەننىڭ شۇنداق پوسكاللىسى يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ، ئۇكام! — دېدى زايىت بالون تاغ شامىلىدا ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مەن سىنىڭ شۇ گەپلىرىڭدىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يەتكەندەك بولدۇم. بىراق بۇنىڭ راست گېپى، شۇ چاغدا كالون باشلىقىغا ياقمىدى ـ دە! — دېدى ئابلا كۈلۈچ ھاراقتىن بىر سۇمۇرۇپ.

— كالون باشلىقىغا ياقمىغان بىلەن كۆپچىلىككە ياقتى، — دېدى زايىت بالون ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — يالغان گەپ بىلەن تاج كىيگۈچە، راست گەپ بىلەن جان بەرگەن ياخشى! قېنى ھارىقىڭ، قۇيە!

بۇ ئارىلىقتا، سابىر بىر ـ ئىككى تىلىم تاۋۇز بىلەن بىر پارچە ناننى يەپ قورسىقىنى غەملىۋالدى. ئۇ، ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دېۋىدى، ئابلا كۈلۈچ يەنە ھاراق تەڭلەپ تۇرۇۋالدى:

— بىر رومكا ئىچ سابىر، بۇ سەن بىلەن خوشلىشىش ھارىقى! — دېدى، ئۇ بىر نەرسىدىن كۆڭلى قىيمىغان قىياپەتتە، — ئاڭلىسام سېنى يۆتكەپ كېتىدىكەن، ئەمدى بۇ

يوللاردا سەن بىلەن بىرگە بولالمايدىغان ئوخشايمىز!

— راستىما؟! — زايىت بالون ئۆزىمۇ تۇيمىغان هالدا توۋلىۋەتتى، — راست بولسۇن، ئىلاھىم! سەن بولساڭمۇ كەت، ئۇكا! بۇ تۈگىمەس يوللارنىڭ جاپاسى بىز بىلەنلا كەتسۇن! — ئۇ، غەم باسقاندەك شۈكلەپ قالدى.

— شۇنداق گەپ بار، لېكىن قەيەردە بولساق، بىز يەنە تەقدىرداش، زايىت ئاكا! — دېدى سابىر كۆڭۈل ياساپ، — مەن بۇ سىرداش ئۆتەڭلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن!

— ئەمىسە، ئىچە! — دېدى ئابلا كۈلۈپ ئۇنى يەنە زورلاپ، — مۇشۇ يول، مۇشۇ ئۆتەڭلەرنىڭ سىرداشلىقى ئۈچۈن ئىچ!

— سابىر سەپدىشىنىڭ قولىنى، كۆڭلىنى قايتۇرالمىدى، تۇنجى قېتىم ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا، بىر رومكا ھاراقنى قوش قوللاپ ئىچىۋەتتى.

— بولدى، ئەمدى ماڭ ئۇكا، — زايىت بالون ئۇنى ناخۇشلۇق بىلەن ئۇزاتتى، — خۇدا سېنى پاناھىدا ساقلىسۇن!

سابىر ئۇلار بىلەن خوشلاشتى، جىمجىت تاغ ئارىسى يەنە گۈرۈلدەپ جانلاندى، بىر جۈپ ئۆتكۈر نۇر بارغانسېرى يىراقلاشتى...

بۇ، سابىر ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سەپەر بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيگە بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، يۆتكىلىش رەسمىيەتىنى ئۆتىدى. ئەر - خوتۇننىڭ جەم بولۇشى بۇ ئائىلە ئۈچۈن تېخىمۇ زور خۇشال - خۇراملىق ئېلىپ كەلدى.

## 3

قۇربانوف كۈتۈلمىگە بىر ئەنگۈشتەرگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئەنگۈشتەر ئەمدى ئۇنى ئۇزۇندىن بېرى

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىگە پۈككەن، ئەمما يېتەلمەي يۈرگەن ئارزۇ ــ ئارمانلىرىغا يەتكۈزىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ خېلىدىن بېرى ئايچېچەكنى كۆز قىرىغا ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇنى ئۆزى كۆزەتتى، ئەتراپتىن تىڭ ـ تىڭلىدى، لېكىن نەتىجە ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي چىقتى. ئايچېچەك هايت دېسىلا ئىندەككە كېلىدىغان ھېسسىياتى سۇيۇق، يېڭىلتەك چوكانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قۇربانوف نىيىتىدىن يانمىدى. بەلكى بۇ نىيەت بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئەسەبىيلەشتى. ئۇ، مۇنداق ئويلايتتى: نەدىمۇ شامال ئۆتمەيدىغان تام بولسۇن؟! كونىلارمۇ «يېپىشقان خوتۇندىن قاچ، قاچقان خوتۇننى قوغلا» دېگەن. ئۇنى قوغلاۋەرسەم بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى جەزمەن قوغلاپ يېتىمەن!

ئۇ راستتىنلا، مارافونچە يۈگۈرۈپ، ئايچېچەكنى كۆزدىن قاچۇرماي قوغلاشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، سابىرنى يۆتكەپ كەلدى. بۇ ئىش قارىماققا، ئۇلارغا قىلىنغان چەكسىز غەمخورلۇقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، تېگى ـ تەكتىدىن قۇربانوفنىڭ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئاجايىپ ئىنچىكە، شۇم پىلانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى ئىدى. ئۇ سابىرنى شوپۇرلۇقتىن يۆتكەش باھانىسىدە، ئۇنى تېخىمۇ يىراققا ھەيدەپ ئايچېچەكنى ئەرسىز، ھىمايىسىز، قارانچۇقسىز قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا، ئېڭىغا، روھىغا، تېخىمۇ چوڭقۇر قىستۇرۇلۇپ كىرمەكچى ئىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېيىنكى كۈنلەردە، ئايچېچەكنىڭ شۆھرىتى ئېشىپ، نامى تونۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئادەمگە ئايلانغانسېرى، قۇربانوفنىڭمۇ ھەۋىسى كۈچىيىپ ئۇنى ئىندەككە

كەلتۈرۈش يالغۇز شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتە، زور تەمەننا ھەم شان شەرەپكە ئىگە بولۇش ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى. . .

ئۆتكەن قېتىمقى ئويۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايچېچەكنى ماشىنا بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشى مانا شۇ مارافونچە «قوغلاش»تىكى بىرىنچى قېتىملىق يېتىشىۋېلىش ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ، بىرنەچچە تەرەپلەردىن ئايچېچەكنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ بېقىپ، ئۆز ھۆكمىنىڭ ئانچە خاتا ئەمەسلىكىگە ئىشەندى. لېكىن ئەتىسى باھالاش كومىسسىيىسىدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىش باھانىسىدە، ئۆمەك باشلىقى ئىلياس ئارقىلىق ئۇنى چاقىرتقاندا، ئايچېچەكنىڭ سەۋەبسىزلا كەلمەي قويۇشى، دەسلەپ ئۇنى خېلى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تەجرىبىلىك بۇ ئادەم يەنە ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى بەزلەپ، بۇنداق كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى ئاياللار تۇرمۇشىدا بولۇپ تۇرىدىغان «كىچىككىنە سىر» دەپ چۈشەندى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ «قوغلاش» مۇساپىسىدە كۈتۈلمىگەن، مۆجىزىلىك بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ قېتىم ئۇ، ئايچېچەكنى قوغلاپ يېتىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە تەقەززاسى بىلەن نەق چاڭگالىنىڭ ئۆزىگە كىرگۈزۈشىنىڭ چوڭ دەسمايىسىگە — ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان، قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان جىلۋىدار بىر ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولغانىدى! . . .

ئۇ بۈگۈن ئۆمەككە تېلېفون بېرىپ، ئايچېچەكنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى، ئايچېچەكمۇ ھايال بولماي كەلدى. ئاستىغا گىلەم سېلىنغان، ئەينەكلىك ئىشكاپ، بولغار كرېسلولار

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان بۇ ئىشخانا خېلى كۆركەم، ئازادە ئىدى. ئايچېچەك تارتىنغان، قورۇنغان هالدا ئىشكىنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا ئامانەتكىلا ئولتۇردى.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، ئايچېچەك، — دەپ قايتا - قايتا تەكەللۇپ قىلدى قۇربانوف، — ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە ئولتۇرۇڭ! خوش... ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ سابىر كۆنۈپ قالغاندەك قىلامدۇ؟

ئايچېچەك خۇشاللىق بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

— كۆنۈپ قالدى قۇربانوف ئاكا، سىزگە كۆپ رەھمەت! بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئۇ بەك رازى، شىركەتتىكىلەرمۇ يەكلىمەي ئارىسىغا ئاپتۇ...

سابىرنىڭ يۆتكىلىپ كېلىشى دەل قۇربانوفنىڭ پىلانى بويىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ «خانتەڭرى سودا شىركىتى»نى قۇرغان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. قۇربانوف ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىغان قىياپەتتە، ئاشۇ شىركەتكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. هازىر بۇ شىركەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى.

— سابىر ئۇزۇن يىل شوپۇرلۇق قىلىپ كۆپ جاپا چەكتى، — دېدى قۇربانوف ئىچ كۆيدۈرگەن قىياپەتتە، — ئەمدى راھەت كۆرمىسە بولمايدۇ. هازىر ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، پۇل تېپىش دەۋرى. ئەمدى ئۇمۇ جاھان كېزىپ ئېچىگە ئاز - تولا ماي يىغسۇن! قانداق دېدىم ئايچېچەك؟

ئايچېچەك يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈردى:

— سابىرنىڭ، ئائىلىمىزنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، قۇربانوف ئاكا! ئىشقىلىپ ئۇنى يولنىڭ، ماشىنىنىڭ جاپا مۇشەققىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدىڭىز!

— خوش ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى قۇربانوف بىر تال فىلتىرلىق تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ، —

ئايچېچەك چەت ئەللەرگە چىقىشنى خالامسىز؟ — بۇ سوئالنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى كۆرەڭ، قىياپىتى مەغرۇر ھالەتكە كىردى. تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، گەۋدىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۇكىگە تاشلاپ، ئۇچ بۇرجەك قىسىلغان كۆزلىرىنى ئايچېچەككە تىكتى. ئايچېچەك دەسلەپ ھودۇقتى، سوئال ئۇنىڭغا بەكمۇ تۇيۇقسىز ھەم تاسادىپى تۇيۇلدى. لېكىن ئاستا - ئاستا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جىمىرلىتىپ، كۆڭلىگە پاتماي كېلىۋاتقان بىر خىل قىزغىن تەلپۈنۈش، جاھان كۆرۈش ئىستىكى بىلەن يانغان بىر خىل غايىۋانە خۇشاللىق ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ، دەرھال زۇۋانغا كەلتۈردى:

— ئەلۋەتتە خالايمەن قۇربانوف ئاكا، ئادەم تۇغۇل، ئۇچار قۇشلارمۇ جاھان كېزىشنى ياخشى كۆرىدۇغۇ!...

قۇربانوف ئالدىرىماي، سالاپەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى، قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى.

— يۇقىرىدىن بىزگە ئىككى سان بېرىپتۇ، — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى ۋە ئۇنىڭغا ئادەم ھېيىقۇدەك نەزەر بىلەن قاراپ داۋام قىلدى، — بۇ قېتىم چىقىدىغان يەر بىر ئەمەس، بىرنەچچە دۆلەت ئىكەن، بۇنداق پۇرسەت ھەمىشە بولمايدۇ، مەن بۇ ساننىڭ بىرىنى سىزگە بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن، بەلكىم بۇ ئاسانغان چۈشمەس! چۈنكى بىزدە تالانتلىقلار، نامى بارلار، پېشقەدەملەر كۆپ، شۇنداق بولسىمۇ، سىزنىڭ ئورنىڭىز، ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن قاراملىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم...

— كۆڭلۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت، قۇربانوف ئاكا، دېدى، — ئايچېچەك خۇشاللىقىدا ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ...، — دېدى قۇربانوف ئايچېچەكنىڭ يەلكىسىدىن ئاستا بېسىپ ۋە ئۆزىمۇ ئايچېچەك بىللە ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، — بۇنچىلىك ئىش ھېچگەپ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ئايچېچەك. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، سىزنى ئۆزۈم بېشىمغا ئېلىپ جاھان كەزدۈرەتتىم، — شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۇ، ئايچېچەكنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئاستا ئۆزىگە تارتتى. ئايچېچەك خۇددى چايان چاققاندەك ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، كۆزلىرى ئەلەمدىن چەكچەيگەنىدى...

كۇتۇلمىگەندە قۇربانوف بەكمۇ ناساز كۇلدى، ۋە يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ كەتتى.

— نېمانچە ھۇركۈيسىز ئايچېچەك؟! — دېدى ئۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كرېسلوغا قاڭتىيىپ، — مەن قانداق قىلاي، كونىلاردا «بەك تاتلىق بولما، چىۋىن ئارامىڭنى بەرمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، سىزنىڭ گۈزەل چىرايىڭىز، ئويناق ناخشىلىرىڭىز مېنى مەپتۇن قىلدى، مۇھەببەتتە گۇنا يوق، ئايچېچەك. ئارقىڭىزدىن كۆپ پالاقشىدىم، ئەمدى ماڭا قارايدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى... مېنى ئۇنچە قىينىماڭ!...

— بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ئۇيالمامسىز، قۇربانوف ئاكا؟! — دېدى ئايچېچەك ئۆزىنى سەل - پەل تۇتۇۋېلىپ، — مېنىڭ ئېرىم بار، بالام بار، سىزمۇ نەۋرە كۆرگەن ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتىسىز، مەن پەقەت سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن....

— بۇنداق دىپلوماتچە گەپلەرنى قويۇڭ، ئايچېچەك، — دېدى قۇربانوف يەنە نىيىتىدىن يانماي ياغلىما گەپلەرگە ئۆتۈپ، — كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى قىلىشايلى، مەن سىز ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەسلى - ۋەسلىمنى ئاتاپ قويغان، پەقەت سىزلا...

— ماڭا ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئەسلى - ۋەسلى كېرەك ئەمەس! — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سابىرنىڭ ئەسلى - ۋەسلى يېتىپ ئاشىدۇ!

— لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭ ئايچېچەك! دېدى قۇربانوف بۇ قېتىم سەل - پەل تەھدىت ئارىلاش، — مەن بەرگەننى سابىر سىزگە بېرەلمەيدۇ!

ئايچېچەكمۇ بوش كەلمىدى:

— سابىردىن باشقا ئادەملەرنىڭ بەرگەن نەرسىسىنىڭ ماڭىمۇ لازىمى يوق!

— شۇنداقمۇ؟! — قۇربانوف يوغان گەۋدىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئورنىدىن قوپتى، — چەت ئەلگە چىقمىشچۇ؟!

ئايچېچەك بىر پەس شۈكلەپ قالدى، كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ھەر خىل خىياللار ئۆتتى، شان - شەرەپ ئۇنى قىزىقتۇرسا، نومۇس ۋە دىيانەت ۋىجدانىنى چاقىراتتى...

قۇربانوف ئۇنىڭ زۇۋان سۈرمەي جىمىپ قالغانلىقىغا قاراپ، قولىدىكى ئەڭگۈشتەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز كۈچ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. شۇ ئەمەسمۇ؟ بايا شۇنچە كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى پەرىشتىدەك پاك كۆرسەتكەن ماۋۇ چىرايلىق ناخشىچى مانا ئەمدى بېشىنى ئېگىپ سۈكۈتكە چۆمۈپ كەتتىغۇ! سۈكۈتنىڭ ئۆزى رىزا، دېگەن گەپ بار. ئەمدى ئۇ، قېچىپ نەگە بارىدىكەن؟ قولۇمغا چۈشكىنى - چۈشكەن!...

لېكىن ئايچېچەكنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىققان مەردانە، كەسكىن ئاۋازى ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى:

— ياق! ماڭا ئۇنداق پۇت - قولۇمغا كىشەن بولۇپ سېلىنىدىغان شان - شەرەپنىڭ لازىمى يوق...

ئايچېچەك شۇ گەپلەرنى قىلىپ قۇربانوفقا قاراپمۇ قويماي ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە بېشىنى سىلكىپ قويۇپ، ئىشخانىدىن تاس - تاس مېڭىپ چىقىپ كەتتى...

قۇربانوف ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، قۇلىقى تۇۋىدە ئايچېچەكنىڭ ئاياغ ئاۋازى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇ

تۇرقىدا، مېغىزرەڭ توپلىيىنىڭ، نال قويۇلغان ئىنچىكە پاشىنىسى قاتتىق يەرگە ئەمەس، بەلكى قۇربانوفنىڭ يۇمشاق، قارام يۈرىكىگە تېگىۋاتقاندەك، ئازابلىق تۇيۇلدى...

× ×

شۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن، قۇربانوف ئۆمەك باشلىقى ئىلياسنى چاقىرىپ، چەت ئەلگە چىقىدىغان ئىككى ئادەمنى رەسمىي بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلياس بىرنەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىش، ئاممىدىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق ئىككى نامزاتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ، ئاخىردا مۇنداق دېدى:

— ناخشىچى ئايچېچەككىمۇ، ئۇسسۇلچى ئاتىكەمگىمۇ ھەممەيلەن قوشۇلدى. بۇ ئىككىيلەن مەيلى كەسىپ جەھەتتە، مەيلى سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە بولسۇن تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ!...

— لېكىن، سىلەر مۇھىم بىر نۇقتىسىنى ئۇنتۇپ قاپسىلەر! — دېدى قۇربانوف تاماكىسىنى ئاچچىق - ئاچچىق شوراپ ئولتۇرۇپ، — ياش مەسىلىسىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپسىلەر. ياشقا قاراپ باش بولىدۇ، ياشقا قاراپ تۆھپە بولىدۇ! مەن ئاتىكەمنىڭ نامزاتىغا قوشۇلىمەن. ئۇ، كەسىپتە ياخشى، رەھبەرلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. خوش... ئەمدى ئايچېچەككە كەلسەك، بۇ نامزات مۇۋاپىق بولماپتۇ، ئەتراپلىق ئويلاشماپسىلەر...

قۇربانوف گەرچە ئايچېچەكتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چەت ئەلگە چىقىرىش نىيىتىدىن يالتايغانىدى. ھېلىقى كۈنكى سۆھبەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باسالماي سەل ئالدىراپ قېلىپ، ئايچېچەكنى ھۈركۈتۈپ



www.uyghurkitap.com

قويغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا، باسماققا دانىنى كۆپرەك سېلىپ، ئارغامچىنى ئۇزۇنراق قويۇپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئايچېچەكنىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسى بىلەن شەپقەتسىز سۆزلىرىدىن زەخمە يېگەن غۇرۇرى ئۇنى بۇ قېتىمقى سودىدا ئازراقمۇ يۇز - خاتىرە قىلماي، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشقا چاقىرغانىدى!

— ئۇ ياش، تالانتلىق، قۇربانوف جۇيجاڭ، — دېدى ئىلياس ئالدىراپ ئېتىراز بىلدۇرۇپ، — ھازىر ناھايىتى تېز كۆزگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ...

— ھەببەللى! — دېدى قۇربانوف بىرەر ساپاققا ئېسىلغاندەك جانلىنىپ، — مەسىلە مانا شۇ ناھايىتى تېز كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقانلىقتا بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا ھازىر ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، غادىيىش ئىللەتلىرى باش كۆتۈرۈپ قاپتۇ، ئۇ ھەتتا رەھبەرلىكنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان ھالغا يېتىپتۇ، بۇ ھالدا ئۇنى ئەتىۋارلاپ چەت ئەلگە چىقارساق، تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا پالتا چاپىدۇ. شۇڭا، ئايچېچەك مەسىلىسىدە ئالدىرىمايلى، ئەگەر ئۇ ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالىسا، ئۇنىڭغا تېخى پۇرسەت ناھايىتى كۆپ!

ئىلياس چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆڭلىدىكى نارازى پىكىرلەرنى تەئەججۇپتە چەكچەيگەن كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى:

— بىزگە ئۇنداق ئىشلار سېزىلمىدىغۇ، جۇيجاڭ؟ كۆپچىلىكتىنمۇ ئۇنداق ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ باقمىدۇق...

— سىلەر ئاڭلىمىغان بىلەن مەن ئاڭلايمەن - دە! — دېدى قۇربانوف، باشلىققا خاس تەلەپپۇز بىلەن، — ماڭا يۇقىرىدىكى رەھبەرلەرمۇ ئېيتىدۇ، تۆۋەندىكى ئاممىمۇ يەتكۈزىدۇ. باشلىق دېگەن شۇ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان گەپ! بولدى، بۇ گەپنى تالاشمايلى، ئايچېچەكنى قالدۇرۇش رەھبەرلىكنىڭ

پىكرى، ئۇنىڭ ئورنىغا گۇلنازنى سەپلەيلى، ماتېرىيالىنى دەرھال تەييارلاڭلار، ئىدارە نامىدىن يوللايمىز!

ئىلياسنىڭ كاللىسى يەنە قوداڭشىدى:

— گۇلناز بولماسمىكىن؟! — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۇرغۇلۇق چۇشۇرۇپ، — ئۇ، رېستوران، قەھۋەخانىلاردا تولا ناخشا ئېيتىپ ئاۋازىنى بۇزۇۋالدى، ئەگەر ئۇنى يوللىساق، كۆپچىلىككە چۇشەندۇرمەك تەس!...

ئەمدى قۇربانوفمۇ ھوقۇق پىچىقىنى شىلتىپ، ئۆز ھۆكۇمىنى ئاققۇزۇشنىڭ كويىغا چۇشتى:

— يولداش ئىلياس، ھازىر بۇ ئىشنى كۆپچىلىككە چۇشەندۇرۇش تەس ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ كاللىڭىزدىن ئۆتكۇزۇش تەس بولۇۋاتىدۇ. بىلىپ قويۇڭ، بۇ گەپنى مەن مۇنداقچىلا دەۋاتقىنىم يوق، بىزمۇ ئىدارە پارتىيە گۇرۇپپىسىدا بىرنەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئاخىر ئاشۇنداق پىكىرگە كەلگەن. بۇگۇن سىزدىن پەقەت سوراپلا باقتىم، تەكلىپلىرىڭىزنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. لېكىن سىزمۇ بىلىسىز، گۇلناز كونا ناخشىچى، خېلى بىر مەزگىل سەھنىلەرگە ھۆكۇمرانلىق قىلغان، ئۇنى كېچە - كۇندۇز ئىشلىتىشنى بىلىپ، ئەمدى شان - شەرەپ كېلىدىغان چاغدا ئۇنتۇپ قالساق بولماس! ئەڭ مۇھىم تەرىپى، ئۇنى چەت ئەلگە چىقىرىش — بىرمۇنچە كونا ئارتىسلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشتىكى ياخشى چارە! بولمىسا بىز بېشىمىزغا سىركە قويۇۋالىمىز! شۇنداق بولسۇن، رەھبەرلىك ئەتراپلىق ئويلاشتى، سىز بېرىپ ئىككىسىنىڭ ماتېرىيالىنى تېز يەتكۇزۇپ بېرىڭ، ھازىرچە بۇ ئىش قەتئىي مەخپىي بولسۇن، كېيىن يۇقىرىدىن رەسمىي ئۇقتۇرۇش كەلگەندە، كۆپچىلىككە ئېلان قىلىسىڭىز بولىدۇ! — ئۇ گەپ تۇگىدى دېگەندەك، ئىلياستىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئالدىدىكى تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولغا ئالدى.

ئىلياس ئىشخانىدىن خاموش قايتىپ چىقتى، كۆڭلىدە بىرمۇنچە گەپلەر بولسىمۇ ئۇچۇق ئېيتالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولاتتى. ئايچېچەكنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گۈلنازنى سەپلەش ئۇنىڭ نەزەرىدە، بەكمۇ تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىق بولاتتى. ئۇ، رەھبەرلىكنىڭ پىكرى دېگەن گەپنىڭ ئاستىدا، بىرمۇنچە شەخسىي غەرەز، مۇددىئا ۋە ئويۇنلارنىڭ بارلىقىنى غىل - پال بىلسىمۇ، لېكىن بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر قۇربانوفنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمىدى! شۇنداق، ئادەم دېگەن قىزىل يۈز نېمە، ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتۈۋاتقانلار قاراپ تۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ يۈزىدە ئاياغ بېسىشنى خالىمايدۇ! بۇمۇ خۇددى «سەن ياخشى - مەن ياخشى، تونۇر قىزىق نان ياخشى!» دېگەندەكلا ئىش!

ئىلياس ئويلاپ قويدى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكىلەر «رەھبەرلىكنىڭ پىكرى» دەپ ئاغزىغا تاقاق سالغىنىكەن، ئۇمۇ ئاستىدىكىلەرگە «يۇقىرىنىڭ پىكرى» دېگەن ئۇلۇغ، ئەمما ھېچقانداق تۇتقۇسى يوق ياپىلاق گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرقانداق پىكىر ۋە نارازىلىقلىرىنى باسالايدۇ. شۇغىنىسى ھازىر ئەمەس، بۇ تېخى قەتئىي مەخپىي، ۋاقتى كېلىپ، ئىسمىلىك ئاشكارا ئېلان قىلىنغاندا شۇنداق بولىدۇ! . . .

لېكىن «تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەندەك، قۇربانوف بىلەن ئىلياس ئوتتۇرىسىدىكى «قەتئىي مەخپىيەتلىك» بىرنەچچە كۈنگە بارماي ئاشكارىلىنىپ بولدى. ئۆمەكتە گۇرۇردە گەپ - سۆز تارقالدى، گۈلناز كېرىلىپ، كۈندە نەچچە ياڭزا ياسىنىپ، خۇشاللىقىنى، ھەيۋىتىنى ھەم كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ ئىستاژىنى، سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ، ئايچېچەكنى چىشلەپ تارتىشقا باشلىدى:

— ۋاي قوۋۇرغام! . . . «ئاھ، ۋاھ. . . كۆيدۈم، سۆيدۈم» دېگەندەك غەزەللەرنى ئېيتىش بىلەن ئۆزىنى ناخشىچى

ھېسابلاپ كېتىپتۇ! مانا كۆردۇققۇ، يەنىلا تەشكىلنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، كىمنىڭ مىس، كىمنىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ! ئەگەر ئۇ خېنىم چەت ئەلگە چىقىپ قالسا، تېخىمۇ جاھانغا پاتماي، يەر ئەمەس ئاسماندا ماڭىدىكەن! . . . ئۇنداقلارغا چەت ئەل سەھنىسى نەدە تۇرۇپتۇ، سايىسىگە قاراپ بويۇم ئېگىز دەپ چۈشەكەپ يۈرمىسۇن!

ئايچېچەك ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش نامزاتلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا گۈلنازنىڭ سەپلەنگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا خېلى ئېغىر كەلدى. بىر ـ ئىككى كۈن ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچتى، لېكىن ئاستا ـ ئاستا بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى. ئادەم نېمىلەرگە كۆنمەيدۇ؟ ئىشىك پاكار بولسا ئېگىشىپ كىرمەكتىن باشقا چارە يوق ـ دە! ئۇ پەقەت نۇرجانغا ئازراقلا دادخورلۇق ئېيتىپ، ئىچ قارىنى بوشىتىۋالدى، خالاس! دادخورلۇق ئېيتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چانىقى قىزاردى، لېكىن ياش چىقمىدى. چۈنكى ئۇ، ۋىجدان ئالدىدا ئۆزىنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىنى، ئۆزىنى بۇلغاش ھېسابىغا كېلىدىغان شان ـ شەرەپتىن ئىككىلەنمەي ۋازكەچكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا، ئۇنىڭ روھى ئازابلانمىدى، قەلبىمۇ خورلۇق ھېس قىلمىدى. بەلكى نۇرجانىنىڭ: «توغرا ئايچېچەك، خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئاسان، لېكىن دەرد ـ ئەلەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن ئاسان كۆتۈرۈلمەيدۇ! لېكىن بىر نەرسىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك: دەرد ـ ئەلەم ئىرادىسى ئاجىز، روھى زەئىپ ئادەملەرنى تاپسا ناھايىتى كۈچىيىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئويلاۋەرمەسلىك كېرەك. ھەممە نەرسە، ھەتتا دەرد ـ ئەلەممۇ كونىرايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەتئىي ئېتىقاد ۋە غەيرەت زۆرۈر، ئادەم تىرىك ئىكەن، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك، مۇھىمى مانا شۇ!» دېگەن

سۆزلىرى بىلەن تېخىمۇ جانلىنىپ، ئۆزىنى سەھنىگە، ناخشىغا بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق ئاتىۋەتتى. . .

ئۇنىڭ يېقىندا تېلېۋىزوردا ئېيتقان «تولۇن ئايلىق كېچە» ناملىق ناخشىسى كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە شۆھرەت قازاندى؛ يۈزلەپ لېنتىلارغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۆي ـ ئۆيلەردە، دۇكان ـ ماگىزىنلاردا، ھەتتا ئاشخانىلاردىمۇ، بەس ـ بەستە ياڭراپ كەتتى. سىرتتىن كەلگەن كىشى گويا شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدىن بىرلا ئايالنىڭ نەپەس، ئويناق ھەم مەردانە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېزىتخانىنىڭ بىر مۇخبىرى بۈگۈن ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلدى.

— ئايچېچەك، يېقىندىن بېرى سىز ۋە سىزنىڭ ناخشىڭىز توغرىسىدا گېزىتخانىمىزغا نۇرغۇن خەتلەر كەلدى، بەزىلەر سىزنىڭ ھاياتىڭىز بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇشنى خالايدىكەن، — دېدى مۇخبىر كېلىش مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، — مەن بۈگۈن سىزنى زىيارەت قىلىپ، سىزنىڭ ناخشىڭىز ۋە ھاياتىڭىز توغرىسىدا تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يازماقچىمەن!

كۈتمىگەن يەردىن ئايچېچەك مۇخبىرنىڭ تەلىپىنى سەممىمىي ئۆتۈنۈش بىلەن رەت قىلدى:

— يولداش مۇخبىر، خوش بولاي، مەن توغرۇلۇق بىر نەرسە يازماڭ. . . نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ مەن ئەمدىلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋىدىم، بەزىلەر مېنى «ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى! . . . » دېگىلى تۇردى، بۇ ھالدا داۋاملىق ئالغا بېسىشنى ياكى بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشنى بىلمەي قالدىم. . . شۇڭا مېنىڭ ئىشلىرىم توغرىسىدا گېزىتكە بىر نەرسە يازغانىڭ ئورنىغا، «بۇسۇپ چىقىش ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىك بولامدۇ؟» دېگەندەك مەزمۇندا بىر پارچە ماقالە يازسىڭىز قانداق؟ بۇنىڭ پايدىسى چوڭراق بولىدۇ. . .

مۇخبىر بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ، ئۆمرىدە ئۆزى توغرىسىدىكى ماختاش ماقالىسىنى رەت قىلىۋاتقان تۇنجى ئادەمنى ئۇچرىتىۋاتاتتى. ئۇ، ئۇن نەچچە يىلدىن بىرى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە نۇرغۇن ئادەملەرنى ماختاپ، تونۇشتۇرۇپ، ماقالىلار يازغان، بۇ جەرياندا بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئۆزىنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قىزغىن ساخاۋەتلىك ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەنىدى. ھالبۇكى ئۇ، بۈگۈن، مانا شۇ تاپتا، ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان، قاپقارا يوغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، كىچىك، چىرايلىق ئاغزىنى ئۈمچەيتكەن گۈزەل، يېقىملىق ھەم ئوماق بىر چوكاندىن ئاشۇنداق سەممىي ئىلتىجا بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان زەئىپ بىر چۇقاننى ئاڭلاۋاتاتتى.

— سىز دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ئالاھىدە ماقالە يېزىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى مۇخبىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاچچىق تۇيغۇلارنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، — كېيىسىپ ئېيتىش كېرەككى، بۆسۈپ چىقىش ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىك بولمايدۇ. مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بىز ھازىر ھەممىمىز شوخلىنى ياخشى كۆرۈپ يەيمىز، لېكىن سىز ئۇنىڭ تاماق ئۈستىلىگە كېلىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ شوخلا ئەسلى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئورمانلىقلىرىدا ئۆسۈپ، «بۆرە شاپتۇلى» دەپ ئاتالغان بىر ئۆسۈملۈك ئىكەن. ئۇ، پىشقان ۋاقتىدا ناھايىتى رەڭدار، چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بەكمۇ پەخەس بوپتىكەن. ئۇنى پەقەت كۆرۈپ، ھوزۇر قىلغان، ئەمما تېتىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماپتىكەن، XVI ئەسىردە، ئەنگلىيىلىك بىر كىنەز جەنۇبىي ئامېرىكىغا ساياھەتكە بېرىپ، بۇ چىرايلىق مېۋىنى ئۆزىنىڭ مەشۇقىغا سوۋغا قىلىپ ئالغاچ كەپتۇ. شۇندىن كېيىن،

ياۋروپالىقلار شوخلىنى «مۇھەببەت ئالمىسى» دەپ باغلىرىغا تېرىۋېلىپ، مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سۆيگەن كىشىلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان بوپتۇ. لېكىن يەنىلا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تېتىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. XVIII ئەسىرگە كەلگەندە، فرانسىيىلىك بىر رەسسام، ھايات خەۋپىگە قارىماي ئۇنى تېتىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىپ، شوخلىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئاخىر ئېچىپ تاشلاپتۇ! ئويلاپ بېقىڭا ئايچېچەك، ئەگەر ئاشۇ رەسسام پىداكارلىق بىلەن شوخلىنى تېتىپ باقمىغان بولسا، شوخلا تاكى ھازىرغىچە ياكى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئورمانلىرىدا ۋە ياكى ياۋروپانىڭ باغلىرىدا ئۆسكەن بولاتتى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ چىنە تەخسىلىرىمىزدىكى تەملىك يېمەكلىك بولالمايتتى. ئەمدى بىز ئەنە شۇ شوخلا بىلەن تەييارلانغان مەززىلىك تاماقلارنى يەپ ئولتۇرۇپ، بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ سىرىنى ئاچقان كىشىنى «ئۆزىنى كۆرسەتكەن» دېسەك، ئادىللىق بولماس! خۇددى شۇنىڭدەك بەزىلەر سىزنىڭ يېقىملىق، ياڭراق ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ھوزۇرلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ» دېسە، بۇمۇ ئەلۋەتتە ئادىل باھا بولمايدۇ! ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە سەنئەت رىقابىتى داۋامىدا، بۆسۈپ چىقىشنى، تۆھپە يارىتىشنى تالىشىش روھى ئىنتايىن قىممەتلىك! چولپان بولۇشنى ئويلىمايدىغان ناخشىچىنى ياخشى ناخشىچى دېگىلى بولمايدۇ! دەرۋەقە، تۇرمۇشىمىزدا بەزىبىر ئىچى تار، كۆزى كىچىك ئادەملەر يوق ئەمەس! ئۇلار قورسىقىغا سەللا يوغان نەرسىلەرنى سىغدۇرالمايدۇ، كۆزى سەللا رەڭدار نەرسىلەردىن چېقىپ كېتىدۇ! . . .

مۇخبىرنىڭ يوللۇق، تەسىرلىك سۆزلىرى ئايچېچەكنى قايىل قىلدى. ئۇ، ئۆز ھاياتى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىنى، راھىتى بىلەن ئازابىنى، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچىكىنى راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئەينەن

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بەردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، گېزىتتە «چولپانغا قاراپ كېتىۋاتقان غەزەلخان» ناملىق ئۇزۇن بىر ماقالە بىلەن ئايچېچەكنىڭ ناخشا ئېيتىپ تۇرغان ۋاقتىتىكى بىر پارچە سۈرىتى بېسىلدى، گېزىت قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، گۈلنازنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ماقالىدىكى گەپلەر زادىلا ئۇنىڭ قورسىقىغا سىغمىدى. ئايچېچەكنىڭ جىلۋىدار سۈرىتى بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى! بۇ قېتىم ئۇ ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ تاتىرىشىدىن، كۆز قارىچۇقىنىڭ ۋەھىمىلىك كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق شۇم خىياللارنى يۈككەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى!

كۈنلەر ئەنە شۇنداق قايغۇ بىلەن خۇشاللىق چىرمىشىپ كەتكەن داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى...

ھەپتىدىن كېيىن بۇ داۋالغۇش چېكىگە يېتىپ، كۈتۈلمىگەندە گۈلنازنى ئوتقا قويدى. چەت ئەلگە چىقىدىغان ئارتىسلارنى ئاخىرقى قېتىم تاللاپ بېكىتىشتە ناخشىچىلاردىن ئايچېچەك تاللىنىپ، گۈلناز قالدۇرۇلغانىدى. بۇنداق تۇيۇقسىز خۇشاللىقتىن ئايچېچەكنىڭ كۆڭلى ئاسماندەك كۆتۈرۈلدى. روھى ئۇرغۇپ تاشتى، ئىچكى دۇنياسى گويا باھار پەسلىدىكى چوغلۇق تاڭدەك يورۇق ۋە ئىللىق بولۇپ كەتتى...

نۇرجانمۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ، ئايچېچەكنى تەبرىكلەپ:

— ناخشىڭىز ئەمدى دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭرايدىغان بولدى ئايچېچەك، — دېدى ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ، — سىزگە تېخىمۇ يۈكسەك شان ـ شەرەپ تىلەيمەن!

— ئالدىرىماڭ نۇرجان ئاكا، — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — يۈكسەك شان ـ شەرەپ ماڭا سىز بىلەن كېلىدۇ، مەن پەقەت سىز ئىجاد قىلغان ئېسىل ئاھاڭلارنى ئورۇندىغۇچى

خالاس! شۇڭا، يەنىلا سىزنىڭ ئىجادىڭىزغا موھتاجمەن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى نۇرجان ئىشەنچ بىلەن، — مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ، كاللامدا بىر خىيال پەيدا بولغان، ھازىر خېلى پىشىپ قالدى. مەن ئۆتكەندە دېدىمغۇ، بۇ قېتىم تېكىستىنىمۇ ئۆزۈم يازىمەن!

بۇ ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقتا، ئۈمىدكە ۋە جاسارەتكە تولغان پاراڭ بىلەن كۈلكە چاقچاقلىرى بىرچەتتە ئەلەم بىلەن كۆپۈپ ئولتۇرغان گۈلنازنىڭ تېخىمۇ چىشىنى قىرىشتۇرۇپ، ھەسرەت پىغانىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ، ئاخىر ئۆزى يالغۇز بۇ دەردنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، زالدىن غىتتاڭشىپ چىققان پېتى ئۇدۇل قۇربانوفنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا قۇربانوفمۇ بۇ كۈتۈلمىگەن تاللاش توغرىسىدا ئويلاپ ئۆزىچە چېچىلىپ، ئاللىكىملەرنى قاپساپ، ناخۇش ئولتۇراتتى. گۈلناز ئىشىكتىن كىرىپلا ئاۋاز قويۇپ يىغلىۋەتتى. قۇربانوف ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر يېرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ھودۇقماي سىپاگەرچىلىك بىلەن ئۇنى بەزلەشكە باشلىدى:

— بولدى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ گۈلناز، ئەگەر شۇ تاپتا مەنمۇ ئۆزۈمنى قويۇۋەتسەم، سىزگە قوشۇلۇپ يىغلايتتىم، لېكىن ھاجىتى يوق، بولار ئىش بولدى!...

— ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنى قالدۇرىدۇ؟! — دېدى ئۇ، ئېسەدەپ تۇرۇپ، — ياكى مەن ئۇ، سامان قورساقلارنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىپتىمەنمۇ؟! بىلىمەن، ئايچېچەك دېگەن مىكىجىن ئۇلارنىڭ كۆزىنى باغلىغان، ناز كەرەشمىلىرى بىلەن سېھىرلىگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزى كور بۇزۇقلار!...

گۈلناز يەنە يىغلىدى، يىغلىغاندىمۇ ئېسەدەپ، ئېزىلىپ، خېلى ئۇزاق يىغلىدى. قۇربانوف ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەلكىسىگە يېنىك قاقتى ۋە كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك:

www.uyghurkitap.com

— بولدى، گۈلناز خېنىم، كۆپ يىغلىماڭ، چىرايلىق كۆزلىرىڭىزگە ئاق چۈشۈپ قالمىسۇن، — دەپ بەزلىدى ۋە ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن ئەركىلىتىپ تۇرۇپ كۆزلىرىگە شەھۋانىي نەزەر بىلەن تىكىلدى.

گۈلنازمۇ يىغىدىن توختاپ، ئۇنىڭ مەستانە بېقىشلىرىدىن ھوزۇرلاندى.

بۇ ئىككىيلەن خېلى كونا سىرداشلاردىن ئىدى. قۇربانوف، ئۇنىڭ بىلەن يېڭى تونۇشقان ۋاقىتتا، خۇددى بۈگۈنكىدەك مەستانىلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرگەن ۋە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ جىسمىدىن ھوزۇرلىنىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەنىدى. لېكىن قاچانكى ئۇنىڭ ئايچېچەككە كۆزى چۈشتى، شۇندىن كېيىن گۈلنازنى ئانچە ئىزدىمىدى. ناگان - ناگاندا خىيالىغا كېلىپ، ھەۋىسى قوزغىلىپ قالغاندا، بىرلا تېلېفون بىلەن چاقىرتىپ، مۇۋاپىق تاپقان يەرلەردە ئويناپ - كۈلۈپ يۈردى. ئەگەر ئايچېچەك بىلەن بولغان ئۆتكەنكى سۆھبەتتە، ئايچېچەك ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆنگەن بولسا، ھېلىقى بىر سان ھەرگىزمۇ ئېزىپ - تېزىپ بولسىمۇ گۈلنازغا كېلىپ قالمايتتى، شۇنداقلا، گۈلنازمۇ بۈگۈنكىدەك نائۈمىد بولۇپ بىھۇدە قايغۇ ئەلەمگە چۆمۈپ يىغلاپ يۈرمەيتتى...

— مەن قولۇمدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلدىم، گۈلنازىم، — دېدى قۇربانوف ئۇنىڭ بېلىدىن قاماپ ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ، لېكىن يۇقىرىدىكىلەر ئىشنى بۇزدى. مېنىڭچە بۇ ئىشتا چوقۇم نۇرجاننىڭ قولى بار. ئۇ يۇقىرىدىكى يېقىنلىرىغا ئايچېچەكنى تونۇشتۇرۇپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، ئىشنى چالغىتقان گەپ!

— راست!... بۇ ئىش ئەجەبمۇ مېنىڭ خىيالىمغا كەلمەپتۇ - ھە؟ — دەپ، بىر ئاز سەگەكلەشتى گۈلناز، — يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭ يۈرۈش تۇرۇشى باشقىچە! بۈگۈنكى

كۆرەڭلەپ، جاھانغا پاتماي كېتىشلىرىچۇ! ھە. . . ئەمدى بىلدىم، نۇرجان سانىيەنى بىكار قويۇپ بەرمەيتىكەن ـ دە! . . .

ئۇ قۇربانوفنىڭ قۇچىقىدا تولغىنىپ تۇرۇپ مۇشۇ گەپلەرنى قىلدى ۋە ئايچېچەك بىلەن نۇرجان توغرىسىدا بىر مۇنچە شۇم خىياللارنى سۇردى. . .

ــ مەن بۇ چەكلىك دۇنيادا ئەمدى باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن! ــ دېدى، ئۇ قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ــ بۇ مېنىڭ يېقىندىن بۇيان چۈشىنىۋالغان ھەقىقىتىم!

## 4

ئايچېچەك بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. ئۆي ئىچىدىن ئاجايىپ بىر مۇزىكا ئاۋازى ــ قول بىلەن چېلىنىۋاتقان پىئانىنونىڭ ئەمەس، بەلكى سۆيگۈ دولقۇنى ئۇرۇلغاندا، يۈرەك تارلىرىدىن چىقىدىغان سېھىرلىك ئاۋازدەك، شۇنداق لىرىك، يارقىن ۋە مەردانە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. . .

ئايچېچەك ئىشىكنىڭ پىچاق بىسىدەك قىيا ئوچۇق يېرىگە قۇلىقىنى يېقىپ، كېشەككە يۆلەندى. مۇزىكا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قارمىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ، گويا يېڭى ئاتقان نۇرانە تاڭدىن ھوزۇرلانغان قۇشلاردەك، باھار شاۋقۇنىدىن ئويغىنىپ ئىللىق دۇنيادىن بەھىر ئېلىۋاتقان سۇمبۇل نوتىلىرىدەك ھاياجانلانغان، تەلپۈنگەن ۋە بىھوشلانغانىدى. . .

مۇزىكىنىڭ گاھ كۆتۈرۈلۈپ كۆكتە پەرۋاز قىلغان لاچىندەك ئوخچۇپ گۈركىرىشى، گاھ پەسىيىپ چوڭقۇر توقايلىق ئىچىدىكى بۇلاق سۇلىرىدەك ئاستا شىرقىرىشى، گاھ پادىچىنىڭ دەردلىك يۈرىكىدىن چىققان نەي ئاۋازىدەك مۇڭلىنىشى، گاھ توي بەزمىسىدە چېلىنىۋاتقان تەمبۇرنىڭ شادىيانە ئاۋازىدەك

جۇشقۇن ياڭرىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە خىيالى بىلەن مۇزىكىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرگەنىدى...

ئايچېچەك پۈتۈن ھاياتىدا مۇزىكا ئاڭلاپ ئىككىنچى قېتىم مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى. بۇ ھېسسىيات بەلكىم بىرىنچى قېتىمقىسىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى قېتىمدا ئۇ، نۇرجان بەكمۇ ئىشتىياق بىلەن چېلىپ بەرگەن پولشالىق رومانس كومپوزىتور شوپېننىڭ «ئاي نۇرى ۋە مۇھەببەت» دېگەن مۇزىكىسى بىلەن ئاۋستىرىيىلىك كومپوزىتور شۇبېرتنىڭ «ياۋا ئەتىرگۈل» دېگەن داڭلىق مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندا، مانا بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ھاياجانلىق ۋە تاتلىق ھېسسىياتتا بولغانىدى!...

ئايچېچەك تۇيۇقسىز ئەندىككەندەك قۇلىقىنى ئۆي ئىچىگە تېخىمۇ يېقىنراق بۇرىدى. ئۆي ئىچىدىن ئەمدى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، ئېيتىۋاتقان لەرزان بىر ناخشا ئاۋازى خۇددى تاڭ شامىلىدەك ئىشىك يوچۇقىدىن قىسىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

يىپەكتەك ھېسلارنى ئوراپ تۈگەتتىم،
تۈگەتتىم يۈرەكنى
شامدەك ياندۇرۇپ!
پىراقتىن جېنىمنى شوراپ تۈگەتتىم،
سۆيگۈدە بىر ئۆمۈر ۋاپا قالدۇرۇپ!

ناخشىنى نۇرجان ئانچە يۇقىرى بولمىغان، ئوتتۇرا ئاۋازدا ئېيتىۋاتاتتى. ناخشىنىڭ ئاخىرى يەنە بىر قايتۇرۇلۇپ ئېيتىلدى ـ دە، مۇزىكا توختىدى.

ئايچېچەك ئۆيگە كىردى. نۇرجان بېشىنى پىئانىنونىڭ ئۈستىگە تىرەپ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىۋاتقاندەك

هالەتتە ئولتۇراتتى. ئايچېچەك ئاستا، لېكىن هاياجانلىق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— نۇرجان ئاكا، مۇزىكىڭىز پۈتۈپتۇ - هە؟

نۇرجان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئايچېچەكنىڭ هاياجاندىن پارقىراپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن مۆلدۈر كۆزلىرىگە قاراپ سورىدى:

— قانداق بىلدىڭىز؟

— بايا ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىدىم.

— قانداق بوپتۇ؟

— يۈرەككە تەگكۈدەك بوپتۇ...

— راستمۇ؟!

— راست، نۇرجان ئاكا، — دېدى ئايچېچەك بايىقى هاياجانلىق مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ، — مۇزىكىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى باشقا بىر ئالەمدە يۈرگەندەك هېس قىلىپ قالدىم، كۆز ئالدىمغا بەزىدە توي كۈنۈمدىكى ئاپئاق يىپەك كىيىملەرنى كىيگەن، باش ئۈستۈمدىن ئاق چېچەكلەر تۆكۈلۈپ تۇرغان ۋاقىتتىكى مەنزىرىلەر كەلگەندەك بولدى؛ بەزىدە، ئۆزۈمنى گويا ئاق تۇمانلار ئىچىدە لەيلەپ، ئۈزۈپ، ئويناپ يۈرگەندەك سەزدىم؛ بەزىدە بولسا، چوڭقۇر ئورمانلار ئارىسىدا ئېزىپ قالغاندەك، يول تاپالماي، هەسرەت - پىغان چەككەندەك، قانداقتۇر يورۇقلۇققا، مېهىر - شەپقەتكە تەشنا بولغان ئادەمدەك هېس قىلدىم! ئىشقىلىپ... مۇزىكىڭىز ماڭا بەكمۇ يېقىن، يېقىملىق، سىرداش تۇيۇلدى...

— توغرا، ناهايىتىمۇ توغرا ئېيتتىڭىز ئايچېچەك، — دېدى نۇرجان خۇشاللىقتىن يېيىلىپ، — مۇزىكا خۇددى سىرداش دوستقا ئوخشاش ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى، يوشۇرۇن سىرلارنى ئېچىۋېتىدۇ. خەنزۇلاردا: «بەيىيا قالون چالسا، جوڭزىچى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. رىۋايەت

قىلىنىشچە، بەيىيا قالون چېلىشقا ئۇستا ئىكەن، جۇڭگىزىچى ئۇنىڭ قالونىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىكەن، بەيىيا تاغلارنى ئويلاپ قالون چالسا، جۇڭگىزىچى: «پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل، تەيشەن تېغىدەك ھەيۋەتلىك تاغلارنى كۆرگەندەك بولدۇم» دەيدىكەن. ئۇ ئېقىن سۇلارنى ئويلاپ قالون چالسا، جۇڭگىزىچى: «پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل كۈي؟ شىددەت بىلەن ئاققان چاڭجياڭ دەرياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم» دەيدىكەن. دېمەك، بەيىيا قالون چېلىۋېتىپ ئويلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگىزىچى قالونىنىڭ ئاۋازىدىنلا بىلىۋالىدىكەن... گېرمانىيىلىك مۇزىكانت ميربېرمۇ بىر قېتىم ئايالى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، كېيىن ئىچى پۇشۇپ پىئانىنودا شۇبېرتنىڭ مەشھۇر مۇزىكىسى «تۇندىكى كۈي» نى چاپتۇ. كۈينىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا ھېلىقى جېدەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئايالمۇ ئاستا مېڭىپ، پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېرىنى قۇچاقلاپتۇ. ئەسلىدە، يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆتكەن چاغلاردىكى شېرىن مۇھەببىتىنى قايتا ئېسىگە سېلىپ، ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي غايىب قىلىۋەتكەنىكەن.

ئايچېچەك نۇرجاننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۇيۇقسىز بىر يېقىملىق، تاتلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھايىتىمۇ شىددەتلىك بىر سەزگۈ پەيدا بولۇپ، دەقىقە ئىچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتكەندەك بولدى...

تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس، ئۇنى پەقەت يۈرەك بىلەنلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ!...

ھەي!... ھاياتتا نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلار بىر ياستۇققا باش قويۇپ، بىر قازاننىڭ تامىقىنى يېسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىزىقىشى، ھەۋىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ!...

مەن بىلەن سابىر شۇنداق ئەمەسمۇ؟! تۇرمۇش نېمە ئۈچۈن «خاھىشى» ئوخشاش بولمىغان ئىككى كىشىنى بىرلەشتۈرۈپ قويىدىغاندۇ؟! خاھىشى ئوخشاش، ھەۋىسى بىردەك بولغان قىز - يىگىتلەر بىر ئائىلە بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولامتى؟ مەسىلەن، تەقدىر نۇرجان بىلەن ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرگەن بولسا، قولمۇ قول تۇتۇشۇپ ئىجاد قىلىپ، ئورۇنداپ، خۇددى ئەر - خوتۇن ئالىم كيۈرىيلارغا ئوخشاش بىزمۇ «ئەر - خوتۇن سەنئەتچى» بولامتۇق؟!...

ئايچېچەك يەنە تۇرۇپلا بىر نەرسىدىن شۈركەنگەندەك يۈرىكى قالتىراپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. ئاھ!... بۇ نېمىدېگەن ۋاپاسىزلىق - ھە؟ ئۇنىڭ سابىرنى، قىزىنى، كۆڭۈللۈك ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ، قانداقتۇر ھارام خىياللارغا بېرىلىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان! ئۇنىڭ مۇشۇنداق شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ، باشقىچە تۇرمۇش رىتىمىنى ئويلىشى سابىرنىڭ مۇھەببىتىگە، ساداقىتىگە قىلىنغان ئازغىنلىق ئەمەسمۇ؟!...

نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭلىگە يۈكسەك غايىلەرنى پۈكىدۇ. بىرەر ئىشتا چوڭ نەتىجە قازىنىپ، ئۆزىگىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ، ۋەتەنگىمۇ شان - شەرەپ كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ. لېكىن تۇرمۇش ۋە خىزمەت داۋامىدا ھەممە ئادەم چېمپىيونلۇق پەشتىقىغا، چولپانلىق سەھنىسىگە چىقىپ «مەشھۇر زات»لار قاتارىغا كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ئاددىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇلار خۇددى يېشىل يوپۇرماق بولۇپ، پۈرىقى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان، تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كىشى قەلبىنى مەھلىيا قىلىدىغان چىرايلىق گۈللەرگە جور بولىدۇ. ئۇلار كۆكسىگە مېدال تاقىمايدۇ، قولىغا گۈلدەستە تۇتمايدۇ!...

سابىر ئەنە شۇنداقلاردىن ئەمەسمۇ؟! تۈگىمەس يوللار،

www.uyghurkitap.com

تىنىمسىز پىرقىراپ تۇرغان رىزىنكە چاقلار ئۇنىڭ ياشلىقىنى، جاسارىتىنى، كۈچ قۇدرىتىنى خورىتىۋاتامدۇ؟! لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئۇ خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈۋاتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئالىي، يۈكسەك مۇكاپات بارمۇ؟! . . .

ئايچېچەك بۇرۇن ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن، ئۇنىڭ ئاشۇ چاڭ تويا قونغان، قاراماي ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان يىرىك قوللىرىغا، يۈزلىرىگە سۆيگەن، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى، ئائىلىنىڭ ھۇزۇرىنى ئالغان! ھازىرمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنى سۆيىدۇ. كەسپىي خاھىشى ئوخشاش بولمىسا نېمە بوپتۇ؟! ئايچېچەك ناخشا ئېيتسا، سابىر ھۇزۇرلىنىپ، راھەتلىنىپ ئاڭلايدۇ. تېخى ھېرىپ - چارچاپ يولدىن كەلگەن كۈنلىرىدە، ئۆيگە كىرىپلا ئايچېچەككە دۇتار چالغۇزۇپ، ناخشا ئېيتقۇزۇپ، سېغىنىشنى، ھاردۇقىنى باسىدۇ. ئايچېچەكمۇ كېچە ياكى كۈندۈزى قەيەردە ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، سابىرنى ئەسلەيدۇ، ئويلايدۇ. ئۇنىڭ نامى ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىشى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكىنى ئۈچۈن ھەرخىل ماشىنىلارنىڭ شۇنداق قوپال، يېقىمسىز ئاۋازلىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇددى كۆپ تارلىق مۇزىكىنىڭ جۇشقۇن، مەردانە ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ! . . .

— ئايچېچەك، مۇزىكىغا بىر ئىسىم قويايلى، مەن تېخى بېكىتەلمىدىم!

نۇرجاننىڭ ئاۋازى ئايچېچەكنىڭ خىيالىنى سەگىتتى، ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ، نۇرجانغا يۈزلەندى:

— مېنىڭچە ئىسمى «مۇھەببەتلىك ھايات» بولسۇن، بايا ئىشىك تۈۋىدە مۇزىكا بىلەن ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ شۇنداق خىيالغا كەلگەنىدىم.

بۇ ئىسىم نۇرجانغا ناھايىتى ياقتى، ئۇ، خۇشاللىقىدا

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— پاھ! . . . كاللىڭىزنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى قاراڭ! مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئويلاپ تاپالمىغان ئىسمىنى سىز بىرلا ئاڭلاپ تاپتىڭىز، كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى، ناھايىتى ماس كەلدى! مانا ئەمدى بىزنىڭ «مۇھەببەتلىك ھايات» دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭرايدىغان بولدى. ئايچېچەك، بۇنى سىزگە بۈگۈندىن باشلاپلا ئۆگىتەي، ھەپتىگە قالماي سەھنىگە ئاچىقالايسىز!

نۇرجان ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا، ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئاپئاق، يۇمشاق بارماقلارنى ئاستا، لېكىن بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ بىلەن چىڭ سىقتى. نۇرجاننىڭ يوغان، ئىسسىق ئالقىنىدا ئايچېچەكنىڭ نازۇك بارماقلىرى خۇددى قورۇنغاندەك، تارتىنغاندەك يېنىك تىترەشكە باشلىدى. نۇرجان ئەمدى بۇ قوللارنى سول ئالقىنىغا ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ دۇمبە تەرىپىنى ئاستا سىلىدى. ئايچېچەكنىڭ بەدىنى توك ئېقىمى يۈرۈشكەندەك جىمىرلاشقا، غىدىقلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتتى، نۇرجانمۇ بۇ ھالنى سەزدى بولغاي، ئۇنىڭ قولىنى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈپ، ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى ۋە ئاق، سۈزۈك تېرىلەرنىڭ ئاستىدىكى ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرى لىپىلداپ تۇرغان نازۇك قولغا ناھايىتى جۈرئەتسىزلىك بىلەن بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋالدى. . .

ھەر ئىككىسى بۇ سۆيۈش ۋە يېقىنلىشىشتا ھېچقانداق غەيرىي ئىنتىلىش، ھارارەت ۋە قىزغىنلىق سەزمىدى. بۇ خۇددى ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن دوستلارنىڭ بىردەملىك سەممىي ھاياجىنىغا ياكى ئاكىنىڭ سىڭلىسىغا بولغان مېھىر ـ

مۇھەببىتىگە، ئەركىلىتىشىگە ئوخشايتتى. شۇڭا ئېلىدىن بىرى سىقىلىپ، ئوتلۇق لەۋلەر تېگىپ تۇرغان قولنىڭ ئالدى ـ ئارقىدا قالغىنى پەقەتلا ھۆل ۋە سوغۇق ئىزلا بولدى، خالاس! . . .

× ×

قۇياش كۆلۈپ چىقتى، تەبىئەت جانلاندى. كېچىچە تۈگۈلۈپ يۇمران بەرگىلىرىنى خىلۋەت باغرىدا ساقلاپ چىققان مەغەز گۈلىمۇ قۇياش تەپتىدىن ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ، ئاچ قىزىل ياپراقلىرىنى يۇلتۇز شەكلىدە يېيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نازۇك غولىغا ياماشقان يېشىل يۆگىمەچ گويا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشىقىدەك، ئۇزۇن، ئەۋرىشىم جىسمىغا مەھكەم چىرمىشىپ، تىترەپ تۇرغان ئاپئاق گۈلى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ، رەڭدار ھۆسنىگە تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشتى.

ئايچېچەك مانا شۇنداق ئوچۇق، ئىللىق بىر ئەتىگەنلىكى سابىر، نۇرجان ۋە ئىلياسلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايرودرومغا كەلدى. ئەتراپتا چەت ئەلگە ماڭىدىغان ئارتىسلارنى ئۇزىتىپ چىققان ئادەملەر كۆپ ئىدى. ياخشى ـ ياخشى تىلەكلەر ئېيتىلدى. ئاق يول تىلەندى، قىزغىن، يالقۇنلۇق سالاملار يوللاندى. ئايچېچەك قىزى ساباھەتنى ئاخىرقى قېتىم باغرىغا باستى، بالا باققۇچى قىز گۈلسۈمنىڭ ماڭلىيىغا سۆيدى. سابىرنىڭ خۇشال چىرايىغىمۇ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. ئايچېچەك نۇرغۇن ئوتلۇق كۆزلەرنىڭ تىكىلىشى ۋە نۇرغۇن سەمىمىي قوللارنىڭ پۇلاڭلاپ ئۇزىتىشى ئاستىدا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. كۆپكۆك، پايانسىز ئاسمان ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى! . . .

# ئۈچىنچى باب

## پارىژدا ئۇچرىشىش

### 1

ئۇ ناخشىغا جان كىرگۈزەتتى، ئۆزىمۇ بۇنداق ھەيۋەتلىك، كۆركەم سەھنىلەردە گۈزەل ناخشىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇ، ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى شۇنداق چىرايلىق ئالاتتى. ئاۋازى لەرزان، مۇڭلۇق، يېقىملىق ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن يۈرەك ساداسىنى ناخشىغا سىڭدۈرۈپ، خىلمۇ خىل نازۇك، پىنھان تۇيغۇلىرىنى پەقەت، ناخشا ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى...

تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ھەيران قالدى، قىزىقتى. گېرمانىيىلىك مەشھۇر بىر ئوبزورچى ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ ناخشىڭىزغا دۇنيادىكى داڭلىق ناخشىچىلارغا قايىل بولغاندەك قايىل بولدۇم!» — دېدى يەنە بەزىلەر: «جۇڭگوغا قىزىقىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئەمدى، مىليونېر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن» — دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىشتى.

دېمىسىمۇ، ئايچېچەك شۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەن بىر «مىليونېر» ئىدى. لېكىن ئۇ چەت ئەللىكلەر ئېيتقاندەك، پۇلنىڭ مىليونېرى ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ، ناخشىنىڭ مىليونېرى ئىدى. ئۇ سەنئەتكە، ناخشىغا مىليونېر بولۇشتا،

يالغۇز ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي تالانتىغا تايانغىنى يوق، بەلكى ئۆزىنى تۈگىمەس تۈگىمەس پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئۆزۈق بىلەن چەكسىز ھارارەتكە، خەن پروفېسسور بىلەن نۇرجاندەك كۆيۈملۈك ئۇستازلارنىڭ ھارماي ـ تالماي تەربىيىلىشىگە تاياندى!

ئايچېچەك بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈندىن پايدىلىنىپ، ھەمسەپەرلىرى بىلەن بىللە پارىژنىڭ داڭلىق كوچىلىرىنى، مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلىدى. چۈشتىن كېيىن ھەيۋەتلىك لوئۇرې سارىيىغا كېلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى جەۋھەرلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. پارىژ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، ھۈنەر ـ سەنئەت نامايەندىسى بولغان ھەيۋەتلىك، كۆركەم لوئۇرې سارىيى ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا گويا رەڭگارەڭ نۇرلار چاقناپ تۇرغان قاشتېشى، ئۈنچە ـ مارجان دۇنياسىدەك جۇلالىق، سىرلىق ۋە سەلتەنەتلىك ھالدا قۇچاق ئاچتى.

ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئالاق ـ جالاق بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ ئاجايىپ دۇنيا ــ لوئۇرې سارىيىنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆزىگە مەھكەم رام قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى جىمى نەرسە شۇنداق جەلىپكار، شۇنداق سېھىرلىك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلانغان ھەرخىل ماي بوياق رەسىم ۋە مەر ـ مەر ھەيكەللەرنى كۆرۈپ، «مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس» نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. كىلاسسىك يۇنان رەسسامى ئالېكساندىرۇس تەرىپىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مەرمەر تاش بىلەن ياسالغان، ئىككى مېتىر ئىككى سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ ئاجايىپ ھەيكەل،

دۇنيا گۈزەل سەنئەت تارىخىدا تەڭداشسىز نەمۇنە ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە گويا تۇنجى قېتىم گومېرنىڭ داستانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يۇناننىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى ئاشۇ ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى. ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈزەل بۇ ئايال ئىلاھىنى ھەقىقەتەن مۆجىزىلەر ئىچىدىكى مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى بەدىنى يالىڭاچ، كاسىسى بىلەن بېلى يايى شەكلىدە ئېگىلگەن، مۇسكۇللىرى تولغان ھالەتتە ناھايىتى چىرايلىق، نەپىس ياسالغانىدى. ئۇ گەرچە تاشتىن ياسالغان جانسىز گەۋدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەڭداشسىز چىرايلىق تەقى - تۇرقى گويا ئىپار چېچىپ تۇرغان تىرىك ئايالغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن قەلبىنىڭ پاك، سەمىمىي ھەم تارتىنچاق ئىكەنلىكىنى، ياش، ساغلام نازۇك گەۋدىسىدىن ياشلىق كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا تىرىك ئادەمدەك قىلىقلىنىپ تۇرغان بۇ گۈزەل سەلتەنەتلىك مەرمەر ھەيكەل قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ روھىي مەدەنىيەت بىلەن مۇھەببەتكە بولغان ساغلام ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى...

ئەسىرلەر داۋامىدا ئاياللارنى ئۇلۇغلاش — ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ مەڭگۈلۈك ماۋزۇسى بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئايالنىڭ بەدىنى ھەر قانداق ئىپسىل كىيىم - كېچەكتىنمۇ گۈزەل بولىدۇ، دەپ قارىغان قەدىمىي يۇنانلىقلار ئۇنى يالىڭاچ ھالدا تەسۋىرلىدى...

ئايچېچەك ھەيكەلگە قارىغانسېرى خىيالىغا بىر نەرسە كەلگەندەك، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن قانداقتۇر بىر نازۇك ئەسلىمىلەر كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. توغرا، ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ، بۇندىن ئون يىل بۇرۇن، سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ھاياتقا كۆز ئېچىپ،

تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن رەسسام يىگىتى ئەكرەمنىڭ ئاغزىدىن «مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس» توغرىسىدا ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ، ئەكرەمنىڭ كىتاب ئىشكاپىدىن «دۇنيادىكى مەشھۇر رەسىملەر» دېگەن بولغار تاشلىق كىتابنى ئېلىپ، ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، مانا مۇشۇ مەر - مەر ھەيكەلنىڭ رەڭلىك فوتو نۇسخىسىنى كۆرگەن ۋە ئەكرەمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان. مانا بۈگۈن، شۇ چاغدا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ سەگەك كاللىسىدا، قۇلىقىدا شۇ پېتى، ئۇجۇر - بۇجۇر غۇنچە نامايان بولۇپ، گويا ئەكرەمنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى: «سىز رەسسامنى سۆيدىڭىز، ئايچېچەك، — دېگەنىدى ئەكرەم شۇ چاغدا، — شۇنداق ئىكەن، ئەمدى رەسساملارنىڭ ھاياتى توغرىسىدىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىپ قېلىڭ، مەن سىزگە ھەرقايسى رەسساملارنىڭ ئوخشاشمىغان شەكىل ھەم مەزمۇندا ياراتقان مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى ۋېناسنىڭ رەسىم ھەيكەللىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بەرگەن. مانا ماۋۇ قولىڭىزدىكى كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان «مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس» ناملىق ھەيكەل ھازىر پارىژدىكى لوئۇرې سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەيكەلنىڭ دۇنياغا كېلىشى سەنئەت قەسىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان، ئالتۇن ئاچقۇچ بولغان. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلار نۇرغۇن قەسىدىلەرنى يازغان. گېرمانىيىلىك شائىر گېنرىخ گېينىمۇ 1848 - يىلى ساياھەت بىلەن پارىژغا كېلىپ، بەختكە قارشى كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالغاندىمۇ، گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ ئىلاھى ۋېناس بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم لوئۇرې سارىيىغا بارغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ «رومانسارو» ناملىق داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق يازغان: ‹ئۇ چاغ 1848 - يىلىنىڭ ماي ئېيى ئىدى. ئۇ كۈنى مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىرتقا



www.uyghurkitap.com

چىقىش بولدى. مەن ئۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ بەختىيار چاغلىرىمدا ھادىس چوقۇنغان ئاشۇ مەبۇدە بىلەن خوشلاشقىلى بارغانىدىم. مەن ناھايىتى تەستە لوئۇرىپ سارىيىغا باردىم. مەن سارايىنىڭ چوڭ زالىغا كىرگىنىمدە، ئەڭ ئالدى بىلەن كۆرگىنىم ئاشۇ گۈزەل ئىلاھ بولدى. سۆيۈملۈك مىرو ئارىلىدىكى ئۇ گۈزەل ئايال مېنىڭ ئالدىمدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنى كۆرۈپ ئۇنسىز يىغلىدىم. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا خېلى ئۇزاق ياتتىم، مېنىڭ يىغام ئازابلىق ئىدى. شۇ چاغدا مېنىڭ ھالىمغا ھەممىسى، ھەتتا سوغۇق تاشلارمۇ ئىچ ئاغرىتتى. ئايال ئىلاھ ماڭا ھېسداشلىق قىلغاندەك قاراپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ، ئامالسىز ئىدى. ئۇ گويا ماڭا: سەن مېنىڭ قولۇمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ساڭا ياردەم قىلىشقا ئامالسىز مەن، دەۋاتقاندەك كۆرۈندى! ھەي شائىر! سەن ئايال ئىلاھنىڭ ئوبرازىدىن ئىنسانىيەتنىڭ مۇھەببىتى بىلەن گۈزەللىكىنى كۆردۈڭ. شۇڭا، سەن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتىڭ!...›

قارالڭ ئايچېچەك، كىتابتىكى بۇ ھەيكەلگە قاراپ، بىز قەدىمىي يۇنان سەنئەتكارلىرىنىڭ تالانتىغا، ئەقىل - پاراستىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز! ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل گۈزەللىك غايىسىنى كىشىگە چىن ئادەم سياقىدا تۇيغۇ بېرىدىغان بۇنداق كونكرېت ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكى دۇنيا مەدەنىيىتىدە ھەقىقەتەنمۇ مەڭگۈ نۇر چاچقۇچى خاتىرە مۇنارىسى بولۇپ قالدۇ!

تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەن — ئۆز ۋەتىنىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا، پارىژدىكى سەلتەنەتلىك لوئۇرىي سارىيىدا ئېسىگە كەلگەن بۇ ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئايچېچەكنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ، كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى. چۈنكى «مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس» ئۇنىڭ ئېسىگە تۇنجى سەبى مۇھەببىتى بىلەن چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن بىلىملىك، قامەتلىك، ئاق كۆڭۈل

يىگىتى ئەكرەمنى كەلتۈرگەنىدى. مانا ئايچېچەك ھازىر شۇ يىگىتى ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن گۈزەل ئىلاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. لېكىن يېنىدا ئەكرەم يوق ئۇ ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن... شۇ كۈنى ئەكرەم ئۇنىڭغا «سەھرا» ناملىق بىر پارچە ماي بوياق رەسىمنى يادىكار قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تويۇقسىز خوشلاشقان ۋاقىتتا ئايچېچەك ھەسرەت - نادامەتتە ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغانىدى...

بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق تويۇقسىز ئايرىلىپ كېتىشىدە، ھېچقايسىسى ئەيىبلىك ئەمەس، بەلكى شارائىت، ۋەزىيەت ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بۇندىن سەككىز يىل بۇرۇن، ئەكرەم ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنى كەڭ نامايان قىلىش ئۈچۈن، شەھەردە «ئەكرەم ماي بوياق رەسىملەر كۆرگەزمىسى» ئېچىشقا تەييارلىق قىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشى، ياردىمى نەتىجىسىدە كۆرگەزمە ئوڭۇشلۇق ئېچىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق بولدى. يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار، رەسساملار، تەھرىرلەر، مۇخبىرلار، فوتو سۈرەتچىلەر ۋە ئادەتتىكى تاماشىبىنلار زالغا لىق تولغانىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ، بىر تەرەپتىن رەسىملەرنى كۆرۈپ ھوزۇرلىناتتى، پىكىرلىشەتتى، مۇنازىرىلىشەتتى. زالغا قويۇلغان ئەللىك نەچچە پارچە رەسىمنىڭ يەتتە پارچىسى قىز - چوكانلارنى مودېل قىلىپ سىزغان يالىڭاچ رەسىملەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئادەم بەدىنى» ناملىق بىر پارچە رەسىم كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتاتتى. يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە قىيپاش ئوڭدا ياتقان يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئاق، يۇمران، تولغان بەدىنى رەسسامنىڭ ئىستىداتلىق قولى بىلەن گۈزەل، جانلىق ۋە ئەينەن نامايان بولغانىدى. رەسىمنىڭ رەڭ بوياقلىرىمۇ ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، قىز بەدىنىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ سىرلىق

يەرلىرىگىچە روشەن، جىلۋىدار ۋە ئىنچىكە سىزىلغانىدى. چاچلىرى رەڭدار بۇلۇتتەك توزغۇپ تۇرغان، بوينىدىكى بىر تىزىق مەرۋايىت بىلەن قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقا قىزلىق ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقان، ئوڭ قولى بىلەن كۆزىنى توسۇپ، ئەۋرىشىم بەدىنىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، شاھانە ھالەتتە ياتقان بۇ قىز خۇددى «ئۇيقۇدىكى ۋېناس»قا ئوخشاش كىشىنى ئۆزىگە تارتاتتى، مەپتۇن قىلاتتى. بۇ رەسىمنىڭ يېنىدىن ئەرلەرلا ئەمەس، ھەتتا قىز - چوكانلارمۇ كېتەلمەي قالغانىدى. ئۇلار يالىڭاچ قىز بەدىنىنىڭ بۇنداق گۈزەل، جەلپكار ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ھېس قىلىۋاتقاندەك تارتىنىش، خىجىللىق دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قىزغىن مۇلاھىزە قىلىشاتتى. . .

دەل شۇ چاغدا، كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، پارتكومنىڭ بىر باشلىقى كېلىپ قالدى. باشلىق رەسىملەرنى چالا - بۇلا كۆردى ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ھېلىقى يالىڭاچ رەسىمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قاپىقىنى تۈرۈپ چىچاڭشىپ كەتتى:

— نېمە بۇ؟! بۇ يەرگە يالىڭاچ ئاياللارنىڭ رەسىمىنى ئېسىپ، شەھۋانىيلىقنى تەشۋىق قىلماقچىمۇ سىلەر؟! ھازىر ھۆكۈمەت مەيخانا، قەھۋەخانىلاردىكى بۇزۇلۇشنى تۈزىيەلمەي ھەلەك بولۇۋاتسا، ئەمدى كېلىپ سىلەر كۆرگەزمە زاللىرىدىن پايدىلىنىپ سېرىق نەرسىلەرنى يامراتماقچىمۇ؟! بۇ كۆرگەزمىنى دەرھال تاقاڭلار! بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ! . . .

بۇ باشلىقنىڭ سۆزى بۇيرۇق، بۇيرۇقى قانۇن ئىدى. ئۇنىڭ شۇ گېپى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلدى، كۆرگەزمىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. بۇ ئىش ئەكرەمگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. خۇددى بىر زامانلاردىكى ئىلىم

www.uyghurkitap.com

نوپۇزلۇقلىرىنى تارتىپ چىقىپ، بېشىغا كۆلا كىيگۈزۈپ، شەھەرمۇ شەھەر سازايى قىلغاندىنمۇ بەتتەر ئېغىر كەلدى. ھېلىقى باشلىقنىڭ ئۇنداق قوپال، مەمۇرىي بۇيرۇقۋازلىقى ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. راست، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى ئىچىدە يالىڭاچ قىز ـ ئاياللارنى مودېل قىلغان رەسىملەردىن بىر نەچچىسى ئەمەس، ئون نەچچىسى بار ئىدى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەكرەمنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بۇنداق رەسىملەر تارىختىن بۇيان، چەت ئەلدىن جۇڭگوغىچە سىزىلىپ كېلىۋاتامدۇ؟! دۇنياغا مەشھۇر ۋېناسنىڭ رەسىملىرى ئەنە شۇ خىلدىكى رەسىملەر ئەمەسمۇ؟! ئادەمنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، بەدەندىكى تەبىئىي گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟! تەبىئەتتە يات نەرسە يوق، ئادەمنىڭ بەدىنىدىمۇ يوشۇرۇن يەر يوققۇ! نېمە ئۈچۈن بۇ بىزدە چەكلەنگەن رايون بولۇپ قالىدۇ؟! باشلىقلار ئۆزى خالىغانچە سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئىش قىلسا، بولىۋېرەمدىكەن؟!...

مانا مۇشۇنداق قاتمۇ قات ئاچچىق سوئاللار ئەكرەمنىڭ بېشىنى قوداڭشىتىۋەتتى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنىڭ ھەقلىقىنى چۈشەندۈرەلمىدى. ھوقۇقنىڭ كۈچى ئالدىدا ئۇنىڭ ھەقلىقى، توغرىلىقى بىر تىيىنغا ئەرزىمىدى. خۇددى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ئاقىۋەت يۈز بەردى. بۇ ھال ئەكرەمنىڭ سەنئەتكە، ئىجادىيەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى بىردىنلا سۇسلاشتۇرۇپ قويدى. رەسىم سىزىشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەڭ خۇشاللىق، ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش دەپ قارايدىغان، پۈتۈن ھاياتىنى شۇ ئىشقا بېغىشلىغان جاسارەتلىك، غۇرۇرلۇق بىر سەنئەتكار ئۈچۈن، تەقسىپكە، بېسىمغا ئۇچراش ھەقىقەتەنمۇ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز دەرد ھەم خورلۇق بولغانىدى، بۇنى ئاز دېگەندەك، جەمئىيەتتىمۇ ئەكرەمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشتى. كۆرگەزمىنىڭ

چەكلىنىشى بىلەن يالىڭاچ رەسىملەر توغرىسىدىكى خەۋەر ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئەتراپقا يېيىلدى. ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يالىڭاچ مودېل بولۇپ بەرگەن سەنئەت خۇمار بىر قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، لايىقى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى ۋە ئەكرەمگە يوشۇرۇن، ئاشكارا تەھدىت ئىشلىتىپ: «قىزىمىزنى ئازدۇرۇپ، دىنىمىزغا، ئىمانىمىزغا مۇخالىپ ئىش قىلدىڭ، يۈزىمىزنى تۆكتۈڭ، سېنى جازالىماي قويمايمىز!» دەپ ئۇنىڭدىن قاتتىق ھېساب ئالماقچى بولدى. بۇ تەھدىت بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا پاجىئەلىك رېئاللىققا ئايلاندى. بىر كۈنى كەچتە، بىر توپ تەلۋىلەر ئەكرەمنىڭ ياتىقىغا دەۋرەپ كىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ، چەيلەپ پۈخادىن چىقماقچى بولۇشتى. لېكىن، ئۇ كۈنى ئەكرەم ياتاقتا يوق ئىدى. تەلۋىلەر قۇرۇق كېتىشكە كۆزى قىيماي ئۇنىڭ ياتىقىدىكى جاھازلاپ قويغان ئون نەچچە پارچە ئېسىل رەسىمنى ئۇرۇپ، چېقىپ، يىرتىپ ۋەيران قىلىۋەتتى!...

سەنئەتكە قىلىنغان بۇ ئەسەبىي بۇزغۇنچىلىق ئەكرەمگە تېخىمۇ قاتتىق دەرد بولدى. شۇ كۈنى ئۇ گويا تۈيۈقسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئەڭ ئامراق پەرزەنتىنىڭ بېشىدا ھازا ئاچقاندەك، چەكسىز ئازاب ۋە ئەلەم بىلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى!...

بۇ بىر قاتار كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئىخلاسىنى قايتۇرۇپ، بۇ يەردە تۇرۇشتىن بىزار قىلىۋەتتى. ئەمدى ئۇ، بۇنداق بىمەنە ئاۋارىچىلىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتقان شەپقەتسىز رېئاللىقتىن ئۆزىنى تېزرەك چەتكە ئالمىسا بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ، كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەتىسى كەچتە ئايچېچەكنى ئىزدەپ كەلدى. قولىدا يوغان داستىخانغا ئورالغان «سەھرا» ناملىق ماي بوياق رەسىم بار ئىدى.

— ئايچېچەك بۇ رەسىمنى سىز ئېلىپ قويۇڭ! — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئۇ، تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ. — بۇ مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئۈچۈن سىزغان رەسىمىم ئىدى، ئوقۇتقۇچۇم يۇقىرى باھالىغان، ئۆزۈممۇ بەك ياخشى كۆرىمەن. مەن بۇ رەسىمنىڭمۇ ھېلىقى تەلۋىلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولۇشىنى خالىمايمەن! مەن ئەمدى بىر مەزگىل ئۆزۈمنى چەتكە ئالمىسام بولمايدۇ. مەن ئۇلار بىلەن ئېتىشىپ بىر باشقا چىقالمايدىغان ئوخشايمەن. ئەڭ ياخشىسى، ئەسكى بىلەن تەڭ بولماي، ئۆزۈمنى ئۆزۈم سوراي!

ئايچېچەك ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن مەيۈس كۆزلىرىنى تىكتى:

— نەگە بارىسىز، كەتمىسىڭىز بولمامدۇ، ئەكرەم؟!

— كەتمىسەم بولمايدۇ ئايچېچەك! — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — ئۇلار مېنى بۇ يەرگە سىغدۇرمىدى. بۇنداق كېتىۋەرسەم مەن ئۆزۈمنىمۇ، كەسپىمنىمۇ نابۇت قىلىۋېتىمەن! ھەق ئۆزىدە تۇرۇپمۇ يەنە باش ئېگىش ئادەم ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خورلۇق ئەمەسمۇ؟

بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالدى. بۇ سۆزگە ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى، ۋىجدانى ۋە قەتئىي ئىرادىسى سىڭگەنىدى.

— مېنى تاشلاپ كېتەمسىز؟! — ئايچېچەكنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلگەن مەيۈس كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— مەن مەڭگۈلۈككە كېتىۋاتقىنىم يوققۇ، ئايچېچەك! — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — قايسى دۆڭ ئېگىز بولسا، شامال شۇنىڭغا بەكرەك تېگىدىكەن، مەن پەقەت مۇشۇ ئېزىتقۇ شاماللار ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ تۇرماقچىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پاك مۇھەببەت بىزنى ھامان بىرلەشتۈرىدۇ!

ئايچېچەك بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئارا تۇرالمايدىغانلىقىنى،

سۆيگۈ مۇھەببىتى بىلەنمۇ ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، توسۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ھېس - تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئاز - تولا تەسەللى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەببەتلىك ياشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ۋاقىتلىق ھىجراننىڭ بولغىنىمۇ ياخشى. ھىجران ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى، ئەقىدىسىنى تاۋلايدۇ. مېھىر - ۋاپاسىنى سىنايدۇ!...

بىراق، ئايچېچەك ئەكرەم بىلەن بولغان مانا شۇ كۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەكرەم شۇ كەتكەنچە، ئۇنىڭ يېنىدىن ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. ۋىسال تەشنالىقى بىلەن سېغىنىشقا تولغان كۈنلەر، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئايچېچەكنىڭ قەلبىنى بىر خىل ھەسرەت، ئەلەم يارىسى قاپلىدى. ئۇ ئەكرەمدىن بۇنداق شەپقەتسىز ۋاپاسىزلىقنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش چەكسىز سۆيگۈ ساداقىتى بىلەن دىل ئارامىلىقىنى كۈتكەنىدى. لېكىن ئۇ، ئايچېچەكنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمىدى، كۆڭۈل ئارامىلىقىنى بۇزدى، يىل ئۆتۈپمۇ ئۇنىڭغا ئىككى ئېلىك خەت بىلەن ئۆز ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرمىدى. ئۇ خۇددى تۆگە قۇشىدەك بېشىنى بىر يەرگە تىقىۋېلىپ، جاھاننى تەرك ئەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئايچېچەكنىڭ كۆڭلى ئاستا - ئاستا سېغىنىشتىن رەنجىشكە، ئىشەنچتىن گۇمانغا، ئۈمىدتىن ئۈمىدسىزلىككە قاراپ يۈزلەندى. لېكىن ئۇ يەنە تۈرۈپلا ئەكرەمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلاپ، ئۇنىڭ نەلەردە يۈرۈپ، نېمە قىسمەتلەرگە يولۇققانلىقىنى ئۆزىچە قىياس قىلىپ، مۆجىزىگە، تاسادىپىيلىققا تولغان بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشۈپ، يەردىن ئۈنگەندەك تۇيۇقسىز ئۆز يېنىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ

ئۆزىنىڭ ئەكرەمنى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق سېغىنغانلىقىنى، ئۇنى كۆرۈش تەشنالىقىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى سېزىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە بىئارام بولاتتى! . . .

مانا مۇشۇنداق مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئەبجەش ھېسسىيات بىلەن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تەقدىر ئاخىر ئايچېچەكنىڭ ئۆزگىمۇ تۇيدۇرماي، سابىرنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇردى. . .

سابىر بىر كۈنى كۇلۇبتا، ئۇنىڭ لىۋەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئايچېچەك ناخشا ئېيتىدىغان ئويۇنلا بولسا، ئۇ قازا قىلماي كىرەتتى. ئويۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىپ ماڭاتتى. بۇ ئىش بىرنەچچە ئاي داۋاملاشتى. لېكىن سابىر بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ خۇددى مەشۇقىسىز ئاشىققا ئوخشاش، ئۆزى كۆيۈپ، ئۆزى سۆيۈپ، كۆيۈك دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردى. ئۇ ئاددىي بىر شوپۇر بولغاچقا، ئۆز نەزەرىدىكى بۇ ئىلاھى قىزنى كۆڭلىدىكى سۆيگۈ ــ مۇھەببەتنىڭ جۈپتى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇنى ھامان ئاسماندا، ئۆزىنى بولسا يەردە دەپ ھېسابلايتتى! . . .

لېكىن كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە ئۇنى ئىختىيارسىز ئايچېچەككە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ھەم سۆزلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. . .

بىر كۈنى كەچتە، ئۇ يولدىن كېلىپلا ئايچېچەكنىڭ ئويۇنى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ماشىنىسىنى كۇلۇبنىڭ يېنىدا توختىتىپ قويۇپ، ئويۇنغا كىردى. ئويۇندىن كېيىن ئادىتى بويىچە، ماشىنىسى بىلەن ئايچېچەكنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر ئەگىشىپ ماڭدى. ئايچېچەك چوڭ كوچا ــ رەستىلەردىن ئۆتۈپ، ئۆيى تۇرۇشلۇق خىلۋەت كوچىغا بۇرالغان دوقمۇشتا، نەدىندۇر

بىر كىچىك پىكاپ پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئىككى ئادەم چۈشۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئايچېچەكنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ پىكاپقا سالدى. سابىر دەسلەپ بۇ ئىشلارنى ياخشىسىغا جورۇپ: «بەلكىم ئايچېچەكنى ئالغىلى كەلگەن پىكاپ بولسا كېرەك، بۇنداق گۈزەل قىزلارنىڭ خېرىدارى ئازمۇ؟» دەپ ئويلىدى. كېيىن ھېلىقى پىكاپنىڭ ھودۇققاندەك، ئالدى ـ كەينىگە شىددەت بىلەن يېنىپ ئايچېچەكنىڭ ئۆيى بار تەرەپكە ئەمەس، بەلكى شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى ـ دە، كېلەڭسىز، ھەيۋەتلىك ماشىنىسىنى بولۇشىغا گۈلدۈرلىتىپ، پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئايچېچەكنى «تېز قۇتۇلدۇرۇش» دېگەن بىرلا خالىس نىيەت، ئۆزى غايىۋانە سۆيگەن قىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغداپ قېلىش دېگەن بىرلا ئالىيجاناب تۇيغۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، رولغا يولۋاستەك يېپىشىپ، بۆركۈتتەك كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ئوۋدىن ئۈزمەي، شىددەت بىلەن كېتىۋاتاتتى!...

ئىككى ماشىنا شەھەر سىرتىغا چىققاندا دوقۇرۇشتى. سابىر سەككىز تونىلىق مەزمۇت ماشىنىسىنى پىكاپتىن يانداپ ئۆتۈپ، يولنىڭ توغرىسىغا توختاتقاندا، كىچىك پىكاپ گويا ئالدىدا تۇيۇقسىز بىر سېپىل پەيدا بولغاندەك ھولۇقۇپ، قاتتىق تورموزدىن چىرقىراپ، سىلكىنىپ توختىدى. ماشىنىدىن ئىككىيلەن ئالدىراپ چۈشتى ۋە سابىرغا قاراپ ۋارقىراشتى:

— ھەي ساراڭمۇ سەن؟! ماشىنا ھەيدەشنى بىلمىگەن ئادەم ئېشەك ھارۋاڭنى ھەيدىسەڭ بولمامدۇ؟! يولنى تېز بوشات!

سابىر ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئىككى پۈتىنى مەزمۇت كېرىپ، قولىدىكى رۇگاتكىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى:

— ئاغىنىلەر، ياخشىلىقچە ماشىنىدىكى قىزنى

چۈشۈرۈۋېتىڭلار! بولمىسا، خاپا بولۇشۇپ قالىمىز!

— ھە، مۇنداق دە! تەييارغا ھەييار بولماقچىمۇسەن؟! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق بۇرادەر! بىز بۇ ساھىبجامالنىڭ پېيىغا چۈشكىلى نەۋاخ، بۇگۈن تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ، ئاران قولىمىزغا چۈشتى. بىز تېخى ئۇنىڭ تەمىنى تېتىمىدۇق، بىزدىن كېيىن تېتىساڭمۇ يەنە ئاكاڭغا رەھمەت ئېيتساڭ بولىدۇ!...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئاغزىدا قالدى. سابىرنىڭ بازغاندەك مۇشتى ئۇنى تىك موللاق چۈشۈرگەنىدى. يەنە بىرى ئالچاڭلاپ كېلىۋىدى، تۇيۇقسىز تەگكەن قاتتىق پەشۋانىڭ زەربىدىن ئۇمۇ ئېڭراپ يەرگە يىقىلدى. سابىرغا قولىدىكى تۆمۈر رۇگاتكىنى ئىشلىتىش نېسىپ بولمىدى. بۇ ئىككىسى خام پىشنى تولا ئىچىپ، خۇددى سايىدە ئۆسكەن يۇمغاقسۇتتەك سولىشىپ كەتكەن ئاجىز نېمىلەر ئىدى...

سابىر پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ: «ئايچېچەك!» دەپ توۋلىدى. ئايچېچەكنىڭ ئاغزى پىلاستىردا يەملىنىپ، قولى ئىنچىكە شوينىدا باغلاپ قويۇلغانىدى. سابىر ئۇنى بوشاتتى. ئۇنىڭ يىرىك، كۈچلۈك قوللىرى ئايچېچەكنىڭ ئىسسىق، يۇمران قوللىرىغا تەگكەندە، ئۇنىڭ قاۋۇل، بەستلىك ۋۇجۇدى گويا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان كۈچلۈك، ئوتلۇق بىر سېزىمدىن ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بوشىشىپ، راھەتلىنىپ كەتتى...

شۇ كۈنى كەچتە، سابىر ئۇنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسى بىلەن ساق - سالامەت ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. بۇ جەرياندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسقىلا بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى:

— سىز مېنى قانداق تونۇيسىز؟

— سىزنى كىم تونۇمايدۇ، ناخشىڭىز ئالەمگە مەشھۇرغۇ!

— سىزمۇ ناخشىمنى ياخشى كۆرەمسىز؟



www.uyghurkitap.com

— ناخشىنىلا ئەمەس، يەنە. . .
— سىزگە كۆپ رەھمەت، سابىر ئاكا، مېنى چولڭ بالا -قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز، قانچە قىلسامۇ، سىزنىڭ بۇ شەپقىتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرالمايمەن! . . .
— ئۇنچە دەپ كەتمەڭ، ناھايىتى كىچىككىنە بىر ئىش. سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن، خوش ئەمىسە!
— خوش، ئۆيىمىزگە كېلىپ تۇرۇڭ!
شۇندىن كېيىن، ئۇلار بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتى. سابىر كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقا يەنىلا پېتىنالمىدى. ئايچېچەك بولسا، ئۇنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، سابىر كونا ئەنئەنە بويىچە ئايچېچەكنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى. ئۇ خىيالىدا «ماقۇل دېسە توي قىلارمەن، ياق دېسە بۇنداق باش - ئاخىرى يوق دەردنى تارتىۋەرگۈچە، ئۆزۈمنىڭ يولىنى تېپىۋالارمەن! » — دەپ ئويلىدى.
بۇ كۈنلەردە ئايچېچەكمۇ ئۆز تۇرمۇشىنى، ئىستىقبالىنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دوست — تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ، ئالدى بىر - ئىككى بالىلىق بولۇپ كەتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ بۇ توغرىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، ئارزۇ - ھەۋەس كۆرگۈسى بارلىقىنى پات - پات تەكىتلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئايچېچەك بىر يېرىم يىلدىن بېرى ھېچقانداق ئىز - دېرىكى، نام نىشانى بولمىغان ئەكرەمنى كۈتۈۋەرسە بولمايتتى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرى پەخىرلەنگۈدەك غايە ۋە مۇھەببەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولمايدىغانلىقىغا ئۇ ئاستا - ئاستا ئىشىنىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

سابىرنىڭ ئەلچىلىرى ئۈچىنچى قېتىم كىرگەندە، ئايچېچەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆرۈپ، سابىرغا نىسبەتەن، گەرچە ھازىرچە ئوتلۇق بىر سۆيگۈ ـــ مۇھەببەت بولمىسىمۇ، لېكىن قىلچە نەپرەتىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، سەممىمىي سادىقلىقىدىن قارىغاندا، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ياخشى ھەمراھ ھەم كۆيۈملۈك شەپقەتچى بولالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭ ھالال جۈپتى بولۇشقا رازى بولدى. دېگەندەك، تويدىن كېيىن، ئاللا ئۇلارغا نىكاھ ئىسسىقچىلىقىنى بەردى. ئۇلار بارغانسېرى بىر ـ بىرىگە ئىچەكىشىپ، ئامراق، ۋاپادار ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدى. ساباھەت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ رىشتى تېخىمۇ چىڭىپ، ھايات سەپىرىدىكى بىر جۈپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھلارغا ئايلاندى! . . .

ئايچېچەك يىراق تارىخنىڭ ئوبرازلىق گۇۋاھى بولغان لوئۇرې سارىيىدا ئەنە شۇنداق ئاچچىق ئەسلىمە ۋە رومانتىك خىياللارغا بېرىلگەن ھالدا، ۋېناسنىڭ ھەيكىلى ئالدىدىن ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان مەستانە ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى:

ـــ ئايچېچەك! . . .

ئايچېچەك ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەكرەم تۇراتتى! توۋا، بۇ راسىمدۇ؟ ياكى بايىقى ئەسلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان خىيالىي تۇيغۇمىدۇ؟! . . .

ئايچېچەك نېمە قىلىش ۋە نېمە دېيىشنى بىلمەي، كۆزىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ، خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى.

ۋاھ! . . . بۇ نېمىدېگەن تونۇش، يېقىملىق

چىراي ـ ھە؟! ئەنە، ئۆز ۋاقتىدا ئەكرەمنى مەپتۇن قىلىپ، ھالىدىن كەتكۈزگەن قاپقارا سىرلىق كۆز! ئەنە تالاي يىگىتلەرنى سۆيۈشكە نېسىپ قىلماي، داغدا قويغان ئۇماق، سۇزۇك يۈز! ئەنە، تارسىلداپ ماڭسا كىشىلەرنى قايرىلىپ قاراشقا ئۈندەيدىغان ئىرغايدەك ئەۋرىشىم قەددى ـ قامەت!

— ئايچېچەك، بۇ راستىنلا سىزمۇ؟ — ئەكرەم ئۇنىڭغا قاراپ قول سوزۇپ كەلدى، — تۇۋا، تەقدىر بىزنى ئەجەب بىر يەردە ئۇچراشتۇردى ـ ھە!!

ئايچېچەك شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى ۋە ئۆزىگە قول سوزۇپ تۇرغان ئەكرەمنىڭ بىجىرىم قوللىرىنى تۇتۇپ:

— ئەكرەم، بۇ راستىنلا سىزمۇ؟ — دېدى زەئىپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — تۇۋا، سىز بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنسىز ـ ھە؟!

ئۇلار شۇنچە يىللاردىن كېيىن، مانا بۇگۈن تۇيۇقسىز پارىژدا، يەنە كېلىپ، بۇ قايناق، گۈزەل شەھەرنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان لوئۇرېي سارىيىدا — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى توپلانغان بۇ سەلتەنەتلىك ئوردىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

— تۇۋا، بۇ تاسادىپىيلىقنى! — دېدى ئايچېچەك بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا.

ئەكرەم ئۇنىڭ قولىنى بوش قىسىپ قويدى:

— سىز مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغانمۇ؟

— ياق، نېمە ھاجىتى؟! — دېدى ئايچېچەك. لېكىن ئۇنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن، يۈرىكىنىڭ تېز ـ تېز سېلىشىدىن يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى، تېخى ھېلىلا ۋېناسنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ تۇرۇپ نۇرغۇن شېرىن خاتىرىلەرنى ئەسلىگەنلىكىنى يوشۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئايچېچەك ئۇنى تېخى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. بەلكى ئۇنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، بىخەتەر

قاتلىمىغا، غۇرۇر، ۋاپا ھەم مەسئۇلىيەت سېزىمىنىڭ ئەك كەينىگە يوشۇرۇپ قويغانىدى. بىر نەچچە يىللىق جۇدالىقتىن كېيىنكى بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەپلەتتە ياتقان پىنھان ھېس - تۇيغۇلارنى خۇددى تونۇردىكى ئۇچەي دەپ قالغان قوقاسنى كۆسەي بىلەن مالتىلاپ يېلىنجىتقاندەك، بىردىنلا قوزغىۋەتتى. تۇيۇقسىز يالقۇنجىغان ئوت ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى يەنە كۆيدۈردى. . .

ئادەم شۇ ياشقا يەتكەندە، ئۇنىڭ قەلبىدە ياشلىق دەۋرىدىكى شېرىن تۇيغۇلارنىڭ ئۇچمەس ئابىدە بولۇپ ساقلىنىپ قالالىشى ناتايىن. ۋەھالەنكى، ئادەم ئۆزىگە ئاشۇ تۇيغۇنى بەخش ئەتكەن كىشى بىلەن ھاياتنىڭ ھەرخىل ئاچال - دوقمۇشلىرىدا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاشۇ سىرلىق تۇيغۇلارنىڭ قايتا پارتلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ئەكرەم بىلەن ئايچېچەك ئەنە شۇنداق ھالەتتە، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ئۈن - تىنسىز تۇرۇشاتتى. لەۋلىرى گويا تۇگىمەس گېپى باردەك مىدىرلايتتى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى. كۆزلىرى ھەيرانلىق، تەئەججۇپ ۋە قىزىقىش بىلەن چاقنايتتى، مۆلدۈرلەيتتى. لېكىن مىت قىلىپ يۇمۇلمايتتى! . . .

ئۇلار راستتىنلا، بىرى ئەپسۇن ئوقۇپ، بەند قىلىپ قويغاندەك ئېغىر سۈكۈتتە، بىھوش ھالەتتە جىممىدە تۇرۇشاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بۇنداق بولغان بىلەن، روھىي دۇنياسى ھاياجانغا، داۋالغۇشقا ۋە بۇنداق تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن كېلىپ چىققان ھودۇقۇش بىلەن ھەيرانلىققا تولغانىدى! . . .

دېمىسىمۇ، ئۇلار بەك تەسادىپىي ئۇچراشتى. يەنە كېلىپ، توپ - توغرا سەككىز يىلدىن كېيىن! سەككىز يىل! . . . ئۇ قۇياشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئوقى ئەتىراپىدا سەككىز قېتىم ئايلىنىشتەك قىسقا، تېپتىنچ بىر ۋاقىت بولسىمۇ، لېكىن بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ، ئۇنداق قىسقا، تېپتىنچ ئەمەس ئىدى. بۇ سەككىز يىلدا ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىدىن نىمە قىسمەتلەر ئۆتمىدى! ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ياشلىق چېغى

ھېسابلانغان بۇ سەككىز يىلغا ئۆلارنىڭ تالاي قايغۇ ـ ئەلەملىرى بىلەن شاد ـ خۇراملىقلىرى، تالاي ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن ھەسرەت ـ نادامەتلىرى، تالاي سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بىلەن ئاچچىق كۆز ياشلىرى سىڭىپ كەتتى. ئۆلار بۇ سەككىز يىلدا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ئەسلىسە، ئۆزلىرىنى قېرىپ، ھالسىدىن كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ؛ بۇ سەككىز يىلدا بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلىسا، ئۆزلىرىنى ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىگە بېرىپ قالغاندەك سېزىدۇ! . . .

راست، شۇ تاپتا ئۆلار ئۆزلىرىنى بىر تۇرۇپ، ھايات ساھىلىنىڭ ئاللىبىر يېرىگە بېرىپ قالغان ناتىۋان قېرىلاردەك، بىر تۇرۇپ، ئەمدىلا ھايات يولىنى باشلىغان قىران ياشلاردەك ھېس قىلىشىپ قالدى. ئۆلارنىڭ شۇ تاپتىكى تۇيغۇسى، ھېسسىياتى، تەسىراتى خۇددى بىر چەت ئەللىك شائىرنىڭ:

«قىرىق يىل شۇنچە ئۇزاق مۇددەت ئىكەن،
ھەتتا قېرىپ، چۆكۈپتۇ سەل، تاغ.
رەيھان ئارا ئۈنگەن كەبى تىكەن،
ساچلارغا ھەم ئارىلاپتۇ ئاق.

قىرىق يىل شۇنچە قىسقا مۇددەت ئىكەن،
قىرىق يىللىق قار تاغلاردا ئاپئاق!»

دەپ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش ئىدى. ئۆلار ئەنە شۇنداق سۈكۈت ۋە جىملىق ھالەتتىكى بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىقىنى ئۇنتۇپ، تالاي يىللارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ياشلىق دەۋرىدىكى سۆيگەن ـ سۆيۈلگەن غەمسىز، خۇشال ـ خۇرام كۈنلىرىنى ئەسلەپ كېتىشتى! . . .

— مەن ئەمدى سىزنى كۆرەلمەسمەنمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئايچېچەك بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، — لېكىن، بۈگۈن سىز ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمدا پەيدا بولۇپ مېنى ھەيران قالدۇردىڭىز.

— ئادەم، تۇرمۇش، تەقدىر دېگەنلەر تولىمۇ غەلىتىتە بولىدىكەن، ئايچېچەك، — دېدى ئەكرەممۇ خىيالدىن سەگىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتقان هالدا، — بەزىدە، هەر قانداق ئادەمنىڭ كۆچى شەپقەتسىز تەقدىرگە قارشى تۇرالمىسا كېرەك، سىزدىن ئايرىلىپ، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى دەپ كەلسەم، گەپ تولا. بۇنى كېيىن سۆزلىشەيلى بولامدۇ؟

ئايچېچەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— ئۇنداقتا، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ئەكرەم؟

— كەسىپ ئىشى بىلەن بولامدۇ، — دېدى ئەكرەم قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ، — مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتىم. بىلىپ قويۇڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەردە رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىشى تۇنجى قېتىم جۇمۇ! — ئۇ مەغرۇرلانغاندەك گەۋدىسىنى كېرىپ قويدى.

— بارىكاللا، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئايچېچەك قاش - كۆزلىرىنى چىرايلىق ئوينىتىپ، — بۇمۇ يۇرتنى تاشلاپ، جاھان كەزگەنلىكىڭىزنىڭ خاسىيىتى دەڭا!

— ئىشقىلىپ، شارائىتمۇ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم ئامىل ئىكەن. بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، جۇرۇڭ، ئەمدى سارايىنى بىللە ئايلىنىمىز!

— توختاڭ ئەكرەم، توختاڭ، — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، — مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سورىۋالاي، بايا، ۋېناسنىڭ هەيكىلىگە قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر قولى يوق؟

ئەكرەم كۈلدى، كۈلگەندىمۇ، ئايچېچەكنىڭ سوئالىدىن هەۋەسلىنىپ كۈلدى.

— ۋېناسنىڭ هەيكىلى سىزنىڭمۇ دىققىتىڭىزنى تارتىپتۇ - هە! ناهايىتى ياخشى، — دېدى ئۇ ۋە هەيكەلنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كېلىپ داۋاملاشتۇردى، — بۇ هەيكەلنىڭ قولسىز، چولاق بولۇشىدىكى سەۋەبنى مۇتەخەسسىسلەر هەر خىل تەھلىل قىلىپ كەلدى. بەزىلەر، ئىرادىن بۇرۇن گرېتسىيىدىكى بىر

غاردىن ئەسلىي ھەيكەل تىپىلغاندا، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن بىر قولى سۇنۇپ كەتكەن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر، رەسسام بۇ مەر ـ مەر ھەيكەلنى ياساپ بولۇپ، قارىسا، قولىنىڭ پۈتۈنلۈكى ھەيكەلنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن رەسسام ئۆزى ۋېناسىنىڭ بىر قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، نەتىجىدە، ۋېناسىنىڭ گۈزەللىكى تولۇق نامايان بولغان، دەيدۇ. چۈنكى ھەيكەل بوشلۇقتا ئوبراز يارىتىدىغان كۆرۈش سەنئىتى، پەقەت كۆز بىلەنلا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگىلى، ھوزۇرلانغىلى بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا رەسساملار ۋېناسىنىڭ چولاق قولىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قايتىدىن قول چىقىرىپ سىزىپ باققان، لېكىن ھېچقايسىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، رەسسامنىڭ ئۆزى سۇندۇرۇۋەتكىنى راست بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تارىختىن بۇيان، كىشىلەر ئەگەر ۋېناسىنىڭ قولى بىجىرىم بولغان بولسا، دۇنياغا مەشھۇر «گۈزەللىك ئىلاھى» ئاتىلىپ، شۇنچە ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى مۇمكىنمىدى؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ كەلمەكتە.

ئايچېچەك بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك، قاشلىرىنى يىمىردى:

— توغرا، تۇرمۇشتىكى بەزى كەمتۈك، يېتەرسىزلىكلەرمۇ تۇرمۇشقا نىسبەتەن بەزىدە گۈزەل ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر خاتىرە ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر مەن ئۆز ۋاقتىدا، سىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قاتتىق ئۆكۈنمىگەن بولسام، ئاشۇ ئايرىلىش مىنۇتلىرىنى شۇنچە يىللاردىن بېرى شۇنداق ئېنىق ئەسلىيەلەيتتىممۇ؟!...

— سىزنى مەن سەھنىدىكى ئارتىسمىكىن دېسەم، تۇرمۇشتىمۇ ئارتىس بولۇپ قاپسىز، جۇمۇ ئايچېچەك! — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ جايىدا كەلتۈرۈۋالغان كىنايىسىدىن قايىل بولۇپ، — جۈرۈڭ ئەمدى بۇ تەرەپلەرنى ئايلىنايلى!

www.uyghurkitap.com

ئۇلار سارايىنىڭ گوللاندىيە بۆلۈمىگە كەلگەندە، XVII ئەسىردىكى مەشھۇر رەسسام رېمبرانتنىڭ[1] «بېتە سابىل» ناملىق ماي بوياق رەسىمىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— مەن بۇ رەسىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئەكرەم ھاياجانلىنىپ، — رەسسام بۇنىڭدا ناز - كەرەشمە بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان ئۇسۇلنى ئىشلەتمىگەن. رەسىم ناھايىتى جۇشقۇن مەردانە، سەمىمىي سىزىلغان. . .

— شۇنداقكەن، — دېدى ئايچېچەكمۇ قىزىقىپ، — شۇغىنىسى، ئۇ قىزنىڭ تېرىسى دېگەندەك ئەمەسكەنغۇ، ياش قىزلارغا نىسبەتەن بۇنداق تېرە سەت كۆرۈنمەمدۇ؟

— لېكىن ئۇ ھەقىقىي سىزىلغان، — دېدى ئەكرەم ئۆز پىكرىنى تەكىتلەپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر يالغۇز گۈزەل قىزلارنىلا سىزىشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا سەنئەت، ھۆسن تۈزەش ئۇستىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

— كىم بىلىدۇ، — دېدى ئايچېچەك، — رېمبرانت دەۋرىدە بەلكىم مۇشۇ گۈزەللىك ھېسابلانسا كېرەك.

ئۇلار گوللاندىيە بۆلۈمىدىن چىقىپ، رىم ئويما سەنئىتى بۆلۈمىگە كىردى. ئىشىكتىن كىرىپلا، ئايچېچەك چۆچۈگەندەك ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى. كۆچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدا سوغۇق يالتىراپ تۇرغان قىپيالىڭاچ ئەر - ئاياللار گويا باشلىرى كېسىۋېتىلگەن ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇراتتى. كۆزلىرىمۇ يوغان ئېچىلغان قارىغۇغا ئوخشايتتى. . . شۇنداق، ئۇلارنىڭ مۇشۇ تۇرقى ئۆلۈكتىنمۇ بەتتەر ئۆلۈك ئىدى. ئۇلار تاشقا ئايلانغانىدى. بۇ تاش كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ نام - ئاتىقى،

---

[1] رېمبرانت — (1606 — 1669) گوللاندىيىلىك رەسسام. ئۇنىڭ «پروفېسسور دوپېنىڭ ئاناتومىيە ئىلمى»، «كېچىدىكى چارلاش»، «ئالتۇن قالپاقلىق كىشى»، «تۈگمەن»، «لۇكرېتسىيە ئۆزگەردى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى ۋە يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان تېز سىزما رەسىملىرى بار.

شان ـ شۆھرىتى ۋە بارلىق سەلتەنىتى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئەر ـ ئاياللارمۇ جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان، ئالدىغان ـ ئالدانغان، سۆيگەن ـ سۆيۈلگەن ھەممىسى ناھايىتى سەلتەنەتلىك ئۆتكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى ئورنىغا قالغىنى، مانا مۇشۇ سوغۇق، ھەرىكەتسىز مەرمەر تاش بولغان. ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئۇنىڭغا دىققىتى چېچىلغان ھالدا ئاندا ـ مۇندا قاراپلا قويىدۇ، خالاس!

— ئويمىچىلىق ئادەمگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان سەنئەت ئەمەسكەن، — دېدى ئايچېچەك بىر خىل كەيپى ئۇچقان ھالەتتە، — مەن ماي بوياق رەسىمنى ياخشى كۆرىمەن، رەسىم لاتىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، رەڭ ـ بوياقلارنى ئۆزۈمگە پۈركىۋالغۇم كېلىپ كېتىدۇ. ھەيكەللەرگە قارىسام، ئۆلۈم كۆز ئالدىمغا كېلىدىكەن. ماۋۇ ھەيكەللەر كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئادەمگە بەك سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدىكەن. سىزگە ئۇنداق تۇيۇلمامدۇ، ئەكرەم؟

— چىرايىنى غەم باسقان ھەيكەللەر تېخىمۇ قورقۇنچلۇق دەڭا! — دېدى ئەكرەم ئايچېچەكنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ، — مېنىڭچە بىر ھەيكەل كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى قايتا ئىپادىلىمەسلىكى، ئەكسىچە ئادەملەردە شۇ توغرۇلۇق ئوي ـ خىيال تۇغدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر سەنئەتكار قايتا ئىپادىلەشنى بەكرەك تەكىتلىسە، ئۇ تولىمۇ ئەخمىقانە دورامچىلىق بولىدۇ.

ئۇلار ئاشۇنداق كۆرۈش، مۇلاھىزە قىلىش بىلەن يەنە بىرنەچچە بۆلۈملەرنى ئايلاندى. ئايچېچەك بۇ يەردە ھېسابسىز كۆپ يېڭى شەيئىلەرنى كۆرۈپ، خۇشلۇقى، ھاياجىنى ئىچىگە پاتماي كەتتى. ئۇ بۇ يەردە — چۈشىدىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ بولمايدىغان بۇ سەلتەنەتلىك لوئۇرې سارىيىدا — قۇدرەتلىك، مۇرەككەپ ھەم مۇكەممەل بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتنى كۆردى.

ئايچېچەك ئالەمنىڭ نەقەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مانا مۇشۇ يەردە ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى. . .

ئۇلار شۇنچە كۆرگەن بولسىمۇ، لوئۇرېي سارىيىنىڭ تېخى كىچىككىنە بىر بۇرجىكىنى كۆرۈپ بولغانىدى، ئايچېچەك ھېرىپ قالدى. ئەكرەمنىڭمۇ ئايچېچەك بىلەن ئازادە ئولتۇرۇپ بىر مۇڭداشقۇسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار لوئۇرېي سارىيىدىن چىقىپ، پارىژنىڭ داڭلىق كوچىلىرىنى ئارىلاپ ماڭدى. . .

## 2

مانا پارىژ — سۈزۈك ئاسمىنىدا كەپتەرلەر جەۋلان قىلىپ، گۈزەل قوينىدا ھايات ئېقىمى كۆۋەجەپ تۇرغان سەلتەنەتلىك شەھەر!

ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق، ئازادە، قايناق بىر شەھەر قۇچاق ئاچتى. شەھەرنىڭ دوقمۇش — دوقمۇشىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان باغچە ۋە گۈلزارلار شەھەرگە رەڭ — ھۆسن بېرىپلا قالماي، بەلكى شەھەرنى خۇش بۇي گۈل ھىدىغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا، پارىژ دۇنيادىكى داڭلىق «گۈل شەھىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ھەيۋەتلىك سېنا دەرياسى شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، گۈل شەھرىگە تېخىمۇ ساپ ۋە سالقىن ھاۋا بەخش ئەتكەنىدى. دەريانىڭ ھەر بىر كۆۋرۈكىنىڭ بېشىغا ھەم رەستىلەرگە ئورنىتىلغان ھەيكەللەردىكى سېھرىي كۈچ ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئادەم كوچىدا ماڭسا، گۈزەللىكتىن، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىپ، ھارغان ۋە چارچىغانلىقىنى بىلمەي قالاتتى. شۇڭا پارىژنى يەنە گۈزەل سەنئەت شەھىرى دېيىشكە بولاتتى. . .

ئەكرەم بىلەن ئايچېچەك كۆركەم، پاكىز كوچا — كويلارنى ئارىلىدى. نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆردى. پارىژدا كوچا

سەنئەتكارلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. رەسساملار، مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، سېھىرگەرلەر ھەر دوقمۇشتا ماھارەت كۆرسىتەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ھەتتا داڭلىق، چوڭ سەنئەتكارلارمۇ بار ئىدى. ئايچېچەك ھەممىنى قىزىقىپ كۆردى، ئاڭلىدى. خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. پارىژ ئۇنىڭغا باشقىچە بىر دۇنيا بولۇپ تۇيۇلدى. . .

ئۇلار ئەمدى قولتۇقلىشىپ، سېنا دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئاسماندا ئاق، يېنىك بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى، قۇياش نۇرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە يالتىرايتتى. ئۇلار پەلەمپەي بىلەن دامبىدىن پەسكە چۈشتى. بۇ يەردىن سۇ بويىغا كەلگىلى بولاتتى. سۇ بويى سالقىن، چىرايلىق ۋە تىپتىنچ ئىدى. ئۇ يەردە ساياھەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن ياسالغان باغچىغا ئوخشاش گۈللۈك ۋە بونجاللىقلار بار ئىدى. سېنا دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ چىمەنزارلار قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى ۋاللىدە ئېچىلدۇرىدىغان باغقا، باغقىلا ئەمەس، بەلكى رەڭگارەڭ كۈيچى قۇشلار خەندە ئۇرۇۋاتقان مۇرغىزارلىغا ئوخشايتتى. سېنا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا لوئۇرىي سارىيى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكى شۇنداق كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. كەچكى شەپەق نۇرى ساراي ئىشىكىدىكى نەقىشلەر بىلەن تاملاردىكى سەنئەت نامايەندىلىرىنى ئالتۇندەك يالتىرىتىۋەتكەنىدى. گويا، ئۇ قاشتا يالتىراپ تۇرغان ئاشۇ ساراي، شاۋقۇنلۇق دەريا ئېقىمى ۋە رەڭدار ئاسمان بوشلۇقى ئۆزىنىڭ جىمى گۈزەللىكلىرىنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى موشۇ دەرياغا ئاتىۋەتكەندەك، ھەيۋەتلىك دەريا شۇنچە گۈزەل، شۇنچە رايىش ھەم شۇنچە جەلپكار ئىدى. ئۇ بەزىدە شارقىراپ، بەزىدە ئۆركەشلەپ، شادىمان ئاقاتتى. . .

دەريادا كىشىلەر قېيىق، كاتىرلار بىلەن ئېقىمغا قارشى

ئۈزۈپ، ئويناۋاتاتتى. بەزىلەر پىستە كۈچۈكلىرىنى يېتىلەپ، دەريا بويىدىكى چىملىقلاردا سەيلە قىلاتتى. دەريا قولتۇقىدا توختاپ كەتكەن سەيلە قولۋاقلىرىغا توختىماي دولقۇن ئۇرۇپ، يېنىك بۇژغۇن چاچرايتتى. سىنا دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلۇق يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن سۆيگۈچى ۋە ئويغاتقۇچى سالقىن شامال بۇ ئىككىيلەننىڭ يۈز - كۆزلىرىنى، چاچلىرىنى ۋە ئەڭ نازۇك ھەم پىنھان ھېسسىياتلىرىنى سۆيۈپ، ئويغىتىپ، ئەركىلىتىپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇ يەردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى گۈل - گىياھلىقتا پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەكلەرمۇ بۇ مەيىن شامالنىڭ ھۇزۇرىدىن جانلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەندى...

ئۇلار سىنا دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئۇسۇملۇكلەر باغچىسىغا كەلگەندە، ھېرىپ قېلىپ، يول بويىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا مايمۇنلار سولانغان يوغان قەپەس بار ئىدى. مايمۇنلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، قۇيرۇقلىرىنى چىشلىشىپ، چىرقىرىشىپ ئويناپتتى. تۆمۈر رېشاتكىلارغا ئېسىلىپ سەكرەيتتى، كىشىلەر تاشلاپ بەرگەن مېۋىلەرنى غاجايتتى، ئۇنى تالاشقان كىچىك مايمۇنلار تەستەك يەيتتى، بەزى مايمۇنلار تەمكىنلىك بىلەن تۈكلىرىنى قايرىپ بۈرگە تۇتاتتى. بەزىلىرى بولسا، قوللىرى بىلەن قىزىل ھەم پارقىراق كۆتىنى تاتىلايتتى...

ئەكرەم تەبىئەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا يېنىدىكى ئايچېچەككە تىكىلىپ قارىدى. ئايچېچەكنىڭ كىشىلەرنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك قاپقارا، يوغان كۆزلىرىدە گويا ئۇ ئۆزىنىڭ غەمسىز ياشلىق چاغلىرىنى كۆرگەندەك، ئوت - ئاتەش بولۇپ ئۆتكەن مۇھەببەتلىك دەملىرىنى سەزگەندەك بولدى. شۇ تاپتا، ئايچېچەكتىمۇ ئەنە شۇ

دەريا ئېقىنىدەك شىددەتلىك، شېرىن بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا سۆيگۈنىڭ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى يېنىدا ئولتۇرغان مۇشۇ چاۋاش، ئاۋارە يىگىت بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلىدىن كۆيۈپ پىشاتتى، ئەسلەيتتى، سېغىناتتى. شۇ تاپتا ئۇ، راھەتلەنگەن، بىھوشلانغان ھالدا ئۇنى قۇچاقلاپ، يۈرىكىگە مەھكەم تاڭغۇسى، ھۇزۇر – ھالاۋەتتىن قانغۇچە لەززەت ئالغۇسى كەلدى. لېكىن... مانا شۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، ئادەمنى ۋىجدان، ئەخلاق، ۋاپا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن چەكلەپ تۇرىدىغان لەنىتى «لېكىن» ئۇنى بىمەھەل قۇتراشتىن، قاراملىقتىن، ھەتتا ئەسەبىيلىكتىن توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، ئارىدىكى جىملىقنى، ئوڭايسىزلىقنى بۇزۇپ، مۇنداق دېدى:
— ئەكرەم، سەككىز يىل بۇرۇنقى ھېلىقى كۈن ئېسىڭىزدىمۇ، سىز مەن بىلەن خوشلاشماي كېتىپ قالغان كۈننى دەيمەن؟
— ئېسىمدە، مەڭگۇ ئېسىمدە! — دېدى ئەكرەم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — ئۇ كۈننى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن، ئايچېچەك! مانا شۇ كۈننىڭ كاساپىتى بىلەن سىزدىن، ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ ھازىرغىچە بويتاق يۈرۈۋاتىمەن!...
— بويتاق؟! — ئايچېچەك قايرىلىپ، ئۇنىڭ مۆلدۈر باسقان كۆزلىرىگە تەئەججۇپ بىلەن قارىدى، — تېخىچە بويتاق يۈرىدىكەنزىمۇ ئەكرەم؟ نېمە ئۈچۈن؟!
— نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئايچېچەك! — دېدى ئۇ بىر خىل مۇجمەللىك بىلەن، — ئىشقىلىپ، تۇرمۇشتىن كۆڭلۈم سوۋۇغان چېغى، ئۆي تۇتقۇم، خوتۇن ئالغۇم كەلمىدى!...
نېمە ئۈچۈندۇر ئايچېچەكنىڭ بۇ گەپلەرنى زېرىكىلاپ سورىغۇسى كەلمىدى. شۇڭا سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى ئۆزى ئاڭلاشقا

تەقەززا بولۇۋاتقان تەرەپكە بۇرىدى:

— ئېيتىڭا ئەكرەم، سىز زادى نەگە باردىڭىز، نەدە تۇردىڭىز؟ مېنىڭچە، سىز ئالەمنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتىڭىزغۇ، دەيمەن! بولمىسا، بىرەر پارچە خەت بىلەن بولسىمۇ ئالاقە قىلاتتىڭىز!...

— بۇ بىر ھېكايە ئايچېچەك، تولىمۇ ئېچىنىشلىق، كۆڭۈلسىز بىر ھېكايە! — دېدى ئەكرەم ئەمدى رەسمىي گېپىنى باشلاشقا كىرىشىپ، — ھېلىقى كۈنى، سىز بايا ئېيتقان سەككىز يىل بۇرۇنقى ھېلىقى كۈنى كەچتە، بىر توپ تەلۋە لۈكچەكلەر ياتىقىمغا دەۋرەپ كېلىپ مېنى ئۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار ئالدىنقى نۆۋەت كېلىپ مېنى تاپالماي، رەسىملىرىمنى ۋەيران قىلىۋېتىپ كەتكەن جاھالەت ھامىيلىرى ئىدى. بىلەمسىز، ئەگەر شۇ چاغدا مەن ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن دېسەم، ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولاتتىم. ھېچ بولمىغاندا، بىرەر يېرىم سۇنۇپ، مېيىپ بولۇپ قالاتتىم. سىز بىلىسىز، مەن كەسپىمنى سۆيىمەن، رەسىم مېنىڭ ھاياتىم، ئىستىقبالىم! شۇڭا، جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىرقۇر كېيىم - كېچەكلىرىم بىلەن ئازغىنا پۇلنى ئېلىپ، دېرىزىدىن چۈشۈپ قاچتىم ۋە شۇ كۈنىلا كەچلىك ماشىنا بىلەن غۇلجىغا يولغا چىقتىم. مەن سىزگە ئېيتقان، غۇلجىدا بىر ناھىيىنى سوراۋاتقان تاغام بار ئىدى. خىيالىمدا، تاغامنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ، رەسىم سىزغاچ دەم ئېلىپ كېلەرمەن. ئاڭغىچە، ھېلىقى تەلۋىلەرنىڭمۇ ئەسەبىيلىكى بېسىلىپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالار، دەپ ئويلىدىم، لېكىن غۇلجىغا بارغاندىن كېيىنكى ئىش مەن ئويلىغاندەك بولماي قالدى. تاغامنىڭ مەندىن ئىككى ياش كىچىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا جاھان كۆرۈش، پۇل تېپىشنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئولتۇرالماي قالدى: «ئاكا، ئوبدان ۋاقتىتا كەلدىڭ، — دەيتتى ئۇ ھەر كۈنى مېنى دەيدەيگە

سېلىپ، — ھازىر ياشلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا چىقىپ، جاھان كېزىپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. مەن دادامغا دېدىم، بىزمۇ بانكىدىن بىر ئاز پۇل قەرز ئېلىپ، ئايلىنىپ كىرەيلى! ...» بۇ چاغ چېگرا سودىسىنىڭ يېڭىلا باشلانغان قايناق مەزگىلى ئىدى. ئىنىمنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن مەندىمۇ جاھان كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. «بوپتىلا، مۇشۇنداق باھانە — سەۋەب بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كۆرۈپ كىرسەم نېمە بوپتۇ! رەسسام ئۇچۇن، قانچە كۆرسە، شۇنچە ياخشى!» دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ، بىز ئىككى ھەپتە ئىچىدە، تاغامنىڭ ياردىمى بىلەن ھەم پۇلغا، ھەم پاسپورتقا ئىگە بولدۇق. بىزنىڭ ئاچىققان ماللىرىمىز ئالما — ئاتا بىلەن بېشكەك بازارلىرىدا تېزلا سېتىلىپ، بىر مۇنچە پايدا ئالدۇق، پايدىنى كۆرسە كىمنىڭ كۆزى قىزارمايدۇ، دەيسىز! بىز بىرنەچچە كۈنگىچە بازار ئارىلاپ، ئۇ يەردىن يەنە مال ئېلىپ قايتىشنىڭ كويىدا، سودا ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ يۈردۇق. مەن كۆڭلۈمدە، ئەمدى بولدى، بۇ قېتىم قايتىپ بېرىپلا ئايچېچەكنىڭ يېنىغا بارىمەن، تىجارەت مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، دەپ ئويلاپ، سىزگە بىر مۇنچە چەت ئەل سوۋغىلىرىنى ئالدىم. بىر كۈنى بىز، تاشكەنتتە باھاسى ئەرزان خان ئەتلەس سودىسى بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدۇق. ئىنىم ئۇ يەرگە بارايلى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مېنىڭمۇ تاشكەنتنى كۆرۈپ كەتكۈم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز بېشكەكتىن تاكسى كىرا قىلىپ، پۇللىرىمىزنى بىر سومكىغا قاچىلاپ، تاشكەنتكە قاراپ ماڭدۇق. كىم بىلسۇن، تاشكەنتكە يېقىن قالغاندا، بېشىمىزغا كۈتۈلمىگەن ئېغىر كۈلپەت چۈشتى. ئۆي — جايلىرى تارقاق بىر يېزا بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئىككى ساقچى ماشىنىمىزنى توسۇپ، بىزنى پەسكە چۈشۈردى، ئىنىم سومكىدىكى پۇللارنى ئولتۇرغان يېرىدە قويۇپ قويغانىدى. پاسپورتىمىزمۇ سومكىنىڭ يان يانچۇقىدا ئىدى.

ساقچىلار بىزنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىمىزنى تەكشۈردى، ئاندىن ماشىنىنىڭ ئىچىنى تەكشۈرمىسىز دەپ ئىككىسى ماشىنىغا چىقتى ۋە هايت ـ هۇيت دېگۈچىلا، شوپۇر بىلەن بىللە ماشىنىنى قوزغىتىپ كەتتى. بىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ، ئاللا ـ كاللا دېگۈچە، ماشىنا كۆزدىن غايىپ بولدى، بىز بىرسى تۇيۇقسىز كاللا قويۇپ، بېشىمىزنى ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك، گاراڭ بولۇپ قالدۇق. بىر چاغدا ئېسىمىزنى يىغىپ، ئەتراپىمىزغا سەپ سالساق، ئۆزىمىزنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن ــ پۇلدىنمۇ، پاسپورتتىنمۇ ئايرىلىپ، ناتونۇش بىر يەردىكى يېگانە ئادەملەر ئارىسىدا يالغۇز قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. تۇرمۇش بىزگە بەكمۇ شەپقەتسىزلىك قىلدى. ئۇ بىزنى خۇددى كېرەكسىز غەلدە ـ غەشلەردەك، دەريانىڭ قىرغىقىغا ئۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. تۇرمۇشتا ھەقىقەتەنمۇ، كىشى ئالدىن قىياس قىلىپ بولالمايدىغان، شۇ رغانلىق كۆز كېچىسىدەك بەكمۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن! . . .

كېيىن بىزگە ئىچ ئاغرىتقان، ھېسداشلىق قىلغان بىرنەچچە كىشى بىزنى يېقىن ئەتراپتىكى ساقچى ئىدارىسىگە باشلاپ بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بىز شۇ چاغدىلا، ھېلىقى ئىككى ساقچىنىڭ يالغان ساقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تاكسى شوپۇرى بىلەن رۇس تىلىدا سۆزلىشىپ، پۇتۇشۇپ، سومكىدىكى پۇلنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى، ئۇلارنى تېپىش دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق! سىز مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى، پۇشايمىنىمنى، ئازابلىرىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز! مەنمۇ ھازىر ئۇنى سىزگە شۇ ۋاقىتتىكى ئەينى ھالەت بويىچە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن! ئىشقىلىپ، ئۇ چاغدا مەن گويا يىلتىزىغا ئورغاق تەگكەن زىرائەتتەك سارغىيىپ، سولىشىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ

قالغانىدىم. سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمدىن، يۇرت ـ ماكانىمدىن ئايرىلىپ، نەلەردىدۇر «غېرىب كېپەن» بولۇپ قېلىش تۇيغۇسى خۇددى ئالۋاستىنىڭ قولىدەك يۈرىكىمنى مۇجۇپ، جېنىمنى قاقشىتاتتى! . . . بۇنى ئاز دېگەندەك، تاشكەنتنىڭ كوچىلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ، پويىز ئىستانسىسى، ماشىنا بېكەتلىرىنىڭ كۇتۇۋېلىش ئۆيلىرىدە تۈنەپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا، يەنە ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇق. بىزدە پاسپورتمۇ، كىملىكىمىزنى چۈشەندۈرىدىغان بىرەر ئىسپاتمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ساقچىلار بىزدىن گۇمانلىنىپ قاماپ قويدى. گۇمان يېشىلگۈچە ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ئىككى ئاي تۈرمىدە ياتتۇق. بىر ھېسابتا، ئۇمۇ ياخشى بولدى. ناتونۇش ئەلنىڭ كوچا ـ كويلىرىدا ئاچ قورساق تەمتىرەپ يۈرگەندىن، رېجىم ئاستىدا ئۈچ ۋاخ تاماقتا ھەم جىسمانىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش كۆپ ياخشى ئىدى.

كېيىن ئۇلار بىزنى تۇتۇپ تۇرۇۋېرىشكە ئامالسىز قالدىمۇ قانداق: «كونسۇلخانىڭلارغا بېرىپ، پاسپورت ئىشلىتىپ قايتىپ كېتىڭلار! » دەپ قويۇۋەتتى. دەرۋەقە، بىز كونسۇلخانىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتۇق. لېكىن ئۇلار بىزگە ئائىلەڭلەرگە خەۋەر قىلىپ، يۇرتۇڭلاردىكى ساقچى ئورۇنلىرىدىن ئىسپات قەغىزى ئەكەلدۈرۈڭلار، ئاندىن پاسپورت ئىشلەشكە بولىدۇ! » ـــ دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. سىز ئويلاپ بېقىڭا، ئايچېچەك، ئۇ چاغدا بىزدە قورساق باققۇدەك پۇل بولمىسا، ۋەتەن بىلەن ئالاقىلاشقۇدەك پۇل نەدە؟ ! تاشكەنت كوچىلىرىدا يەنە سەرگەردان بولدۇق، كۈندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، جاننى سىغدۇرغۇدەك يەر تاپالماي قالدۇق! ـــ ئەكرەم سۆزىدىن توختاپ ئايچېچەككە قارىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. بۇ كۆزلەردە ئوخشاشلا مۇڭ ۋە ھەسرەت جىلۋە قىلاتتى. ئەكرەم بېشىدىن ئۆتكەن شۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىسى بىلەن ئېزىلىپ، بىر دەم شۈكلەپ قالدى. كېيىن بىر ئاز روھلىنىپ،

ئايچېچەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي سۆزىنى داۋام قىلدى. — لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆلۈۋالغىلى بولمايتتى. ئىنسان تۇرمۇشتا ھامان ئۈمىدلىك ياشىشى كېرەك، ئۈمىدسىز ئۆتكەن كۈن گويا گۆردە تىرىك ياتقان بىلەن بارەۋەر بولىدۇ! ئادەمنىڭ بىھۇدە زەربىگە ئۇچرىشى، بوزەك قىلىنىشى، دەرۋەقە، يامان ئىش. لېكىن ئۇ، مەلۇم شارائىت ئاستىدا، ياخشى ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى، غەيرىتىنى، ئىشەنچىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئادەمنى نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغان ئەقىل ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ! گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان مانا شۇنداق ئىنتىلىش، ئىشەنچ مېنى يەنە ھايات قوينىغا سۆرەپ كىردى! . . .

بىر كۈنى، نەۋايى ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا غېرىبسىنىپ تۇرسام، يۇرتتىن چىققان ئىككى تونۇشۇم ئۇچراپ قالدى. ئۇلارمۇ شىركەتنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن تاشكەنتتە تۇرۇۋاتقانلار ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئۇقۇپ، قاتتىق ئېچىندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، شۇ يەردە تۇرغۇزدى. شۇندىن كېيىن، مەندە ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارى، ھۈنىرى ئارقىلىق، يېڭىدىن ھايات يولىنى ئېچىش ئىرادىسى تۇرغۇزۇلدى. قايسى بىر يازغۇچىنىڭ كىتابىدا: «ياشاشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، تۆگە قۇشنىڭ بوينى يىلاندەك ئۇزارغان؛ شىرنىڭ تىرناقلىرى بىگىزدەك ئۆتكۈرلەشكەن؛ خامىلىئون ھەر خىل رەڭگە كىرەلەيدىغان بولغان!» دېيىلگەن. شۇنداق، ئادەممۇ ياشاش ئۈچۈن ھەر قانداق نەرسىگە كۆنىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا، ئەقىل - پاراسىتىنى ئاشۇرىدۇ. غەيرەت ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ! تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلىرى، كۆپىنچە، ئۇلار ئازاب - ئوقۇبەتكە يولۇققان، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان پەيتلەردە قولغا كەلگەن. دېمىسىمۇ، ھايات بۇلىقى بەزى ۋاقىتلاردا قاراڭغۇ يەردىن ئېقىپ

چىقىدۇ! . . .

مەن ھېلىقى تونۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن، بىرنەچچە قۇتا رەڭ ـ بوياق، بىرنەچچە پارچە قەغەز ۋە خام سۇرۇپنى سېتىۋېلىپ، تاشكەنتنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا، سۈرەت سىزىشقا باشلىدىم. دەسلەپ ئىشىم ئانچە يۈرۈشمىدى. كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ناھايىتى تېزلىكتە ئوبدان سىزىپ بەردىم. شۇندىن كېيىن، بىردىنلا بازىرىم چىقىپ، خېرىدارلار ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، سالاپەتلىك، مېھرى ئىسسىق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزغۇزدى. مەن ئۇنى ناھايىتى ئەستايىدىل، ئىنچىكە سىزدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ئادەم مېنى يەنە ئىزدەپ كەلدى. لېكىن بۇ قېتىم مەن بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك ئۇزاق مۇڭداشتى. مۇڭدىشىش جەريانىدا، مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ھەيدەرجان نەبىيوف ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ 1930 ـ يىللاردا پەرغانىدىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىنى، 1950 ـ يىللاردىكى ۋەتەنگە قايتىش دولقۇنىدا، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆزبېكىستانغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى، كېيىن، موسكۋا، لېنىنگراد قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ، بىلىملىك بولغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ مېنىڭمۇ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ، ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتى: «قەشقەر مېنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتۇم، ئۇ يەر بىزگە پاناھ بولغان، مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان! — دېدى ئۇ، ھاياجانلىنىپ، — ئۇ يەردە مېنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىمنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى بار، مەن ئۇ يەرنى ھەمىشە سېغىنىمەن، تاش تۇپراقلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتكۈم كېلىدۇ! . . .» كېيىن ئۇ ماڭا: «ئوغلۇم سەن بىلەن تونۇشۇپ خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىمنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم. سېنىڭ

www.uyghurkitap.com

رەسساملىق ماھارىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەن، مەن تۇرۇپ سەن بۇنداق جاپا چەكسەڭ بولمايدۇ، مەن سېنى ئىشلىتىمەن!» — دەپ مېنى تاشكەنت گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىغا باشلاپ باردى. بۇ ئادەم مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ باشلىقى ھەم پروفېسسورى ئىكەن، كۆپرەك رەسىم ئوبزورچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇ، مېنى ئىنستىتۇتقا ۋاقىتلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى ھەم تاشكەنتتە بىر مەزگىل تۇرۇش گۇۋاھنامىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. مەن يەنە ئۆز كەسپىمنى تاپقانلىقىم ئۈچۈن، تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىدىم. ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. شۇ چاغدا مەن سىزگە خەت يېزىپ، سىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ۋەتەنگە قاچان، قانداق قايتىشىمنى بىلەلمىگەچكە، سىزنى بىھۇدە ساقلىتىپ، كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمىدىم. كۆڭلۈمدە: «قاچان قايتسام، شۇ چاغدا بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەيمەنمۇ؟! ھازىر يېپىسىز لەگلەكتەك لەيلەپ، نەگە چۈشۈشىمنى بىلەلمەيۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، تۇرمۇشىنى چالغىتقىنىمنىڭ نېمە پايدىسى!» — دەپ ئويلىدىم، بەلكىم مېنىڭ بۇ ئويلىرىم خاتادۇر. بەلكىم ئۆزۈمنىلا ئويلاپ، شەخسىيەتچىلىك قىلغاندىمەن! لېكىن شۇ چاغدىكى مېنىڭ روھىي ھالىتىم، ئوي ـ خىيالىم، ئارزۇ ـ ئىستىكىم ئاشۇنداق ئىدى! سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ ئايچېچەك، بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىنى قوغداشقا تېخى تولۇق قۇربى يەتمەيۋاتقان، ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى تېخى ئېنىق مۆلچەرلىيەلمەيۋاتقان، تەقدىرى، تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز داۋالغۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى، نەزەر دائىرىسى ئاشۇنداق بولماي، قانداق بولاتتى؟! دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەيدەرجان نەبىيوف مېنى ئۆزى بىللە موسكۋادا ئېچىلغان گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە ئېلىپ باردى. مەن ئۇ

يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. بۇ ۋاقىت مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئۆگىنىش، تولۇقلاش ۋە ئۆزۈمنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋاقتى بولدى. كېيىن تاشكەنتكە قايتىپ كەلسەم، تاغامنىڭ ئوغلى ھېلىقى سودىگەر باللارنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا مەندىمۇ ۋەتەنگە قايتىپ، سىز بىلەن كۆرۈشۈش، ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىمنى قىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بۇ يالغۇز ئىستەكلا ئەمەس، بەلكى بېسىپ بولماس تەشنالىق ۋە كۈچلۈك ئىرادە ئىدى. مەن شۇ ئىرادە بىلەن پاسپورت ئىشلىتىشنىڭ كويىدا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇرمۇشۇمدا يەنە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. مەن بۇنىڭغا ھەيران ئايچېچەك، تۇرمۇش دېگەن بۇنداقمۇ ئۆزگىرىشچان، شەپقەتسىز بولامدۇ؟! ئۇ نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ رايىغا، خاھىشىغا باقمايدۇ؟! بۇ بەك ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟! — ئەكرەم سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆزلىرىنى ئايچېچەكتىن ئېلىپ، يىراققا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاشۇنداق بىچارە، ئېغىر بېسىق كۆرۈنگىنى بىلەن، روھىي دۇنياسى بەئەينى مانا شۇ سېنا دەرياسىنىڭ كۆۋەجەپ، تولغىنىپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاستىنقى ئېقىمىدەك جىددىي ھەم شىددەتلىك ئىدى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىر كۈنى ھەيدەرجان نەبىيوف مېنى ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى. كېيىن كىتابخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ماڭا كۈتۈلمىگەن بىر تەكلىپنى قويۇپ قالدى: «ئوغلۇم، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سىزنىڭمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭىز بوپتۇ. مەن بېشىڭىزنى ئوڭلاپ، سايىڭىزنى ئىككى قىلىپ قويۇشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچى دېگەن ئويغا كەلدىم. سىز ماڭا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ ئۆيۈمگە كىرسىڭىز!»

مەن بۇ ئادەمگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، بىرنەچچە

كۈننى باش ـ ئاخىرى يوق گادىرماچ خىياللار بىلەن ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. «ياق» دەي دېسەم تىلىم بارمايتتى، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ شەپقەتچىم، ئۇستازىم بولۇپ قالغانىدى. «ماقۇل» دەي دېسەم، بۇ تويغا كۆڭلۈم تارتمايتتى. چۈنكى، مېنىڭ قەلبىمدە سىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ھەرقانچە قىلساممۇ قەلبىمگە ئىككىنچى بىر ئادەمنى سىغداپ كىرگۈزەلمەيتتىم! ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ قىيىن ئۆتكەل ۋە تاللاش بولامدۇ؟! يەنە بىرنەچچە كۈننى گاڭگىراش ئىچىدە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. بۇ ئادەمنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بويىغا يېتىپ قالغان ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا سايە قىلغىنى مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ھەممىشە ماڭا ئوغرىلىقچە كۆلۈپ قارايدىغان چوڭ قىزى ئىدى. دەرۋەقە، بۇ قىزنى يامان دېگىلى بولمايتتى، ئانچە سەتمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دىپلومىنى ئالالماي، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بۇ ئىشتا مېنى ھەممىدىن بەك قىيناپ، ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى، ھەيدەرجان نەبىيوفنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئەلچى بولغىنى ئىدى. ئەگەرئوتتۇرىدا باشقا بىر ئادەم ئەلچى بولۇپ ماڭغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن كۆڭۈلدىكى گەپنى چۈشەندۈرگىلى، تەكلىپنى سىلىقچە رەت قىلغىلى بولاتتى. ئەمما، ھەيدەرجان نەبىيوفنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە «ياق، بولمايدۇ!» دېگەن گەپنى ئېيتىش مەن ئۈچۈن، ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىدى. چۈنكى مەن ئۇ ئادەمنى ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت قىلاتتىم. ئۇ ئادەمنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى، ھۆرمەت ـ سالاپىتى ئالدىدا ئۆزۈمنى بەكمۇ ئاجىز، ناتىۋان سېزەتتىم. ئەڭ يامىنى، بۇ تەكلىپنى رەت قىلىش مېنىڭ مۇساپىرلىق، سەرگەردانلىق ھاياتىمنىڭ قايتا باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى! شۇڭا، ئۇ ئادەم بۇ تەكلىپنى ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاندا «ماقۇل» دېگەن گەپنى ئېغىزىمدىن چىقارمىغان بولسامۇ، لېكىن بېشىمنى

لىڭشتىش ئارقىلىق رازىلىق بىلدۈردۈم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئىرادەمگە، ئەقىدەمگە خىلاپ ھالدا قىلغان تۇنجى ئىشىم بولدى! توي كۈنى ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھكار، ۋاپاسىز، لەنەت گەردى ئادەم سىياقىدا سەزدىم. شۇڭا، كىشىلەرگە خۇشاللىق ۋە تەنتەنە بەخش ئەتكەن بۇ توي ماڭا ئازاب ۋە قايغۇ ئەلەم ئەكەلدى! شۇ چاغدىلا، مەن ئۆزۈم ئەزەلدىن ئىشەنمەيدىغان «تەقدىر ـ پېشانە» دەيدىغان خۇراپىي گەپلەرنىڭ تۇرمۇشتا ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە تەسىرى بىلەن ئادەمنىڭ ھاياتى خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك، كۈتۈلمىگەن بەخت ۋە بەختسىزلىككە، خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىككە ئاسايىشلىق ۋە پېشكەللىككە يولۇقۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندىم! . . .

لېكىن، بىزنىڭ تويىمىز يۈز ـ خاتىرە ۋە ھېسداشلىق بىلەن قىلىنغان توي بولغاچقا، ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمىدى. مەن بەربىر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرەلمىدىم. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئازادە بولالمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، كۆزنى يۇمۇپ، قۇلاقنى يوپۇرۇپ كېتىۋېرىش — ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداشتىن ۋە ئۆمۈرلۈك روھىي ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنى ھەر ئىككىمىز چۈشەندۇق ۋە ھېس قىلدۇق. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى، ئۇ تۇغماس چىقىپ قالدى، بۇ ماڭا كاتتا ئاساس بولدى. بىز چىرايلىقچە سۆزلىشىش، پۈتۈشۈش ئارقىلىق، ئۇرۇش ـ جېدەلسىز ئايرىلدۇق. بۇنىڭغا ھەيدەرجان نەبىيوفمۇ ئارا تۇرالمىدى. ئۇ، تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا، بۇنى توغرا چۈشەندى، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە قىلچە تەسىر يەتمىدى. شۇندىن كېيىن ئايچېچەك، مەن سىزگە خەت يېزىش تۈگۈل، سىزنى ئويلاشتىنمۇ نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغان، ۋەزنى يوق، تۇترۇقسىز ئادەم، دەپ ھېسابلىدىم. مانا

شۇ ئاچچىق تۇيغۇ مېنى ئازابلاپ، قىيناپ ھازىرغىچە بويتاق ئۆتۈشۈمگە سەۋەب بولۇپ قالدى. لېكىن مەن كەسپىمنى ئىلگىرىلىبدىم. پۈتۈن سۆيگۈ – مۇھەببىتىمنى، ئارزۇ – ئارمىنىمنى، ئەقىدە – ئىخلاسىمنى رەسىمگە بېغىشلىدىم. رەسىم مېنىڭ ھاياتىمغا، غۇرۇرۇمغا، ئىپتىخارىمغا ئايلاندى! ئۇ ماڭا نام – ئاتاق، شان – شەرەپ بەردى. مانا ھازىر پارىژدا يۈرۈپ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىممۇ شۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئەمەسمۇ!؟...

ئەكرەم سۆزدىن توختىدى. ئۇنىڭ ھايات قىسمەتلىرىگە تولغان ئازابلىق، قىزىق ھېكايىسى شۇ يەردە ئاخىرلاشقانىدى. ئۇ ئويغا پېتىپ، جىممىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئايچېچەككە: «قانداق» ھېكايەم سىزگە ياقتىمۇ؟ دېگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى. ئايچېچەك يەنىلا سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ، گەپ قىلىشتىن كۆرە، ئىچىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، پىكىر قىلىپ، ئۆزى بىلەن – ئۆزى سۆھبەتلىشىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەكرەم ئېيتقان ھېكايە ھەممە جەھەتتىن تولۇق، مۇكەممەل، سەممىي ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يا ئۇنداق، يا بۇنداق دەپ پىكىر بىرىشنىڭ، سوئال – سوراق قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئارىدىكى جىملىقنى، ئوڭايسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، خىيالىغا كەلگەن مۇنداق بىر گەپنى ئېيتتى:

— ئەكرەم، تەقدىرىڭىز بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تۇۋا دەيمەن، بىزنىڭ پارىژدا ئۇچرىشىپ قىلىشىمىز ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن، تۇرمۇشتا بۇنداقمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولامدۇ؟

— شۇنى دەڭا ئايچېچەك، مەنمۇ ھەيران، — دېدى ئەكرەممۇ ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە، — لېكىن تۇرمۇشتا بۇنداق تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن. مەن

يېقىندا «يۇلتۇزلۇق ئارال»[1] گېزىتىنىڭ دۇنيا بىلىملىرى سەھىپىسىدە مۇنداق بىر ماتېرىيالنى كۆرگەنىدىم، بايا شۇ ئېسىمگە كېلىپ قالدى: ئامېرىكا تارىخىدا ئىككى زوڭتۇڭنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراش ۋەقەسى بوپتىكەن، بۇنىڭ بىرى 1865 ـ يىلىدىكى لىنكۇلىن ۋەقەسى. يەنە بىرى، 1963 ـ يىلىدىكى كىننىدى ۋەقەسى. بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز يىلدەك ۋاقىت پەرقى بولسىمۇ، لېكىن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئاجايىپ بىر ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئوخشاشلىقلارنىڭ شۇنداق ئاجايىپ توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ: لىنكۇلىن 1860 ـ يىلى زوڭتۇڭ بولغان، كىننىدى 1960 ـ يىلى زوڭتۇڭ بولغان؛ لىنكۇلىننىڭ كاتىپىنىڭ ئىسمى كىننىدى، كىننىدىنىڭ كاتىپىنىڭ ئىسمى بولسا لىنكۇلىن؛ سۇيىقەستكە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، لىنكۇلىن «فورت» ناملىق كۇلۇبتا ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغان، كىننىدى بولسا، «فورت» ماركىلىق پىكاپتا ئولتۇرغان؛ ئىككى زوڭتۇڭنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغان ۋاقتى ئوخشاشلا يەكشەنبە كۈنى؛ ھەر ئىككىسىنىڭ ئايالى يېنىدا بولغان، ئوق ھەر ئىككىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ باش قىسمىغا تەگكەن؛ لىنكۇلىننى ئاتقان قاتىل بوس كۇلۇبتىن چىقىپ، بىر ئىسكىلاتقا يوشۇرۇنۇۋالغان، كىننىدىنى ئاتقان قاتىل ئوسۋالت بولسا، بىر ئىسكىلاتتا تۇرۇپ ئۇنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۇلۇبقا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان؛ ھەر ئىككى قاتىل سوت قىلىنمايلا نەق مەيداندا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن؛ بوس 1839 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئوسۋالت بولسا، 1939 ـ يىلى تۇغۇلغان؛ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەل بىر ئەسىر پەرق بار، تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ

---

① «يۇلتۇزلۇق ئارال» — پارىژدا خەنزۇچە چىقىدىغان گېزىت.

www.uyghurkitap.com

ئورنىغا چىققان ھەر ئىككى مۇئاۋىن زوڭتۇڭنىڭ فامىلىسى جونسون بولۇپ، لىنكولىنىنىڭ مۇئاۋىنى ئاندىرى جونسون 1808 ـ يىلى تۇغۇلغان، كىننىدىنىڭ مۇئاۋىنى لىندىن جونسون 1908 ـ يىلى تۇغۇلغان، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ دەل بىر ئەسىر پەرق بار، قانداق ئايچېچەك، راستتىنلا ئاجايىپمىكەن؟

— بۇ بىر رىۋايەتمۇ ياكى راست شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئايچېچەك ھەيرانلىقىنى باسالماي.

— بۈگۈن سىز بىلەن مېنىڭ پارىژدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز رىۋايەت بولمىسىلا، بۇمۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى رىۋايەت ئەمەس، بەلكى رېئاللىق! — دېدى ئەكرەم ئىشەنچ بىلەن.

— راست، تۇرمۇش دېگەن تاسادىپىيلىققا تولغان بولىدىكەن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە سىرلىق تۇيۇلغان يېرىمۇ شۇ بولسا كېرەك!

ئايچېچەك ئەكرەمگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. ئەكرەممۇ بۇ سۆزنىڭ ئاستىدا ئۆتمۈشكە قىلىنغان بىر بېشارەتنىڭ بارلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

— سىز پارىژدا يەنە قانچە كۈن تۇرىسىز ئايچېچەك — سورىدى ئەكرەم دەريانىڭ يىراق ساھىلىغا كۆز تىكىپ تۇرۇپ.

— ھازىرچە ئېنىق ئەمەس، كۆپ بولسا، يەنە تۆت ـ بەش كۈن تۇرارمىز.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە يەنە بىرنەچچە يەرنى كۆرسىتەي، بۇ يەرگە كېلىش ئاسان ئەمەس، كەلگەندىكىن، كۆرۈشكە تېگىشلىك يەرلەرنى كۆرۈپ كېتىڭ، — دېدى ئەكرەم ئەلتىجا بىلەن، — بولۇپمۇ ئېيففېل مۇنارىغا چىقمىغان، زەپەر دەرۋازىسىدىن ئۆتمىگەن، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى كۆرمىگەن ئادەمنى پارىژغا كەلدى دېگىلى بولمايدۇ.

— لېكىن مەن ئۇ يەرلەرنى كۆرگۈدەك ۋاقىتنى نەدىن تاپىمەن، — دېدى ئايچېچەك قىسىنغان ھالەتتە. بىزنىڭ پائالىيىتىمىز كوللېكتىپ پائالىيەت، ئۆمەكتىكىلەردىن خالىغانچە ئايرىلىپ كېتەلمەيمەن.

ئەكرەم ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى:

— ئىختىيارى ھەرىكەت ۋاقىتلىرىڭلاردا مەن سىزنى باشلىقىڭىزدىن سوراپ ئاچىقىمەن، كېيىن ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، مەن تېخى سىزنىڭ بىر پارچە ماي بوياق رەسىمىڭىزنى سىزمىسام بولمايدۇ.

— مېنى سىزىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى ئايچېچەك قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — مەن ھازىر بىر چاغلاردىكىدەك، ئۇنداق زىلۋا قامەتلىك، چىرايلىق قىز ئەمەس، بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قېرىپ قالدىم. ئەمدى مەن سىزگە مودېل بولۇشقا يارىمايمەن!

— ياراش - يارىماسلىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئايچېچەك! — دېدى ئەكرەم بوش كەلمەي، — مېنىڭ سىز بىلىدىغان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزۈم تېخى نۇرىنى يوقاتمىدى!

ئايچېچەك كۆزلىرىنى سۈزۈپ، ئاغزىنى پۈرۈپ، دومسايغاندەك بىر خىل ھەرىكەت قىلدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، شوخ بېقىشى، كۈلۈشى، بېشىنى سىلكىشى، قېشىنى ئۇچۇرۇشى، ھەتتا ھازىرقىدەك ئاغزىنى پۈرۈپ دومسىيىشلىرىمۇ كىشىگە خۇددى قايناق تومۇزدا ياغقان لەيسەن يامغۇرىدەك راھەتبەخش تۇيۇلاتتى.

— بۇ گەپچە، سىز پارىژدا يەنە خېلى ئۇزاق تۇرىدىكەنسىز - دە، ئەكرەم ئاكا؟

— شۇنداق، يەنە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرىمەن.

— ئايچېچەك ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندى:

— بۇنچىلا كەڭتاشا خەلقئارالىق تاماشىغا سىزنى كىم

www.uyghurkitap.com

چاقىرتقان تەلەيلىك يىگىت؟

ئەكرەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تەنتەنە بىلەن مۇنداق دېدى:

— خەلقئارا سەنئەت شەھىرى!

شۇنداق، ئەكرەمنى پارىژغا بۇ يەردىكى «خەلقئارا سەنئەت شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا بىر ئاممىۋى تەشكىلات چاقىرغانىدى.

ئەكرەم بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىرنەچچە رەسساملار بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندە، «خەلقئارا سەنئەت شەھىرى» ئۇلار بىلەن بىللە قىرىق بىر مەملىكەتنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە نەپەر داڭدار رەسساملىرىنى كۈتۈۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەردە تۆت ئايدىن يېرىم يىلغىچە تۇرۇپ، كۆرگەزمە ئاچاتتى، بىلىم ئاشۇراتتى، تەجرىبە ئالماشتۇراتتى ۋە مەشھۇر مۇزېيلارنى، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلاتتى...

ئەكرەم مانا مۇشۇنداق كاتتا خەلقئارا سەھنىدە شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقان تۇنجى ئۇيغۇر رەسسامى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي پۇراققا باي رەسىملىرى كۆرگەزمە قىلىنغاندا كۆرگەزمىنى ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل ئىرقتىن بولغان سەنئەت خۇمار ئېكسكۇرسىيىچىلەر قىزغىن كۆردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىشتى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ رەسىملىرى توغرىسىدا نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللاردا مۇخبىر ۋە ئوبزورچىلارنىڭ باھا ھەم تونۇشتۇرۇشلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئەكرەمنىڭ نامى فرانسىيىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ياۋروپاغا تارقىلىپ كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە، سىنگاپورلۇق رەسىم سودىگىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەپەندىم، رەسىملىرىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىكەن، مەن كۈتكىنىڭىزدىكىدەك باھادا سېتىپ بېرەي، لېكىن بىر شەرتىم بار.

— قانداق شەرت؟
— فرانسىيىلىكلەر سىزنىڭ رەسىملىرىڭىزنى سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى باھالايدۇ، قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە قوبۇل قىلالمايدۇ، چەتكە قاقىدۇ!
— نېمە ئۈچۈن؟!
— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پارىژدىكى ئون ئىككى مىليون ئاھالىنىڭ تۆت مىليونى مۇسۇلمانلار، يەنى ئەرەب، تۈرك، نېگىر ۋەھاكازالار. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەرەبلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇيەردىكى نۇرغۇن تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئاشۇلار بىلەن چېتىشلىق. شۇڭا، فرانسىيىلىكلەردە ئۇلارغا نىسبەتەن بىر خىل ياقتۇرماسلىق، بىزارلىق كەيپىياتى بار. ئەگەر سىز رەسىملىرىڭىزنىڭ ئاستىدىكى «ئەكرەم» دېگەن ئەرەبچە يېزىقتىكى ئىمزايىڭىزنى ئىنگلىز ياكى لاتىن يېزىقىدىكى قانداقتۇر بىرسىنىڭ ئىمزاسىغا ياكى شۇنداق بىر شەكىلگە ئۆزگەرتسىڭىزلا، مەن رەسىملىرىڭىزنى يۇقىرى باھادا سېتىپ بېرىمەن، قانداق؟
ئەكرەم قىلچە ئىككىلەنمەي، يۈز خاتىرىمۇ قىلماي مۇنداق دېدى:
— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئەپەندىم، لېكىن مەن ئىسمىمنى، ئىمزايىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. چۈنكى ئۇنى دادام ئوڭ قولىقىمغا ئەزان، سول قولىقىمغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان. مەن ھەتتا بىرەر پارچە رەسىم ساتالماي، پۇلسىز قالساممۇ ئۆزگەرتمەيمەن! . . .
لېكىن ئىش سىنگاپورلۇق سودىگەر ئېيتقاندەكمۇ بولۇپ كەتمىدى، ئەكرەمنىڭ بىرنەچچە پارچە رەسىمى خېلى ئوبدان باھادا سېتىلدى. ھەتتا ئىككى پارچە رەسىمنى بىرنەچچەيلەن تالىشىپمۇ قالدى. ئۇ مانا شۇ پۇللارنى ئىشلىتىپ، مەشھۇر مۇزېيلار بىلەن، سەنئەت سارايلىرىدىكى قىممەتلىك مەدەنىي

www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقلارنىڭ فوتو نۇسخىسىنى سېتىۋالدى. مەنتا ئىتالىيىگە بېرىپ، ۋاتىكاندىكى شېستىن چېركاۋىنىڭ تورۇسىدىكى رەسىملىرىنى سىنئالغۇغا ئالدى. بۇ جەرياندا ئىككى ــ ئۈچ سائەتكىچە ئاسمانغا قاراپ ھەرىكەت قىلغاچقا، بويىنىنىڭ پاتىكى قېتىپ، بويۇن ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئادەمدەك تاختا گەدەن بولۇپ قالدى. بۇ چېركاۋنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان رەسىملەر ئۇنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، قەدىمكى مەدەنىيەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. تورۇستىكى رەسىملەرنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، رەسساملار ئۆز ۋاقتىدا بۇ رەسىملەرنى جا باغلاپ ئوڭدا يېتىپ تۇرۇپ شام چىراغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا سىزغان. مانا بۇ، ئەجدادلارنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ روھى، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ سەنئەت ئىدى!...

ئايچېچەك ئەكرەمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە ئاخىرىدا قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، چاقچاق ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— پارىژ سىزگە يارىشىپتۇ ئەكرەم ئاكا، پۇلمۇ تېپىپسىز، ناممۇ چىقىرىپسىز، ئەمدى بۇ يەردىمۇ ماكانلىشىپ قالماڭ يەنە!

— ماكانلاشسىمۇ ئەرزىيدۇ، ئايچېچەك، — دەپ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى ئەكرەم، — قارىڭا، بۇ خەقنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئالىيجانابلىقىنى! بۇ يەردە ھەر خىل مىللەت ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىشە ئىجىل، ئىناق، ئىچەكىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز! فرانسۇزلار ھەقىقەتەنمۇ كۆكسى ــ قارنى كەڭ، سىلىق ــ سىپايە، كەمتەر، تەكەللۇپچان، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك خەلق ئىكەن. ئۇلار كىچىككىنە بوش ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەيدۇ. ئاپتوبۇستا، مېترودا ياكى يول بويىدا ئولتۇرغانلارغا قارىسىڭىز، ھەممىسىنىڭ قولىدا كىتاب، گېزىت

ياكى ژۇرنال، ئۆگىنىدۇ، ئىزدىنىدۇ، بىزگە ئوخشاش قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ، ياكى غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ، بىكار ئولتۇرىدىغان ئىش يوق! سىز تېخى كۆرمىدىڭىز، پارىژدا «ئۇچ جۇڭگو شەھىرى بار.» بۇ شەھەرلەر 80 ـ يىللاردىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئۇ يەرلەردە ئىككى يۈز ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مۇھاجىر بار. پارىژدىكى «جۇڭگو شەھىرى» قۇرۇلۇشىنى فرانسىيە ھۆكۈمىتى يەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىگەن. مەن تېخى بۇ يەردە قۇربان ھېيتنى يۇرتتىكىدەكلا خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدۇم، تۈرك مەسچىتىدە ھېيت نامىزىنى ئوقۇدۇم. بىر مۇنچە قازاقلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پەتە ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ بوغۇرساق، بەش بارماقلىرىنى يېدىم. قۇربانلىق ئۈچۈن سويغان گۆشلىرىگە ئېغىز تەگدىم. بۇ يەردە تۈركىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر يۈز يىگىرمە ئائىلىلىك قازاق بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى. ئىشىنەمسىز، پارىژ ئۇنىۋېرستېتىدا، نادىرە قەشقەرلىك ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ پروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىزدەپ باردىم. لېكىن كۆرۈشەلمىدىم. ئۇ يەتمىش يېشىدا پېنسىيىگە چىقىپ تۈركىيىگە كېتىپتۇ.

ئەكرەم كۆپ سۆزلىدى. سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، ئۇچ ئايدىن بېرى بۇ يەردە كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قويماي ئايچېچەككە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئەگەر ئايچېچەك ئورنىدىن قوزغىلىپ، «كەچ بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن قايتاي» دېمىگەن بولسا، ئۇ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ ئايچېچەكنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى.

— ياق، مۇنداقلا كەتسىڭىز بولمايدۇ، ئايچېچەك! — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — ئاۋۋال مەن سىزنى بۇناپارت

كوچىسىدىكى ئىتالىيە قاتىلمىسى پىشۇرىدىغان مەشھۇر بىر ئاشخانىغا باشلاپ بارىمەن، ئۇ يەردە قورساق تويغۇزىمىز، ئاندىن مېنىڭ ياتىقىمغا بېرىپ ئۇ يەرنى كۆرۈۋالىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى تۇرار جايىڭىزغا ئاپىرىپ قويىمەن.

ئايچېچەك كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ ئۆزرە ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، شۇڭا:

— بوپتۇ ئىتالىيە قاتىلمىسىنى يېيىشكە بارايلى، لېكىن ياتىقىڭىزغا بۈگۈن بارالمايمەن. ئەتىگىچە بوش ۋاقىت چىقىپ قالسا كېلەي، قانداق؟ — دېدى.

ئەكرەممۇ ئۇنى چىڭ تۇتمىدى:

— ماقۇل، ئەتە كەچتە مەن سىزنى ئالغىلى ئۆزۈم باراي، ئەمىسە!

ئۇلار كەچكى تۇمان قاپلاشقا باشلىغان سېنا دەرياسى بويىدىن ئايرىلىپ، بىر تاكسىنى توستى - دە، بۇناپارت كوچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 3

ئەكرەمنىڭ ياتاق ئۆيى يورۇق، پاكىز، تاملىرى قاردەك ئاپئاق ئىدى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە قويۇلغان چارلىز X دەۋرى پاسونىدىكى سايمانلار ئۆيگە بىر ئاز سۈرلۈك ھەم ئەنئەنىۋى تۈس بېرىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى تامغا سۈس كۆل رەڭ جاھازلاردا رەسىم ئېسىلغان، ئەينەك ئىشكاپقا ھەر خىل كىتابلار تىزىلغانىدى. . .

ئەكرەم ئايچېچەكنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ دىۋانغا تەكلىپ قىلدى:

— قېنى ئولتۇرۇڭ، قەھۋە ئىچەمسىز — مېۋە سۈيىمۇ؟

— قەھۋەگە كۆنەلمىدىم، — دېدى ئايچېچەك ئۆيدىكى

ھەممە نەرسىگە قىزىققان ھالدا قاراپ چىقىپ، — مېۋە سۈيى بېرىڭ.

ئەكرەم توڭلاتقۇدىن مېۋە سۈيى ئالدى، ئۇنى قىرلىق ئىستاكانغا قۇيۇپ ئايچېچەككە سۇندى. ئايچېچەك سارغۇچ رەڭلىك قويۇق مېۋە سۈيىنى تامشىپ تۇرۇپ ئىچكەچ، ياندىكى يەنە بىر ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆي تېخىمۇ يورۇق ھەم ئازادە بولۇپ، ئەكرەمنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيى ئىدى. ئۆيدىن ھەر خىل رەڭلەرنىڭ ئەبجەش پۇرىقى بىلەن يەنە قانداقتۇر بىر خىل مايىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. رەسىم سىزىش جازىسىدا بىر ئۇيغۇر بوۋاينىڭ تېخى تولۇق پۈتمىگەن پورتېرت رەسىمى ئېسىقلىق تۇراتتى. بىردىنلا ئايچېچەكنىڭ دىققىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇلغان بىر رەسىم ئۆزىگە تارتتى. رەسىم قىپيالىڭاچ بىر قىزنىڭ كارىۋات ئۈستىدە قىيپاش ياتقان كۆرۈنۈشى بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ھەم كۆركەم سىزىلغانىدى. رەڭ - بوياقلارمۇ ياخشى تەڭشىلىپ، دەل جايىدا بېرىلگەچكە، زەنگەر كۆزلۈك، ئالتۇن چاچلىق بۇ قىزنىڭ تېرىسى شۇنداق جىلۋىدار، بۇلجۇڭلىرى شۇنداق بېجىرىم ھەم جانلىق، پەي - سىڭىرلىرى شۇنداق ئېنىق ھەم سۈزۈك چىققانىدى. قىسقىسى، رەسىم خۇددى بىر پارچە يالتىراپ تۇرغان سەنئەت بۇيۇمىدەك گۈزەل ھەم نەپىس ئىدى. رەسىمنى بىرلا كۆرگەن ئادەم رەسسامنىڭ بۇ رەسىمنى ھەقىقەتەنمۇ ئىشتىياق ھەم ئىلھام بىلەن سىزغانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. رەسىمنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «پارىژ گۈزىلى» دەپ يېزىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئەكرەمنىڭ ئىمزاسى چېكىلگەنىدى.

ئايچېچەك رەسىمگە خېلى ئۇزاق قارىدى. ئەگەر شۇ تاپتا يېنىدا ئەكرەمدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئۇ بۇ رەسىمگە بۇنچىلىك قارىيالمىغان، ھەتتا ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، ئاللىقاچان بېشىنى ئەپقاچقان بولاتتى. . .

— بۇ كىم، ئەكرەم؟ — سورىدى ئۇ ئاخىر رەسىمدىن

www.uyghurkitap.com

كۆزىنى ئۈزۈپ، — ئاجايىپ ياخشى سىزىپسىز، ئۇ سىزگە چوقۇم چەكسىز ئىلھام بەخش ئەتكەن، شۇڭا ھەقىقىي سەنئەت بوپتۇ.

— شۇنداق، ئايچېچەك، ھەقىقىي سەنئەتنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئۇ، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، — دېدى ئەكرەممۇ ئۆز ئەجرىدىن رازى بولغان ھالدا، — ئۇنى كىم دېدىڭىزما، ئەنە، ئاۋۇ يەرگە قاراڭ، — ئەكرەم رەسىمنىڭ ئاستىنى ئىما قىلدى، — ئاۋۇ خەتنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ئۇنىمۇ كۆردۈم، ئىسمىچۇ؟

دەل شۇ چاغدا، ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ، ئۇلارنىڭ سوئال - جاۋابىنى ئۈزۈپ قويدى. ئەكرەم ئىشىكنى ئاچتى، ئۆيگە خۇددى باھار ئاپتىپىدەك خۇشخۇي، يېقىملىق بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئايچېچەك ئۇنىڭغا بىر قاراپلا ئاشۇ رەسىمدىكى «پارىژ گۈزىلى» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. قىزنىڭ يۈز كىپتى، قاش - كۆزلىرى ۋاي دېگۈدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئوچۇق، خۇشپېئىل، مەردانە ئىدى. يوغان ۋە نۇرلۇق كۆزلىرى ئادەمگە ھەددىدىن زىيادە مېھىر بىلەن تىكىلەتتى. پاكلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئوماقلىقنىڭ پۈتمەس بۇلىقى بولغان ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن بىر خىل خۇشخۇيلۇق، شادىيانىلىق ۋە تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن غەرب ياشلىرىغا خاس مەردانىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگىلا باب كېلىدىغان ئاددىي، لېكىن يارىشىملىق كىيىملەر بىلەن جۇلالىنىپ تۇرغان زىلۋا بەدىنىگە بىرخىل سېھرىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. ياپيېشىل زەنگەر كۆزلىرى بەئەينى تىنىق، چەكسىز دېڭىزنى ئەسلىتەتتى! . . .

بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز قارا كۆزلەر توغرىسىدا قانچىلىغان مەدھىيىلەرنى يېزىپ، قانچىلىغان ناخشا - غەزەللەرنى ئوقۇمىدى! راست، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ئاشۇ

جىلۋىدار قارا كۆز قىزلار، قارا كۆز ئۇلارنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى تارتقان، مەھلىيا قىلغان. ئەگەر ئۇلار شۇ تاپتا «پارىژ گۈزىلى» نىڭ ماۋۇ سىرلىق دۇنيادەك زەنگەر كۆزلىرىنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟! بۇ كۆز ئۇلارنى گۈزەللىكنىڭ يەنە بىر چەكسىز ئالىمىگە باشلاپ، ئۇلارنى ئىختىيارسىز زەنگەر كۆز توغرىسىدا شېئىر يېزىشقا، ناخشا ئوقۇشقا، پۈتمەس-تۈگىمەس مەدھىيىلەر ئېيتىشقا ئۈندىگەن بولاتتى!

ئاھ زەنگەر كۆز! دېڭىزدەك چەكسىز ۋە سىرلىق زەنگەر كۆز!...

— تونۇشۇپ قويۇڭلار! — دېدى ئەكرەم ئارىدىكى بىر دەقىقىلىق جىملىق بىلەن ئوڭايسىزلىقنى بۇزۇپ، — بۇ خانىم مېنىڭ يۇرتۇمدىن كەلگەن ئاتاقلىق ناخشىچى ئايچېچەك بولىدۇ؛ بۇ خانىم بولسا، مېنىڭ پارىژدىكى دوستۇم كىلارا بولىدۇ...

— پارىژ گۈزىلى، دەڭا! — دېدى ئايچېچەك كىلارانىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، سىزنىڭ كۆزىڭىز ئۆتكۈر، — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، — مەن دېمىسەممۇ، ئۆزىڭىز بىر قاراپلا بىلىۋالدىڭىز!

كىلارا ئايچېچەككە يەنە بىر قېتىم سەپسىلىپ چىقىپ، بىردىنلا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى ۋە ھاياجانلىنىپ خەنزۇچە سۆزلەپ كەتتى:

— مەن سىزنى تۇنۇگۈن كەچتە سەھنىدە كۆرگەن، سىز بەك چىرايلىقكەنسىز، ناخشىنىمۇ بەك ياخشى ئېيتىدىكەنسىز! مەن سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن!...

ئايچېچەك بىلەن كىلارا تېزلا چىقىشىپ كەتتى. گەرچە ئۇلار ئوخشاشمىغان قىتئە، ئوخشاشمىغان ئىقلىم، ئوخشاشمىغان تۇپراقتا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلىق تەبىئىتىدىكى

www.uyghurkitap.com

مۇلايىملىق، رايىشلىق، سۇلكەتلىك ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىگە ئاسانلا يول ئاچتى. . .

ئۇلار چاقىقانغىنا يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئەكرەم ئۆز بىساتىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى شىرەگە تىزدى، كېيىن قارامتۇل، ياپىلاق بوتۇلكىدىكى گىلاس رەڭلىك رۇم ھارىقىنى ئېگىز قىرلىق ئىستاكانغا قۇلقۇللىتىپ قۇيدى. ئايچېچەك ۋىنو ئىچمىشتىن باش تارتتى، كىلارا قىرلىق ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەپ بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى. ئارقىدىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، خىرامان چەكتى. ئۇ ھەر كۈنى تۆت ـ بەش تالغىچە تاماكا چېكەتتى. بۇنى ھەرگىزمۇ تاماكا خۇمارى قاتتىق دېگىلى بولمايتتى. بۇ پەقەت بىرخىل مودا تۇسىنى ئالغان دەۋر ئادىتى ئىدى.

— ئەكرەم ئاكا، سىز راستىنلا ئامەتلىك جومۇ، — دېدى ئايچېچەك خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن سوئالىنى ئاخىر سوراپ، — بۇ قىز بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭىز؟ بۇ قىزمۇ رەسىم سىزامدۇ ـ يا؟

— ياق، كىلارا رەسىم سىزمايدۇ، ئۇ مۇزىكا تەتقىقاتچىسى، — دېدى ئەكرەم ۋە قولىدىكى ۋىنونى ئىچىۋېتىپ داۋام قىلدى، — بۇ قىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلىسىڭىز سىزمۇ قىزىقىپ قالىسىز! ئۇ پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن پارىژ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى پۈتۈن فرانسىيىگە تونۇشتۇردى. يېقىندا ئۇ، تەييارلىغان ئۇنئالغۇ لېنتىسى تارقىلىدۇ. ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇش جەريانىمۇ قىزىق بىر ھېكايە، ئاڭلاشنى خالامسىز ئايچېچەك؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن، — دېدى ئايچېچەك قۇلاقلىرىنى دىڭ

قىلىپ، — قىزىق ھېكايىنى ئاڭلاشنى كىم خالىمايدۇ!

دەرۋەقە، ئەكرەم بىلەن كىلارانىڭ تونۇشۇشى راستىنلا بىر قىزىق ھېكايىدەك، ھەم تاسادىپىي، ھەم تەبىئىي بولغانىدى. بۇندىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى، ئەكرەم بىر كۈنى پارىژدىكى جۇڭگو كىتابخانىسىغا يېڭى كىتاب ۋە رەسىملەرنى كۆرگىلى باردى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئوڭ تەرەپتىكى ئەينەكلىك ئېلان تاختىسىدا، ئۆزىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر ئېلاننىڭ تۇرغانلىقىنى چالا - پۇچۇق كۆرۈپ، ھەيران بولدى. يېقىنراق كېلىپ قارىۋىدى، ئۇنى ھەيران قىلىدىغان ئىش تېخىمۇ كۆپەيدى. خەنزۇچە دانە - دانە قىلىپ يېزىلغان بىر ۋاراق ئېلاندا مۇنۇ نەرسىلەر ئېيتىلغانىدى:

«مۇھتەرەم ئەكرەم ئەپەندى، مەن بىر مۇزىكىشۇناس، جىددىي ئىش تۇپەيلىدىن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، ئادرېسىم: بۇناپارت كوچىسى، 12 - بىنا، 305 - ئۆي، تېلېفون نومۇرۇم: 27302814، سىزدىن خەۋەر كۈتۈپ، كىلارا.»

ئەكرەمنى ھەيران قالدۇرغىنى «كىلارا» دېگەن فرانسۇزچە ئىسىمنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلغىنى ئىدى. بۇ خەت ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق ئىسسىق ھەم يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆز ئىسمىنى ئۇيغۇرچە يازغانغا قارىغاندا، بۇ كىشى ئەكرەمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى ئۇيغۇر يۇرتىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ ھال ئەكرەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى. خەتنىڭ ئاستىدىكى چېسلاغا قارىغاندا، بۇ ئېلان بۇ يەرگە تېخى ئىككى كۈن بۇرۇنلا چاپلانغانىدى. ئەكرەم ئېلاننى ئاۋايلاپ سويۇۋېلىپ، كىتابخانىدىن چىقتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە تېزرەك يېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا «بۇ زادى كىمدۇ؟ مېنى قانداق بىلىدۇ؟ ئەرمىدۇ - ئايالمىدۇ؟ خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە يېزىقنى بىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ ئاددىي ئادەم ئەمەس. بۇنىڭدا چوقۇم بىر قىزىقارلىق سىر بار...» دېگەنگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش خىياللار پىرقىراپ يۈرەتتى.

ئۇ، بۇ سىرلىق تېپىشماقنى يېشىش ئۈچۈن كىتابخانىنىڭ يېنىدىكى تېلېفون بوتكىسىدىن بايىقى نومۇرغا تېلېفون ئۇردى. تۇرۇپكىدىن هايال بولمايلا، بىر ئايال زاتىنىڭ دەسلەپ فرانسۇزچە، كېيىن خەنزۇچە سۆزلىگەن يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئەكرەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ناهايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. تېلېفوندىنلا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە تەقەززاسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئەتە چۈشتىن بۇرۇن كۆرۈشۈشكە كېلىشتى. ئەكرەم ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى، كىملارا ئۇنى ئىزدەپ بارماقچى بولدى.

بۇ تاسادىپىي تونۇشۇش ئەكرەمنى هاياجانغا سالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ تەقدىرنىڭ چاقچىقىدەك، بىر تۇرۇپ، تەقدىرنىڭ ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇشىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ يەنە، تۇرۇپلا «ئۇ زادى قىزمىدۇ ياكى ئايالمىدۇ؟ چىرايلىقمىدۇ ــ سەتمىدۇ؟ مەندە زادى نېمە ئىشى باردۇ؟ بىرەر چاتاق ئىشقا چېتىلىپ قالامدىمەن ــ يا! ! ...» ــ دېگەندەك سوئال هەم ۋەسۋەسىلەر بىلەن ئۇيقۇسىنىمۇ ياخشى ئۇخلىيالمىدى...

ئەتىسى سائەت ئون بىلەن هەممە ئىش خۇددى كىنو ئېكرانىدەك ئايدىڭلاشتى. ئۆيگە يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدىكى زىلۋا بويلۇق، خۇشپىچىم، ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدىغان بىر فرانسۇز قىزى تاقىلداپ دەسسەپ كىرگەندە، ئەكرەم هاياجاندىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر هازا جىممىدە تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان سەمىمىي، هېسسىياتچان زەڭگەر كۆزلىرى، شەپەق ۋاقتىدىكى بۇلۇتتەك توزغۇپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭ چاچلىرى ئىنتايىن جەزبىلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ مۆلدۈر كۆزلىرى قىزنىڭ خېلىلا هېسسىياتچان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يۇمشاق، سۇزۇك لەۋلىرى ئادەمنىڭ سۆيۈۋالغۇسى كەلگۈدەك

زوقىنى قوزغايتتى. ئىشقىلىپ، بۇ قىز بىرلا قارىماققا يىگىتلەر ئۈچۈن خىيلىلا دىلرەبا، نازاكەتلىك ھەم مەردانە كۆرۈنەتتى.

— تونۇشۇپ قويايلى، ئەكرەم ئەپەندى، — دەپ قولىنى سوزدى ئۇ ئارىدىكى ئوڭايسىز جىملىقنى بۇزۇپ، — سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، ئىسمىم كىلارا، پارىژلىقمەن. بېيجىڭدا تۆت يىل ئوقۇغان.

قىزنىڭ ئۆزىنى ئەركىن ئازادە تۇتۇشى، سۆزىدىكى سەمىمىي ھەم تەبىئىيلىك ئەكرەمدىكى ئارتۇقچە ھاياجان بىلەن ھودۇقۇشنى يوقاتتى. ئۇ قىزنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق قولىنى يەڭگىل سىقىپ تۇرۇپ تەكەللۇپ بىلەن:

— مەنمۇ سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشال، كىلارا خانىم، ئىسمىم ئەكرەم، ئەسلى يۇرتۇم قەشقەر!... دېدى.

— بىلىمەن، بىلىمەن... قەشقەر گۈزەل يەر، مەن ئۇ يەرنى ياخشى كۆرىمەن! — كىلارا قەشقەرنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەنلا ئۆز سۆزىگە ماۋزۇ تېپىلغاندەك توختىماي سۆزلەپ كەتتى، — خەلقلىرى شۇنداق ياۋاش، مېھماندوست، مەن ئۇ يەردە نەچچە ئاي تۇردۇم. مەكىت، يەركەن، قاغىلىقلارغا باردىم. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ئەكرەم ئەپەندى، مېنى ئۇ يەردە پىت بېسىپ كەتتى. خەلق نامرات ئىكەن، مەن ئۇ يەردە ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشىنى كۆرگەندەك بولدۇم. لېكىن ناخشا ـ مۇزىكىسى بەكمۇ ئېسىل ئىكەن. قەشقەردىكى ئاممۇۋى سەنئەت سارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىتىدە يېتىپ مۇقامنى ئۆگەندىم. بىنادا ھاجەتخانا بولمىغاچقا، بەك قىينالدىم. ھاجەت قىلىش ئۈچۈن دەسلەپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقىمەن، يىگىرمە مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. كېيىن ئۇسسۇزلۇقنى ئاز ئىچىدىغان بولدۇم. سىلەر بىنالارنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ قولايلىقى ئۈچۈن سالمايدىكەنسىلەر... خۇدا سىلەرگە شۇنداق ئېسىل، گۈزەل يۇرتنى بېرىپتۇ، ئۇنى يەنىمۇ

گۈزەل، ئاۋات ماكانغا ئايلاندۇرۇش، سىلەرنىڭ يەلكەڭلەردىكى ئىش. ئەكرەم ئەپەندى. مەن سىزنىڭ پارىژدا ئىكەنلىكىڭىزنى بېيجىڭدا تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغانىدىم...

— بېيجىڭدا؟ — ئەكرەم ھەيران بولغاندەك قايتۇرۇپ سورىدى.

— ھە، توغرا ـ توغرا... — دەپ تەپسىلىيرەك چۈشەندۈردى كىملارا، — سىزنىڭ بېيجىڭدا ياڭ فامىلىلىك بىر ئۇستازىڭىز بار ئىكەن. شۇ كىشى سىزنىڭ فرانسىيەدىكى پائالىيەتلىرىڭىزنى «دۇنيا گېزىتى»دىن كۆرۈپتۇ. بىر تاسادىپىي ئۇچرىشىشتا سىزنى ماڭا شۇ كىشى تونۇشتۇردى!

دەرۋەقە، ياڭ پروفېسسور ئەكرەمنىڭ بېيجىڭدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئۇستازى ئىدى. ئۇ كىشىمۇ بىر چاغلاردا فرانسىيەدە تۇرغان ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئەكرەمگە ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى.

— ئەكرەم ئەپەندى، مەن سىزنىڭ يۇرتىڭىزدىن نۇرغۇن ناخشا ـ مۇزىكا ھەم بېيىت ـ قوشاقلارنى يىغقانىدىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كىملارا، — لېكىن ئۇنى قەشقەردە تەرجىمە قىلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. پاسپورتۇمنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالدى. ئۇنى شۇ پېتى بۇ يەرگە ئەكەلدىم. يېقىندا مەن ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى توغرىسىدا پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن پارىژ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا لېكسىيە سۆزلەيمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ قاپلىق ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى ئىشلەپ تارقىتىمەن. سىزدىن ئىلتىماسىم: ئاشۇ بېيىت ـ قوشاقلارنى سىز ئاۋۋال خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز، ئاندىن ئۆزۈم فرانسۇزچىغا ئۆرۈۋالىمەن، مەن سىز بىلەن توختام تۈزسەم، قانچە پۇل ئالىسىز؟

ئەكرەم قىزغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى.

كۆزلىرىدىكى بايىقى ھودۇقۇش، ھاڭۋېقىشىنىڭ ئورنىنى ئەمدى بىر خىل كۈچلۈك زوقلىنىش بىلەن ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىگىلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ زاڭىقى بىلەن لەۋلىرىدە چىرايلىق كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— سىز چوڭ ھەم خاسىيەتلىك بىر ئىشقا تۇتۇش قىپسىز كىلارا خانىم، — دېدى ئەكرەم چوڭقۇر ھاياجان بىلەن، — ئۇيغۇرلارنىڭ خۇددى توپا ئاستىدىكى گۆھەردەك كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىيىتىنى فرانسىيىگە، دۇنياغا تونۇشتۇرماقچى بوپسىز، ئەگەر بۇ ئىشتا مەن سىزگە ئازراق ياردەم قىلالىسام، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختام پۇل ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى جىددىي ئەمگەك ئۈستىدە بولسۇن!

ئەكرەمنىڭ يۈرەك سۆزلىرى كىلارانى تەسىرلەندۈردى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەكرەمگە تىكىلىپ، زوقلىنىپ قارىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئەكرەممۇ ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك يارىشىملىق يىگىت ئىدى. كۆزلىرى قاپقارا، قاڭشارلىق، كاپكازچە بۇرۇت قويغان، يەلكىلىرى كەڭ، بەستلىك ئىدى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئەكرەم ئەپەندى، — دېدى كىلارا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، — ئىشنى قاچان باشلايمىز؟

ئەكرەم قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— قاچان دېسىڭىز مەن تەييار!

— ئەمىسە، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن باشلايلى، مەن ماتېرىياللارنى ئەكېلەي!

بىرىنچى كۆرۈشۈشتىلا كىلارانىڭ ئوچۇق، يېقىملىق، خۇشپېئىل تەبىئىتىدىن ئەكرەمنىڭ يۈرىكىگە ئاللىقانداق ئىللىق، مەيىن بىر مېھىر ئورناپ قالدى.

كىلارا راستىنىلا، چۈشتىن كېيىن بىر سومكا ماتېرىيالنى ئېلىپ ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. ئىش باشلاندى. ئەكرەم ئۇيغۇرچە بېيىت ـ قوشاقلارنىڭ مەنىسىنى خەنزۇچە چۈشەندۈرەتتى. كىلارا ئۇنى فرانسۇزچە تەرجىمە قىلىپ يازاتتى، بېيىت ـ قوشاقلارنىڭ

ھەممىسى دېگۈدەك مۇھەببەت تېمىسىدا ئىدى. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ھېسسىيات، جۇشقۇن كۈي ۋە چىرايلىق تىل كىلارانى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى:

كۆك ئاسمانغا قارايسەن،
بىزنىڭ كۆزدە ئاي يوقمۇ؟
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ماڭا باشقا يار يوقمۇ؟

دېگەن قوشاق تەرجىمە قىلىنغاندا كىلارا ئەكرەمگە مەنىلىك قاراپ:

— ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ غۇرۇرى نىمىدېگەن كۈچلۈك — ھە؟ ! — دەپ قويدى.

يارىمنى كەپتۇ دېسە
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارىم يۈرگەن يوللارغا
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

دېگەن قوشاق تەرجىمە قىلىنغاندا بولسا:

— پاھ، نىمىدېگەن گۈزەل — ھە؟ ! مۇھەببەت، ۋاپا، سېغىنىش، ۋىسال توغرىسىدا بۇنداقمۇ ئوبرازلىق، ئىخچام پىكىر بارمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى بىر كىتاب ئىكەن! — دېدى ھاياجان بىلەن.

ئەلچى قويسام ئاناڭغا
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولساڭ نىمىشقا
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟ !

دېگەن بېيىت تەرجىمە قىلىنغاندا، كۈلۈپ، تېلىقىپ،

ئۇنىڭدىكى ئۆتكۈر يۇمۇر، كىنايىدىن يەتكۈچە ھۇزۇرلاندى...

بېيىت ـ قوشاقلارنى تەرجىمە قىلىش خۇددى بىر يوشۇرۇن سادادەك، ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ تەسىر قىلىپ، يۇرەك تارىلىرىنى تىترىتىشكە باشلىدى. ئەكرەم گويا ئۆزىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى، ئارزۇ ـ ئىستىكىنى، ھەسرەت ـ نادامىتىنى ئۇدۇل ئېيتىشتىن خىجىل بولۇپ، ھېيىقىپ، ئۇنى بېيىت ـ قوشاققا ئايلاندۇرۇپ ئېيتىۋاتقان مەجنۇندەك، كىلارا بولسا، گويا ئۇنى يۇرەك قېتىغا يېزىپ، نەقىشلەپ، مەڭگۈ خاتىرە قالدۇرماقچى بولغان لەيلىدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى...

دېمىسىمۇ كۇنلەر ئۆتكەنسېرى، كۆرۈنۈشتە ئۇششاق ـ چۇششەك بىلىنگەن مانا شۇ ئىشلار بۇ ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇھەببەتنىڭ قىل كۆۋرۈكى ھەم كۇندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى بولۇپ قالدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە چۈشىنىش تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ كېڭەيدى، چوڭقۇرلاشتى. ئەكرەمنىڭ تىپتىنچ ۋە ئويچان قەلبى كىلارانىڭ سىرلىق قاراشلىرىدا، مۇلايىم سۆزلىرىدە، قانداقتۇر بىر مەنىنىڭ بارلىقىنى سېزەتتى. بۇ قاراشلار، بۇ سۆزلەر گويا سەر خىل ئۇرۇققا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مۇنبەت قەلب ئېتىزىدا راۋان يىلتىز تارتىپ ئۆسمەكتە ئىدى...

دەرۋەقە دوستلۇق ـ مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى. تۇرمۇشتا ھەر قانداق قىز ـ يىگىت مۇشۇ ئالتۇن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، سۆيگۈ ساھىلىغا يېتىپ بارىدۇ!...

بىر كۇنى بېيىت ـ قوشاقلارنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ، ئەكرەم كىلارانىڭ كىرپىكلىرى ئۇزۇن، دۇپدۇگىلەك زەڭگەر كۆزلىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قالدى. بۇنى سەزگەن كىلارا ئۇنىڭدىن مەنىلىك قىلىپ سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— كۆزۈم قانداقكەن، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە ئوخشىمامدىكەن؟

— راست ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ئەكرەممۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، سىزنىڭ كۆزىڭىز بەئەينى پايانسىز دېڭىزغا ئوخشايدىكەن...

— ئەمىسە، بۇ دېڭىزدا ئۈزگۈڭىز كېلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۈزگۈملا ئەمەس، قاپ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە شۇڭغۇغۇم كېلىۋاتىدۇ!...

بۇ سۆز كىملارانىڭ يۈرەك تارىنى يەڭگىل چېكىپ ئۆتتى. مەستانە قىياپەتتە ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن ئۇ قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن مۇھەببەتنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك، سۆيگۈگە تەشنا بىر يۈرەكنىڭ قىزغىن ئىلتىجاسىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىمۇ شۇ كۈنلەردە، ئەكرەمنى كۆرسىلا، بەدىنى لاپپىدە ئوت ئېلىپ، تاشقىن بىر ھېسسىياتقا چۆمەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇشنى، ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشنى بىلىدىغان تەمكىن، ئوي پىكرى چوڭقۇر قىز ئىدى. ئۇ، ئەكرەمنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ جىمى پەزىلەتلىرىنى ياقتۇراتتى. بۇنى ئۇ نەچچە قېتىم ئۆز چۈشەنچىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇنداق ھېسسىياتنى ئەكرەم مەنسۇپ بولغان مىللەتكە بولغان مۇھەببەتتىن، دەپ قارايتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان يۇرت ماكانىنى يارىتىپ، ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۈرۈمچىنى كۆردى، قەشقەردە تۇردى، خوتەننى ئايلاندى. بۇ جەرياندا، بۇ خەلقنىڭ توپا چىراي زىيالىيلىرى بىلەنمۇ، جاپاكەش ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرى بىلەنمۇ، كاج تەلەي دېھقانلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتى، تونۇشتى. ئۇ، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن، قىسقىسى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈكنى، تۇرمۇشى

باياشات بولمىسمۇ، مېھماندوستلۇقىنى، ئۆزگە يات بولسىمۇ، چىقىشقاقلىقىنى سەزدى. ئۇ نەگىلا بارسۇن، بۇ خەلقنىڭ ئارىسىدا خۇددى فرانسىيىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا يۈرگەندەك، پارىژدىكى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك، ئەركىن ئازادىلىك ھېس قىلدى، ھېچ يەردە غېرىبسىنمىدى، ھېچقاچان يېتىمسىراپ قالمىدى. ئۇنى ھەممە يەردە ناخشا - ئۇسۇل ۋە مۇزىكىلار قارشى ئالدى. ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنىڭغا ئېرىشتى. . .

كېيىن ئۇ، بۇ خەقنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋاراقلاپ كۆردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى ئورخۇن ئابىدىلىرىنى، ئوغۇزنامىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇنداق يېزىق، بۇنداق تەپەككۇر يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇ يەنە فارابى، يەسەۋى، يۈكنەكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەخمۇت قەشقەرى، نەۋايىلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىي مېھنەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ خەقنى ئانچە بوش چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شانلىق تارىخقا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە، چەكسىز ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە خەق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىيۇ، لېكىن بۇ خەقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ۋە كۆڭلىدە: «بۇ خەق ئاشۇ ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئاسىيا قورۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان ئەۋلادلىرى ئىكەن! . . . » دەپ ھەسرەت بىلەن ئويلاپ قالدى. راست ئۇ بۇ ئەۋلادنىڭ نۇرغۇن ئېچىنىشلىق، نادانلىق تەرەپلىرىنى كۆردى.

ئۇ، خوتەننىڭ كوكمارىم سەيلىسىگە[1] چىققاندا، ئاجايىپ ئېسىل مۇزىكىلار بىلەن مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلىدى. ئۇ، ناخشىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن رېئاللىق تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى خىيالىي بىر دۇنيادا سەيلە قىلىۋاتقاندەك، ھوزۇرلۇق ھېس قىلدى. سازەندىلەر خەلق مۇزىكىلىرىنى، شۇنداق ياخشى

[1] كوكمارىم — خوتەن ناھىيىسىدىكى دىنىي ئەنئەنىۋى تۈس ئالغان سەيلىگاھ.

چالدى، ناخشىلىرىنى شۇنداق ياخشى ئوقۇدى. كىلارا ئۇنى خىيالىي دۇنيا ئىچىدە يېتىپ، شۇنداق زوقمەنلىك بىلەن ئاڭلىدى. . .

كېيىن ئۇ، قەشقەردە قايسى بىر مەدەنىيەت ئورنىنىڭ ئىشخانىسىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، ياتقان يېرى بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ئارىلىقىنىڭ يېرىم كىلومېتىردەك كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ خەقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نامرات ۋە جاپاكەشلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئاھ ئۇرۇپ قويدى. . .

بۈگۈن مانا شۇ خەقنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، پارىژغا كېلىپ قالغان بىر رەسسامى يەنە ئۇنىڭغا خالىس ياردەم قىلىپ، دوستانە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ياغدۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق غەرەزسىز، سەمىمىي ئىلتىپاتتىن، كىلارانىڭ يۈرىكىدىكى مۇشۇ خەلققە تەئەللۇق بولغان ھۆرمەت، مۇشۇ خەلققە بەخش ئەتكەن مۇھەببەت گويا ئەمدى ئۆز ئىگىسىنى، ئۆز جايىنى تاپقاندەك، ئۇنىڭدا بىر خىل خۇشاللىق، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى. . .

ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە ئىختىياسىز ھالدا ياتاقتىن چىقىپ كوچا ئايلاندى. بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ مېڭىپ، قىزغىن، شېرىن سۆھبەتلەر بىلەن نىئاپول كوچىسىغا كېلىپ قالغانلىقلىرىنى تۇيماي قېلىشتى. نىئاپول كوچىسىدىكى گۈل بازىرىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان يەسمەن گۈلى بىلەن كاككۇك گۈلى بازارنى گۈلگۈن تۇسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇلار يەنە شۇنداق قىزغىن، تۇگىمەس پاراڭلار بىلەن مېڭىۋەردى. ماڭا ـ ماڭا سانىت رازال كوچىسىغا كەلگەندە، بىر زىننەت دۇكىنىدىكى كاككۇك سائەت ئونغا بەلگە بېرىپ، ئون قېتىم سايرىدى. شۇ چاغدىلا كىلارا ئۆزىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئارقىسىغا ياندى. ئەكرەم ئۇنى بوناپارت

كوچىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئون نەچچە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدىكى چوڭ ئىشىك ئوچۇق ئىدى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا قوللىرىنى تۇتۇشۇپ خوشلاشتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، بېيىت ـ قوشاقلارنى تەرجىمە قىلىش ئاخىرلاشتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كىلارا ئەكرەمگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، ئۇنى ئېيفېل مۇنارىغا باشلاپ كېلىپ، شۇ يەردىكى كاتتا رېستوراندا مېھمان قىلماقچى بولدى. ئۇلار گۈزەل پارىژ شەھىرىنىڭ سىمۋولى بولغان ھەيۋەتلىك ئېيفېل مۇنارىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بۇ يەر خۇددى تەنتەنىلىك بايرام شادلىقىغا چۆمگەندەك، قاينام تاشقىنلىق ئىدى. ئەتراپنى مۇخبىرلار بىلەن ئوپېراتورلار ئىگىلىۋالغان، ئۇلار ئۈنئالغۇ ياڭراتقۇسى بىلەن ئاپپاراتلىرىنى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئاددىي ـ ساددا كىيىنگەن بىر چەت ئەللىك ئايالغا توغرىلاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنى تەبرىكلىشىۋاتاتتى:

— مۇبارەك بولسۇن، بېشىڭىزغا ئامەت قۇشى قوندى! . . .

لېكىن ئۇ ئايال نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ھاياجاندىن ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ قالغانىدى. شۇ چاغدا، كۆككە بوي سوزغان قامەتلىك ئېيفېل مۇنارىنىڭ ئۈستىدىكى سۈزۈك ئاسماندا، بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان پەيدا بولدى. ئوپېراتورلار ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆزىنى دەرھال ئاسمانغا قارىتىپ، نېمىنىدۇر تالىشىپ تارتماقچى بولغاندەك جىددىي كەيپىياتقا كىردى. راست دېگەندەك تىك ئۇچار ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، ئۇنىڭدىن زەنجىرگە باغلانغان قىپ ـ قىزىل رەڭلىك يېڭى بىر پىكاپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. پىكاپ بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ، دەل ھېلىقى مۇخبىرلار بىلەن تاماشىبىنلار ئورىۋالغان چەت ئەللىك ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شۇ چاغدا ئېيفېل مۇنارى ئۈستىدىكى كانايدىن تەنتەنە بىلەن:

— بۇ سىزنىڭ مۇكاپاتىڭىز، قوبۇل قىلىڭ، خانىم! — دەپ جاركالىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. شۇئان ئېيفېل مۇنارى ئەتراپى خۇشال - خۇراملىققا چۆمدى. ھېلىقى ئايالمۇ بۇنداق تۇيۇقسىز ئامەتتىن بېشى كۆككە يەتكەندەك شادلاندى. . .

تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ھاياجانلىق، تەسىرلىك، شاۋقۇن - سۈرەنلىك ۋەقەنى كىملارا ئەكرەمگە قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئەسلىدە، ئېيفېل مۇنارى سەيلە بېلىتىنىڭ، بەش يۈز مىڭىنچى بېلىتى كىمگە توغرا كەلسە، شۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات بېرىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلىنغانىكەن. ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئېيفېل مۇنارى سەيلىسىگە سېتىلغان بەش يۈز مىڭىنچى بېلەت ھېلىقى مالايشىيالىق ساياھەتچى ئايالغا توغرا كەلگەنىكەن. بۇ خەۋەر شۇ ھامان پۈتۈن پارىژغا تارقىلىپ، ئەنە شۇنداق تەنتەنە بولغانىكەن . . .

كىملارا بىلەن ئەكرەم ئاشۇنداق بايرام خۇشاللىقى ئىچىدە، ئۈچ يۈز يىگىرمە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېيفېل مۇنارىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى رېستورانغا چىقىپ، ئۇ يەرنىڭ داڭدار تاماقلىرىدىن پاقلان گۆشى كاۋىپى، قىرغاۋۇل قورۇمىلىرىنى يېگەچ پارىژنىڭ گۈزەل، ئاۋات مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى ۋە «ناپالىئون» ماركىلىق هاراقتىن بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىپ، تېخىمۇ كەيپىنى كۆتۈرۈشتى. ئۇلار كەچكە يېقىن، ئېيفېل مۇنارىدىن ئايرىلىپ، شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن سېنا دەرياسىنىڭ سالقىن، چىمەنزار بويىغا قاراپ ماڭدى.

دەرياغا ئېلىپ بارىدىغان بۇ تونۇش يول ھەم خىلۋەت، ھەم ئازادە ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭدا مۇشۇ ئىككى مەجنۇن يۈرەكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتەك، پەقەت ئاسماندىن تۆكۈلۈۋاتقان ئاي نۇرى بىلەن يول بويىدىكى كاشتان دەرەخلىرىنىڭ سايىسىلا ئۇلارغا ھەمراھ ھەم سىرداش بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇلار ئايلىنىپ كېلىپ گۈللۈك بويىدىكى يۈلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئۇرۇندۇققا ئولتۇردى. شۇ چاغدا، ئەكرەم خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن بىر گېپىنى ئېيتتى:

— كىلارا، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، سىزدىن بىر نەرسىنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن.

— تۇزۇت قىلماي، ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى كىلارا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا، ئىلتىماسىڭىزنى يەردە قويمايمەن.

— سىز ماڭا بىرنەچچە قېتىم مودېل بولۇپ تۇرۇپ بەرسىڭىز، رەسىمىڭىزنى سىزىۋالسام...

— ياخشى ئىلتىماس ئىكەنغۇ، مەن ئەلۋەتتە رازى.

— ئەمىسە كېلىشتۇق - ھە!

— كېلىشتۇق!

ئەكرەم ئۇنىڭ مۇلايىم كۆك كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەر نۇرمۇ چاچالايتتى، ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىيەلەيتتى.

كىلاراغىمۇ ئەكرەمنىڭ مانا مۇشۇنداق مەپتۇنلۇق بىلەن تەلمۈرۈپ قارىشىلا ياقاتتى، ئۇنىڭ تۈيغۇن يۈرىكى بۇنداق تەلمۈرۈپ قاراشنىڭ سىرىنى سېزەتتى. بۇ ئادەتتىكىچە تەلمۈرۈپ قاراش ئەمەس، بەلكى ئوتلۇق مۇھەببەتكە، سىرلىق ۋە شېرىن تۇيغۇلارغا تولغان ئاجايىپ بىر يېقىملىق، تەسىرلىك تەلمۈرۈش ئىدى. بۇنداق تەلمۈرۈپ قاراش ھەر قانداق يىگىتلەردە بولىۋەرمەيتتى. پەقەت ئەكرەمگە ئوخشاش مانا شۇنداق پاك ۋە ئۆزىنى تۇتقان ھېسسىياتچان يىگىتلەردىلا بولاتتى...

ئەكرەم ئىختىيارسىز ھالدا كىلارانىڭ بېشىنى تۇتۇپ، چاچلىرىنى سىلىدى. كىلارانىڭ بۇجغۇر سېرىق چاچلىرى ئەكرەمگە گويا ئالتۇن زەررىچىلىرىدەك پارقىراق ۋە گۈزەل بىلىنىدى. دەريا سەلكىنىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇ چاچلارنىڭ ئارىسىدىن بىر خىل غىدىقلىغۇچى خۇش پۇراق

چىچىلىپ، ئەكرەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

ئەكرەم ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى، قۇتراپ كەلگەن ھېسسىياتقا ھاراقنىڭ كەيپى قوشۇلۇپ، ئۇنى خېلى باتۇر ھەم جۇشقۇن قىلىۋەتتى. ئۇ توسۇپ بولماس بىر ئىلاھى كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كىلارانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆزىگە تارتتى...

تەشنالىقتا كەلگەن بۇ تاتلىق سۆيۈشۈشتىن ھەر ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدى بىھوشلىنىپ كەتتى. كىلارانىڭ زەڭگەر كۆزلىرى تېخىمۇ چىرايلىق يالتىراپ خۇمارلاشتى. ئەكرەمنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىغان قانلارنىڭ تەپتى بىلەن قىزىرىپ ئوت بولۇپ ياندى...

تۇرمۇش كىلاراغا ھەمىشە، ھەممە يەردىلا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭمۇ سۆيگەن - سۆيدۈرگەن مۇھەببەتلىك كۈنلىرى، تالاي يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ، ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرگەن ئامەتلىك چاغلىرى بولغان. لېكىن، ياخشى كۆرۈپ يۈرۈشكەن يىگىتى لويىس ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قاتناش ۋەقەسى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئەركەك زاتىغا يېقىنلاشمىغانىدى. بۈگۈنكى بۇ ئىش گويا ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى جۇدالىق تېشى ئاستىدا بۇرۇقتۇم بولۇپ ياتقان قىزلىق ھەۋىسىنى ئويغىتىۋەتكەندەك بولدى...

ئىش دەسلەپ ئەنە شۇنداق ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە زوقلىنىشتىن باشلاندى. بۇ ئالىيجاناب تۇيغۇ ئاستا - ئاستا ئىككى جىنىس ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي ئىنتىلىش بىلەن ھېسسىياتقا، ھېسسىيات بولسا، ئاخىر بېرىپ شېرىن سۆيگۈگە ئايلاندى. بۇنى ھەر ئىككىسى سەزمەيلا قالدى!...

ئۈچ كۈندىن كېيىن، كىلارا مودېل بولۇش ئۈچۈن ئەكرەمنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئەكرەم رەسىم سىزىش جاھازىسىغا يوغان ئاق سۇرۇپنى مىخلاپ، رەڭ بوياقلىرىنى تەڭشەپ، تەييار بولۇپ تۇرغانىدى.

— مېنى قايسى قىياپەتتە سىزماقچىسىز ئەكرەم؟ — سوردى كىلارا قىسقىچە سالاملىشىشتىن كېيىن.

— ئەڭ ياخشىسى، تەبىئىي، ئەينەن ھالىتىڭىزدە سىزماقچىمەن، — دېدى ئەكرەم ۋە ئۇنى ئۇدۇلدىكى شىمىس كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كىلارا چاچلىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر قۇر تۈزەپ، كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى.

ئەكرەم ئۇنى بىر دەم ئۇدۇل، بىر دەم يانتۇ، بىر دەم قىيپاش ئولتۇرغۇزۇپ باقتى. قولىغا موي قەلەمنى ئېلىپ، قانداق سىزىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدى، كۆزەتتى. لېكىن قەلەمنى يەنىلا تەۋرىتەلمىدى. ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى كىلارانى يالىڭاچ ھالدا سىزماقچى ئىدى. ئەمما بۇ گەپنى ئاغزىدىن قانداق چىقىرىشنى بىلمەي، قىينىلىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ، قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ، خۇددى «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك» كىلاراغا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئېيتىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ «ئەقىلگە ئىشارەت» قىلىش ھىيلىسى ئىدى:

— كىلارا، سىزمۇ بىلىسىز كېرەك، ناپالېئوننىڭ سىڭلىسى شۇنداق گۈزەل قىز ئىكەن، ناپالېئونمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، سىڭلىسىنى ئۆزى بىللە ئېلىپ ماڭىدىكەن. سىڭلىسى قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى مەشھۇر رەسسام ۋە ھەيكەلتىراشلارغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزغۇزۇپ، ھەيكىلىنى ياسىتىدىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئىتالىيىگە بارغاندا، ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر بىر رەسسامىغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزغۇزماقچى بوپتۇ. ئۇ بېشىغا خان تاجىلىرىنى كىيىپ، ئۈستىگە ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى يېپىنىپ، بوينىغا ئەڭ قىممەتلىك زىب - زىننەتلىرىنى ئېسىپ، رەسسامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. رەسسام ئۇنى سىزىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ھەر قانچە قىلىپمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك

www.uyghurkitap.com

سىزالماپتۇ. قىينىلىپتۇ، تىت ـ تىت بوپتۇ. شۇ چاغدا، ناپالىئونىنىڭ سىگىلىسى قانداقتۇر بىر ئىلاھى تۇيغۇ بىلەن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بوپتۇ ـ دە، ئۆزلۈكىدىن دەسلەپ بېشىدىكى خان تاجىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ، بويىنىدىكى زىب ـ زىننەتلىرىنى يېشىپتۇ، كېيىن ئۇستىدىكى ئېسىل كىيىملىرىنى ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىردىن سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق تەشەببۇسكار ھەرىكىتى رەسسامنى ھاياجانغا سالپتۇ. ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز بىر ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن بېسىپ بولماس ئىلھام پەيدا بوپتۇ. قىزنىڭ كىيىم سېلىۋاتقان چاغدىكى ھەر بىر ھەرىكىتى، نازاكىتى ۋە سۇلكىتى رەسسامنى ئۆزگىچە مەپتۇن قىپتۇ. قىز قىپيالىڭاچ ھالغا كەپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى شۇنداق گۈزەل ۋە كېلىشكەن ئىكەن، رەسسامنى ھاياجان ئىگىلەپتۇ. قايناق ئىلھام ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالپتۇ. ئۇ ئەنە شۇ ھاياجان، ئەنە شۇ ئىلھام بىلەن پەرىشتە سۈپەت، ماھۇق بەدەن قىزنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلاپتۇ. رەسىم پۈتكەندە، قىزمۇ رازى بوپتۇ. كۆرگەن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىكتىن زوق ئاپتۇ...

ھېكايە تۈگىشى بىلەن كىلارا خۇددى بوز تورغايدەك قېقىنداپ، بەكمۇ ساز، يېقىملىق كۈلدى.

— قاراڭ سىزنىڭ ئۇستىلىقىڭىزنى، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ، — سىزمۇ مېنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، كىلارا، دۇنيادا تەبىئىي ۋە ئەينى گۈزەللىككە يېتىدىغان نەرسە بارمۇ؟ ئاياللارنىڭ بەدىنىدە ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك بار. بۇ گۈزەللىكنى كىيىم بىلەن قانداق ئىپادىلىگىلى بولسۇن! ھەرگىز خىجىل بولماڭ، ئادەم بەدىنىدە يوشۇرۇن يەر يوق!...

كىلارا «راست شۇنداقمۇ؟» — دېگەندەك بىر خىل ناز ۋە

مۇلايىم مۆلدۈرلەش بىلەن ئەكرەمگە قارىدى. قىزنىڭ بۇنداق شوخلۇق، نازاكەت ۋە مەردانىلىك بىلەن ئوتلۇق بېقىشى ئەكرەمنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى...

ئۇنىڭ پايانسىز دېڭىزدەك يالتىراپ، يېشىل يالقۇندەك يېلىنجاپ تۇرغان ئەنە شۇ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئوتلۇق بىر هارارەت باردەك قىلاتتى. مانا شۇ سېھرىي كۈچ بىلەن مانا شۇ هارارەت خېلى كۈنلەردىن بېرى ئەكرەمنى سېھىرلەپ ۋە كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى، ئوي ـ خىياللىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتتى. ئۇ كىلارانى ئويلىماسلىققا شۇنچە تىرىشسىمۇ، لېكىن، قېرىشقاندەك، كىلارا ئۇنىڭ خىيالىدا، كۆز ئالدىدا، ئوڭدا ۋە چۈشىدە مانا مەن دەپلا پەيدا بولاتتى. چىرايلىق زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قارايتتى. تاتلىق تىللىرى بىلەن ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەپ شىۋىرلايتتى. ئاخىر ئۇ مۇهەببەت دېگەن بۇ نەرسىنىڭ تولىمۇ سىرلىق، يەككە يېگانە شەخسىي ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداقتۇر، مىللەت، دۆلەت، قائىدە ـ يوسۇن دېگەنلەر بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تورىغا ئىلىنىپ، دەردىگە مۇپتىلا بولغان ئادەمنىڭ بەئەينى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇيدىغان بىر مەجنۇنغا؛ ئۆز ئىرادىسىگە، قېلىپلاشقان قائىدە ـ نىزاملارغا قارشى ئىش قىلىدىغان تەلۋە ـ قارامغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى...

ئەكرەم ئوتتۇز بەش يىللىق هاياتىدا ئايچېچەكتىن باشقا هېچكىمنى بۇنداق ئاشىقىي بىقارارلىق بىلەن سۆيۈپ باقمىغانىدى. لېكىن، ئۇ كىلاراغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. بۇ مەپتۇنلۇق ئۇنىڭغا كىلارانىڭ مەجنۇنلارچە سۆيگۈ ـ مۇهەببىتىدىن كەلدى. بىرنەچچە كۈنلۈك سەرگۈزەشتىسىدىن ئۇ شۇنى بىلىپ يەتتىكى، مۇهەببەت دېگەندە، هېچقاچان باش ـ ئاخىرى، كونا ـ يېڭىسى،

يات ـ يېگانىسى دېگەندەك گەپلەر بولمايدىكەن، سەن كىمنى سۆيسەڭ خۇددى يېڭى ئىرا شۇ يەردىن باشلانغاندەك. ئۇ ساڭا دۇنيادىكى ھەممىدىن يېڭى، ھەممىدىن قىممەتلىك، ھەممىدىن گۈزەل، ھەممىدىن ئەلا نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدىكەن! مۇھەببەت ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزىلىك بىر دۇنيا ئىكەن. بۇ مۇھەببەتنى ئەكرەمگە ھايات بەخش ئەتتى، كىلاراغا بولغان ئاشىقلىقنى ئۇنىڭغا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى! . . .

كىلارا ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدىغان، ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن خالىي، زامانغا لايىق ياش ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەكرەمنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، كىيىملىرىنى ئالدىرىماي، بىر ـ بىردىن سالدى. ئەڭ ئاخىرى چىلتەك ئىشلەنگەن باغىرداق بىلەن ھال رەڭ يىپەك كۆسىرى قالغاندا، نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئاز ئىككىلەندى، مەڭزىنى سۇس قىزىللىق قاپلىدى، بىر خىل نومۇس ۋە تارتىنىش كۈچى بىر مەھەل ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. لېكىن ئەكرەمنىڭ سەممىمىي قىستىشى يەنە ئۇنى غەيرەتكە كەلتۈردى. ئۇ قىزلىق ئىپپىتىنى يوشۇرۇپ تۇرغان بۇ ئاخىرقى يوپۇقنىمۇ ئېچىپ تاشلىدى. . .

ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدىدا تەڭرى ياراتقان شۇنداق بىر گۈزەل ئەسەر ـــ ئاق، يۇمشاق، نازۇك بىر بەدەن ۋاللىدە نامايان بولدى. . .

كىلارانىڭ يالىڭاچ بەدىنى گويا مەر مەردىن ياسالغان سەنئەت بۇيۇمىدەك يالتىراپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ، مەر مەردەك سوغۇق ئەمەس، بەلكى ئوت پۇركۈپ تۇرغاندەك ئىسسىق؛ مەر مەردەك جانسىز ئەمەس، بەلكى قانلىرى ئوخچۇپ تۇرغان ئاق بىلىق. . .

ئۇنىڭ يېتىلگەن بۇلجۇڭلىرى، سۇپسۇزۇك پەي سىڭىرلىرى، ھەتتا جىرىڭشىپ تۇرغان نىرىپ ـ ئەسەبلىرى خۇددى بىر چىرايلىق شېئىر غەزەلدەك، ئەكرەمنىڭ قەلبىدىكى

سۆيگۈ مۇزىكىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ئاپئاق، مىق - مىق بۇ بەدەن ئەكرەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى. گويا بۇ گۈزەل، بىجىرىم بەدەن ئۆزىگە تەئەللۇقتەك، ئۆزى ئۇچۇنلا يارىتىلغاندەك، ئۇنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل ھاياجان، خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ ھاياجان بىلەن خۇشاللىقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى — ئاشۇ چىرايلىق بەدەن پەيدا قىلدىمۇ ياكى ئەزەلدىن ئۇنىڭ يۈرەك باغرىدا پىنھان ساقلىنىپ، ئەمدى بىردىنلا ئۇرغۇپ چىقتىمۇ، بۇنى ئۇ بىلمەيتتى...

كىلارانىڭ رەسىمى باشتىن - ئاخىر قايناق ئىلھام ۋە كۈچلۈك ھەۋەس بىلەن سىزىلدى. بۇ جەرياندا ئەكرەم ئۆزىنى گويا بىھوشلۇق ھالەتتە سېزەتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، رەسىمگە ئۇنىڭ پۈتكۈل سۆيگۈ - مۇھەببىتى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە خورىماس كۈچ - قۇدرىتى سىڭدى...

ئۇچىنچى كۈنى رەسىم ئاساسەن پۈتۈپ قالدى، خام سۈرۈپتىكى ماي بوياق رەسىم بىلەن كارىۋات ئۈستىدە قىيپاشلىنىپ، قىيپالىڭاچ ياتقان كىلارا ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن روھىدىكى جۇشقۇن مەردانىلىك تولۇق نامايان بولغانىدى.

ئۆز مېھنىتىدىن رازى بولغان ئەكرەم قولىدىكى موي قەلەمنى قويۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا، ئۆزىنى مەھلىيا قىلغان مەر مەر بەدەننىڭ يېنىغا كەلدى. كىلارا كارىۋات ئۈستىدە تېخىچە بۇرۇنقى ھالىتىدە ياتاتتى. ئەكرەمگە مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق ئېقىمى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېسسىيات، ھاياتىي كۈچ دېگەنلەر ھېچقاچان ھازىرقىدەك كۈچلۈك، چوڭقۇر بولمىغانىدى. ئۇ ھارارەتلىك قوللىرى بىلەن بۇ چىرايلىق بەدەننى ئاۋايلاپ، زوق بىلەن سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى گويا بەدەننىڭ رەسىمدە

www.uyghurkitap.com

تولۇق ئىپادىلەنمەي قالغان تېخىمۇ نازۇك يەرلىرىنى سىلاپ تېپىۋاتقاندەك تەبىئىي ھەم قىزغىن ئىدى.

كىلارا ئۆزىنى شۇنداق تەمكىن، سالاپەتلىك تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزى بىلەن چىرايىدىن ئوتتەك تەشنالىق چىقىپ تۇراتتى. ئەكرەمنىڭ سىلىق، لېكىن غىدىقلىغۇچى ھەرىكىتى كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭ زىلۋا، سەيلانە قامىتى ناز بىلەن تەۋرەندى. چىرايلىق كۆك كۆزلىرى غايىۋانە چاقناپ كەتتى. يېشىل ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرغان ئاشۇ نۇرلۇق كۆزلەردە بىردىنلا ھاۋايى - ھەۋەس ئوتى يالقۇنجىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى، كۈتۈلمىگەن جۇدالىق بىلەن چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتتىن قار - مۇز بولۇپ ئۇخلاپ قالغان قىزلىق ئىپپىتى شۇ تاپتا ئويغانغانىدى...

قىز قەلبى خۇددى ياخشى سازلانغان راۋاپقا ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن زەخمەكنى جايىدا ئۇرالىساڭ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ مۇڭلۇق، يېقىملىق، شادىيانە كۈيلەرنى ئاڭلىيالايسەن! ئەگەر زەخمەكنى ئەپلەپ ئۇرالمىساڭ، نازۇك تارلار شۇنداق تۇيۇقسىز ئۈزۈلىدۇكى، ئۇ چاغدا سەن بىر ئۆمۈر نادامەتتە قالىسەن!

ھازىر ئەكرەم ئۈچۈن زەخمەك ئۇرۇش پەيتى كەلگەنىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى خۇددى تاغ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشكەندەك، دومىلا - دومىلا، ئاخىر قوللىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ، بەدەنلىرىمۇ، نەپەسلىرىمۇ ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. دومىلاپ يۇرۇپ تاغ باغرىغا چۈشكەندە، راھەت - پاراغەتتىن بىھوش ھالەتكە يەتتى!...

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇلار بىر - بىرى ئۈچۈن تېخىمۇ سۆيۈملۈك ھەم يېقىملىق بولۇپ كەتتى، ئۆزلىرىنى ھەممىشە پىنھان بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك بەختلىك سېزەتتى. ئىشق - مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولغان بۇ بىر جۈپ سەۋدايى يۈرەك سۆيگۈ لەززىتىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولدى. ھەر قېتىملىق

ئۆچرىشىشتا، ئۇلار جۇپلىشىش لەززىتىدىن مەست بولۇپ، خۇدىنى يوقىتاي دەپلا قېلىشاتتى. تولۇپ ۋايىغا يەتكەن، باشقىچە خۇلق، باشقىچە پۇراقتىكى بۇ قىز ئەكرەمگە گويا ئىلگىرى يەپ كۆرمىگەن قايماقلىق شاكىلاتتەك تۇيۇلۇپ، يىگىتلىك نەپسىنى باسالمايلا قالاتتى. . .

هازىر بۇ ئىككىيلەن خۇددى سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك، شۇنداق يېقىن ھەم ئىناق ئىدى. پارىژنىڭ ئەڭ گۈزەل خىلۋەت باغچىلىرىدا بىللە سەيلە قىلاتتى. سېنا دەياسىنىڭ سالقىن، گۈلزار بويلىرىدا سىردىشاتتى. قۇشلارنىڭ چىرايلىق سايراشلىرىدىن، گۈل - گىياھلارنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن بىللە زوقلىناتتى. قىسقىسى، ھايات ئۇلار ئۈچۈن گۈزەل، تۇرمۇش ئۇلار ئۈچۈن خۇشاللىق ئىدى! . . .

× ×

ئەكرەم كىملارا بىلەن بولغان تونۇشۇش جەريانىنى ھېكايە قىلغاندا، ئەلۋەتتە ھېكايىنىڭ ئەۋجى بىلەن يېشىمى توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېمىدى. لېكىن ئايچېچەك بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىچە ھالەتلەردىن بىر - بىرىگە قارىغان چاغدىكى كۆزلىرىدە چاقناۋاتقان نۇر ۋە ھارارەتتىن، سۆزلەشكەن چاغدىكى يېقىملىق، ئەركىن ئىبارە ۋە تەلەپپۇزلاردىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى يېقىنلىقىنى، ھەتتا ئادەتتىكى دوستلۇق چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن سىرداشلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. دېمىسىمۇ، يالىڭاچ رەسىم ئۈچۈن مودېل بولۇپ بەرگەن زامانىۋى بىر قىزنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل، ھېسسىياتچان تۇرقى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ياش بىر رەسسامنىڭ زوق - مەيلىنى تارتماي مۇمكىنمۇ؟! ھەرقانچە ئۆزىنى تۇتقان، ئارتۇقچە ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن خالىي يىگىتلەرمۇ بۇنداق تەييار ھۇزۇر - ھالاۋەت

ئالدىدا نەپسىنى يىغىپ تۇرالىشى بەسى مۇشكۇل! . . .

ئايچېچەك ھەۋەستىنىمۇ ياكى رەشىقتىنىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان ئاللىقانداق مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ئاشۇنداق ئوي - خىياللارغا بارديۇ، لېكىن يەنە تۇرۇپلا، ئۆزىنى كايىپ: «نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم - ھە؟ ! مېنىڭ ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش سالاھىيىتىم بارمىتى؟ ! » — دەپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

بىرەر سائەتلىك قىزغىن، سەمىمىي سۆھبەتتىن كېيىن، كىلارا ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى.

— بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىمىز ھېساب ئەمەس ئايچېچەك، — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ قولىنى مېھىر بىلەن سىقىپ، — مەن سىزنى ئېيفېل رېستورانىدا ئايرىم مېھمان قىلىمەن، ئەتە كۆرۈشەيلى!

كىلارا كەتكەندىن كېيىن، ئەكرەم ئايچېچەككە مۇراجىئەت قىلدى:

— سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بەك قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، رەسىمىڭىزنى سىزىشنى ھازىرلا باشلايلى، قانداق؟

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ئەكرەم ئاكا! — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭغا ئىنائەتمەنلىك بىلەن رازى بولۇپ.

ئەكرەم ئايچېچەكنىڭ رەسىمىنى ياش بىر ناخشا چولپىنى قىياپىتىدە سىزماقچى بولدى. ئۇنى يالىڭاچ ھالەتتە سىزىشقا كۆندۈرۈش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەكرەم ئازراق پۈرىتىۋىدى، ئايچېچەك دومسىيىپ، يېقىنىمۇ يولىمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق كونىلىق بىلەن كاللىسىدىكى بۇنداق قاتمال ئەنئەنە ئۇنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇ ياشىغان مۇھىت بىلەن دەۋرنىڭ سەۋەنلىكى ئىدى! . . .

— بوپتۇ، سىز قانداق دېسىڭىز شۇنداق سىزاي، — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، — ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تۇرقىنىمۇ

ئەڭ مۆكەممەل بۆيۆك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۆنىڭدا يالغۇز مۆشۆنداق قەددى - قامەت بولۆپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلۇغۋار كۆچ قۇدرەتمۇ، يۆكسەك ئەقىل پارسەتمۇ بار. شۆنىڭ ئۆچۆن، ئادەم ئالەمنىڭ جەۋھىرى، پۆتۆن كائىناتنىڭ جېنى ئەمەسمۇ؟!

ئايچېچەك ناخشىچىغا خاس ھەرىكەت ۋە قىياپەت بىلەن تۆرۆپ بەردى. ئۆنىڭ قۇلاق - بويۇن ۋە بارماقلىرىدا جۇلا چېچىپ تۆرغان ئالتۇن - ياقۇت بېزەكلەر ۋە ئۆستىگە كىيىۋالغان يارىشىملىق كىيىملەر ئۆنى خۆددى شەپەق نۆرىغا پۆركەنگەن رەڭدار بۆلۇتتەك جەزىبدار، جەلىپكار قىلىۋەتكەنىدى.

ئەكرەمنىڭ ھېسسىياتى، تەپەككۆرى بۆندىن سەككىز - توققۇز يىل بۆرۆنقى ياشلىق چاغلىرىغا قايتتى. ئۇ چاغلار مانا مۆشۇ ئالدىدا تۆرغان جەلىپكار چوكان بىلەن بىللە ئۆتكەن غەمسىز، كۆڭۆللۆك، خۇشناۋا چاغلار ئىدى. ئەكرەمنىڭ ۋۆجۇدىدا بىردىنلا، ئاشۇ ئەسلىمە ۋە خاتىرىلەرنىڭ سان - ساناقسىز سىرلىق يىپلىرىدىن توقۇلغان كۆچلۆك ئىلھام ۋە قىزغىنلىق پەيدا بولدى. بۇ سىرلىق يىپلارنىڭ بىر ئۆچىدا مۆرادىغا يېتەلمىگەن پاك مۆھەببەت، يەنە بىر ئۆچىدا قايناپ تۆرغان ئىجادىي ئىنتىلىش بار ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ مۆھەببەت ۋە ئىنتىلىشنىڭ كۆچى بىلەن ئايچېچەكنىڭ رەسىمىنى راۋان ھەم ئوڭۇشلۇق سىزىشقا باشلىدى. . .

ئىككى سائەت ۋاقىت جىددىي ھەرىكەت ئىچىدە بىلىنمەيلا ئۆتۆپ كەتتى. لېكىن بىر خىل قىياپەتتە، ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇۋېرىشتىن ئايچېچەكنىڭ نېرۋىلىرى تارتىشىپ، بەدەنلىرى كىرىشىپ قالدى. بۇنى سەزگەن ئەكرەم ئىلھامىنى تەستە بېسىپ، قىسقا تەنەپپۇس قىلدى. ئايچېچەككە مېۋە ئاقلاپ بەردى، پۆت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۆرۆۋېلىشقا دەۋەت قىلدى.

ئايچېچەك مېۋە يېگەچ، ياتاقتا ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ماڭدى،

بەل، بويۇنلىرىنى تولغاپ ئازراق راھەتلەندى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆزى يېزىق ئۈستىلىدە چېچىلىپ ياتقان بىر تۇتام قولىيازمىلارغا چۈشتى ۋە ئەكرەمدىنمۇ سورىماي، ئۇنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ ئەكرەمنىڭ يېقىندىن بېرى جىددىي يېزىۋاتقان «ئۇيغۇر رەسسامچىلىق تارىخى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ئىدى.

— قول يازمىلارنى كۆرۈۋاتامسىز ئايچېچەك، — دېدى ئەكرەم يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ، يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — تېخى پىشمىغان نەرسىلەر.

ئايچېچەك سەممىي قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەن تېخى سىزنى پارىژدا ئويناپ - كۈلۈپلا يۈرگەن ئوخشايدۇ دېسەم، بۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىمۇ قىلىۋېتىپسىز - ھە؟

— ئادەمدە ئۇنچىلىك ئەقىدە بولمىسا بولامدۇ، ئايچېچەك، — دېدى ئەكرەم دىۋانغا ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي، — ئەقىدىسىز ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىشى لازىملىقىنى بىلمەيلا بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاياتتا بۇنىڭدىن ئارتۇق بىچارىلىك يوق! مەن پارىژغا كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن مۇزېيلارنى، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى مول ماتېرىياللار مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۆز مىللىتىمنىڭ سەنئەت تارىخى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەم تولۇقلاپ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمكى تارىم بوستانلىقىدا ئاجايىپ گۈزەل سەنئەت دۇنياسىنى بەرپا قىپتىكەن. ئىدىقۇت مەدەنىيەت خارابىسى بىلەن قارا قۇرۇمنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بايقالغان قەدىمكى دەۋر گۈزەل سەنئەت رەسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق نامايەندە، بۇنى چەت ئەل ئالىملىرىمۇ «ئۇيغۇرچە ئۇسلۇب» تىكى گۈزەل سەنئەت

ئەسەرلىرى، دەپ تەرىپلەشتى. مېنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسسامچىلىق تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقى باسقۇچىدا ياشاۋاتقان چاغلىرىدىكى تام سىزما ۋە بوياق سىزما رەسىمچىلىكى دەلىل بولالايدۇ. ھەتتا بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامونىنىڭ نۇسخىلىق بوياق رەسىمىنىمۇ مىلادى VII ئەسىردە، تۇنجى قېتىم خوتەنلىك ئۇيغۇر رەسسامى شىئەنگە بېرىپ سىزغان. ئۇيغۇر رەسسامچىلىق تارىخى گەرچە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن بىر مەزگىل توختاپ، ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، پۈتكۈل رەسسامچىلىق تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىچىككىنە بوشلۇق، كىچىككىنە داغ. مەن بۇ ئەسىرىم ئارقىلىق كىشىلەرگە ئازراق بولسىمۇ، شانلىق گۈزەل سەنئەت تارىخىمىز توغرىسىدا سىستېمىلىقراق بىر نەرسە دەپ بەرمەكچىمەن. سىزنىڭچە مەن بۇ مەقسەتكە يېتەلەرمەنمۇ، ئايچېچەك؟

— يېتىپسىز ئەكرەم، بۇنداق ياخشى ئارزۇ، ھالال نىيەتتىكى كىشىلەر جەزمەن مەقسىتىگە يېتىدۇ، — دېدى ئايچېچەك چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن، — بىزنىڭ بۇ توغرىدىكى بىلىم ۋە قاراشلىرىمىز ناھايىتى چېچىلاڭغۇ ھەم قاتمال ئىدى. سىز ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر ئىشنى قىلىۋېتىپسىز. مەرۋايىت ھەرگىزمۇ ئۆزى لەيلەپ سۇنىڭ ئۈستىگە چىقمايدۇ. ئۇنى ئالىمەن دېگەن ئادەم مانا مۇشۇنداق سىزگە ئوخشاش جاسارەت بىلەن سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈشى كېرەك!

ئايچېچەكنىڭ سۆزلىرى ئەكرەمگە تېخىمۇ زور ئىلھام ھەم تۈرتكە بولدى.

— رەھمەت، ئايچېچەك، شۇنچىلىك ئىشەنگىنىڭىزگە، قوللىغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى ئۇ تەسىرلىنىپ.

ئۇلار يەنە ئىشقا كىرىشتى. ئايچېچەك مودېل بولۇپ بۇرۇنقى

جايىدا تۇردى. ئەكرەم موي قەلەمنى چەبدەس ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ روھى بىلەن جىسمىنى تەبىئىي بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئىشتىياق بىلەن سىزىشقا باشلىدى...

بۈگۈن ئايچېچەكنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى، پارىژغا كېلىپ ئەكرەم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىغىمۇ بەش كۈن بولدى. بۇ بەش كۈن ئايچېچەك ئۈچۈن ھەم ئالدىراش، ھەم خۇشاللىق بىلەن ئۆتتى. ئەكرەم بىلەن كىلارا ئۇنىڭ شۇنچە زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇنى سەلتەنەتلىك زەپەر دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئېيففېل مۇنارىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە ئاچىقىپ، 276 مېتىر ئېگىزلىكتىن پارىژنىڭ گۈزەل ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغۇزدى. سۈرلۈك بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ سېھرىي كۆچكە باي قۇرۇلۇش سەنئىتىدىن ھوزۇرلاندۇردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ پارىژدىن ئايرىلىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، ئەكرەم ئۇنىڭ پاك روھىي دۇنياسى بىلەن گۈزەل سىماسىنىڭ تەبىئىي يۇغۇرۇلمىسىنى مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ھۆجەيرىلىرىگىچە ئىنچىكە كۆزىتىپ، زوق - شوق بىلەن سىزماقتا...

ھەددىن زىيادە جىملىق بىلەن دېرىزىدىن قىيپاش چۈشكەن كەچكى شەپەق نۇرىنىڭ مۇلايىم ئەركىلىتىشى ئايچېچەكنىڭ چېچىلغان ئوي - پىكىرلىرىنى ئاستا - ئاستا يىغىپ، ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىيالىنى خۇددى باغلارنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئېلىپ كەلگەن تاغ شاماللىرىدەك سېغىنغان ئانا يۇرتقا، ئۆيگە، سابىرغا ئېلىپ كەتتى...

راست ئۇ شۇنچە گۈزەل پارىژدا تۇرغان چاغلىرىدىمۇ، يۇرتىنى — ئاشۇ چاڭ - توپىلىق يوللار بىلەن، قىڭغىر - سىڭغىر ئۆيلەرنى ئەسلىدى، سېغىندى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - ماكان نېمىدېگەن ئۇلۇغ، نېمىدېگەن خاسىيەتلىك -



www.uyghurkitap.com

ھە؟! قەدىمدىن ھازىرغىچە يۇرت توغرىسىدا شېئىر يازمىغان شائىر، ھېكايە ئېيتمىغان يازغۇچى بارمۇ؟ يوق، زادىلا يوق! چۈنكى ئۆز يۇرتىنىڭ زېمىنى كىشىلەرنى ساغلام، بەردەم قىلىپ يېتىشتۈرگەن؛ ئۆز يۇرتىنىڭ نازۇ - نېمەتلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ھۇزۇر بېغىشلىغان؛ ئۆز يۇرتىنىڭ تاغ - دەريالىرى بىلەن باغۇ - بوستانلىرى كىشىلەرگە ئۆچمەس مۇھەببەت بەخش ئەتكەن؛ ئۆز يۇرتتىكى ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلار كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە بېقىپ ئادەم قىلغان! شۇنداق تۇرۇقلۇق، كىشى ئۆز يۇرتىغا قانداقمۇ تەلپۈنمىسۇن؟! ئادەم تۇگۇل، چۆل - جەزىرىلەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن جان -جانىۋارلارمۇ تۇغۇلۇپلا ئۆز ماكانلىرىنى بىلىدۇ. ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئۇچار قۇشلارمۇ ئاخىرى كېلىپ ئۆز ئۇۋىسىغا قونىدۇ!

شۇ تاپتا ئايچېچەكنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى ئاشۇ چاڭ - توپىلىق يوللارغا بېرىپ يالىڭاياق يۈگۈرگۈسى، ئاشۇ قىڭغىر - سىڭغىر ئۆيلەرنىڭ ئازادە سۇپىسىدا يېتىپ ئېغىنىغۇسى، يۇرت تۇپرىقىنىڭ مېھرابىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سەجدە قىلغۇسى كېلىپ كەتتى!

ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يۇرتىنى، ئۆيىنى، سابىرنى، قىزىنى كۆرگۈسى، ئۇلارنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىگە، نۇرلۇق ماڭلايلىرىغا قېنىپ - قېنىپ سۆيگۈسى كېلىپ كەتكەنىدى!...

## 4

ئايچېچەك چىرايلىق كۆز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، ئالەمچە شان - شەرەپ قۇچۇپ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلدى. بۇ تاپتا، ئۇنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىر خىل ھاياجان، خۇشاللىق قايناپ تاشتى. ئۇ، ئانا تۇپراققا قايتقانلىقى، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئاڭلىيالىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. دەرۋەقە، بۇ يەر بىلەن فرانسىيىنى سېلىشتۇرغاندا ئەلۋەتتە پەرق

www.uyghurkitap.com

چوڭ، بۇ يەر ئۇ يەردەك گۈزەل، ئازادە ئەمەس؛ ئۇ يەردەك باي، باياشات ئەمەس؛ ئۇ يەردەك كۈچلۈك، مەدەنىيەتلىك ئەمەس. لېكىن بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ ئۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات ئۈچۈن بولغان كۈرىشىمۇ مۇشۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، قانات يايغان، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يەر ئۇنىڭغا بۇنچىلىك كۈچ - قۇدرەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت ئاتا قىلالمايدۇ! سەت بولسا، ئاستا - ئاستا تۈزەپ جابدۇپ چىرايلىق قىلغىلى، نامرات بولسا، تىرىشىپ - تىرمىشىپ باي قىلغىلى بولىدۇ. كۈچسىز، مەدەنىيەتسىزلىكمۇ مۇتلەق نەرسە ئەمەس. يەنە، ئون - ئون بەش يىلدىن كېيىن قارىڭغا بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆزىڭىز ئالىچەكمەن بولمىسا ھېساب ئەمەس! . . .

ئايرودرومدا ئۇنى سابىر، ئىلياس، نۇرجان قاتارلىق خىزمەتداشلىرى بىلەن بىر مۇنچە دوست - ئاغىنىلىرى كۈتۈۋالدى، تېخى توپىنىڭ ئالدىدا قۇربانوفمۇ بار ئىدى. ئۇ، تەشكىلىنىڭ، رەھبەرلىكنىڭ نامىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانىدى.

— خوش كەپسىز بۇلبۇل!

— خوش كەپسىز كېپىنەك!

ئەرلەرنىڭ ھاياجانغا، سىغىنىشقا، ماختاشقا تولغان تەسىرلىك سۆزلىرى، ئاياللارنىڭ قۇچاق ئېچىپ قۇچاقلاشلىرى، چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلىرى، ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ھەممەيلەن خۇشال، ئەركىن، بەختىيار ئىدى. خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن ئايچېچەكنىڭ قايرىما كىرپىكلىك بۇلاق كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يال - يال چاقنايتتى؛ تېخىمۇ ئاقىرىپ، سەمرىپ قالغان نۇرانە يۈزلىرى تاڭ غۇنچىسىدەك ئېچىلىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇرت بىلەن، ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ كەتكەن قىرىق كۈندىن بېرى، ئۈچ مەملىكەتنى ئايلىنىپ، يۈز نەچچە قېتىم ناخشا ئېيتىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا، تېلېۋىزور

ئېكرانلىردا ھەرخىل تىل، ھەر خىل يېزىقلاردا ماختىلىپ، قوچاق - قوچاق گۈل - غۇنچىلارغا ئورىلىپ، ئالەمچە شان - شەرەپ قوچۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇ، جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

ئۇ قىزى ساباھەتنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ ئانا سۈتى بىلەن دادا ھىدى پۇراپ تۇرغان پاك ۋۇجۇدىدىن ئۆزىدىكى چەكسىز سېغىنىشقا تەسەللىي تاپتى!

كەچتە ئۇلارنىڭ ئۆيى خۇددى ھېيت خۇشاللىقىغا چۆمگەندەك، قىزغىن، قايناق كەيپىيات بىلەن تولۇپ تاشتى. ئايچېچەك ئېزىز مېھماندەك كۈتۈۋېلىندى. سابىر ئۇنى كۈتۈش، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاشخانا بىلەن مېھماخانا ئارىلىقىدا پايپېتەك بولۇپ يۈردى. شۇ تاپتا ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئايالىغا بولغان ئامراقلىقىنى، سېغىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشاتتى...

ئەتىسى قۇربانوف «چاھار باغ رېستوانى» دا، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئىككى ئارتىسنىڭ شەنىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنى، شان - شۆھرىتىنى تەبرىكلىدى. زىياپەتتىن كېيىن، چىرايلىق زىننەتلەنگەن، قاش تېشى تۈۋرۈكلۈك، رەڭگارەڭ چىراغلار سۈس جىمىرلاپ تۇرغان زالدا تانسا بولدى. قۇربانوف يەنە ئايچېچەكنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالدى. بېزەڭلىك بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تانسىغا تارتتى. بىرىنچى قېتىم تانسا ئوينىغاندا، ئۆتكەنكى ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ، ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى بىلدۈردى:

— «جەھىل كەلسە، ئەقىل قاچىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىدىغۇ ئايچېچەك؟ ئۇ گەپلەر راستتىنلا چىدىمىغاندا دېيىلىپ قالدى، مەندىن ئۆزۈر! لېكىن ئاغزىمدا ئۇنداق دېگەن بىلەن، كۆڭلۈمدە ھامان سىزنى چەت ئەلگە چىقىرىشنى ئويلىدىم. ئاخىرقى تاللاشتا، يەنىلا مەن دېگەندەك بولدى!

www.uyghurkitap.com

ئايچېچەك بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بولغاچقا، قانداق چۈشەندۈرمەن دېسە، شۇنداق چۈشەندۈرگىلى بولاتتى! شۇڭا ئۇ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بولسىمۇ:

ــ رەھمەت، قۇربانوف ئاكا! ــ دەپ بېشىنى ئېگىپ قويدى.

قۇربانوف ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم تانسا ئوينىغاندا:

ــ ئايچېچەك، سىز بۇ قېتىم ۋەتەنگە، مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈردىڭىز! دۇنيا سەھنىلىرىدە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، كىشىلەرنى تاڭ قالدۇردىڭىز! سىزنى قانچە مەدھىيىلىسەك، كۆككە كۆتۈرسەك ھەم ئەتىۋارلىساق ئەرزىيدۇ! ــ دەپ يۈزىدىن ـ يۈزىگە ماختىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا بولسا، كونا كېسىلى قوزغىلىپ، خۇددى «ئېشەككە ھۈنىرىڭنى كۆرسەت دېسە، ھاڭراپ بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئەسلى قىياپىتىنى يەنە ئاشكارىلىدى:

ــ سىزگە چەت ئەل يارىشىپتۇ، ئايچېچەك! نېمىدېگەن چىرايلىق بولۇپ كەتكەنسىز ـ ھە؟! بۇندىن كېيىنمۇ پات ـ پات چىقىرىپ تۇرساق بولغۇدەك!

ــ لېكىن سىزنىڭ شەرتىڭىز بار ئەمەسمۇ قۇربانوف ئاكا؟! ــ دېدى ئايچېچەك ئۆتكەنكى ئىشلارغا بېشارەت قىلىپ.

ــ دۇنيادا شەرتسىز ئىش بولامدۇ ئايچېچەك! ــ دېدى ئۇ بىلەرمەنلىك قىلىپ.

ــ مانا قاراڭ، بىز ئويناۋاتقان مۇشۇ تانسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئادەمنى شەرت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھاياتلىقنى شەرت قىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! خۇددى شۇنىڭدەك، ئەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئايالنى، ئايالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەرنى شەرت قىلىدۇ!

ــ لېكىن سىز بىلەن مەندە بۇ شەرت ئاللىقاچان

ئورۇندىلىپ بولغان، قۇربانوف ئاكا، — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ.

— ئۇ، مۇتلەق ئەمەس ئايچېچەك، — دېدى قۇربانوف كۆزلىرىنى ھەييارلارچە ئوينىتىپ، — سىز پەقەت كۆكسى - قارنىڭىزنى سەل - پەل كەڭرەك تۇتسىڭىزلا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىسىز!

قۇربانوف بىردىنلا بىچارە قىياپەتكە كىردى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، ئاغزىنى ئۈمچەيتتى:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ئايچېچەك! مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! — ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ ئايچېچەكنى ئۆزىگە تارتتى.

ئايچېچەكنىڭ چىشلىرى قېرىشىپ، قاتتىق غىدىقى كەلدى، قۇربانوفنىڭ نەزەرىدىكى بۇ قىزغىن ۋە شېرىن گەپلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق سوغۇق ۋە تېتىقسىز تۇيۇلدى. ئۇ قۇربانوفنى سىلكىپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، تانسا مەيدانىدىن چالۋاقاپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن يەنە ئۇنىڭ ئابرويىنى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن سەل تارتىپ، ئۆتۈنۈش بىلەن مۇنداق دېدى:

— بۇنداق گەپلەر سىز بىلەن ماڭا ياراشمايدۇ قۇربانوف ئاكا، مەن سىزنى ئاكام ھەم رەھبىرىم سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىمەن! ئەگەر سىزمۇ مېنى ئازراق ھۆرمەت قىلسىڭىز، بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي!

ئايچېچەكنىڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىرايىغا مۇلايىم تۈس بېرىپ ئېيتقان بۇنداق سىپايە سۆزلىرى قۇربانوفنى خېلى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي، بىر دەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىر دەم ئاغزىنى ئۈمەللەپ، قولايسىز ئەھۋالدا تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۇنى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلىش دېگىلى بولمايتتى.

ئايچېچەككە ئوخشاش بۇنداق كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلۈپ، داڭ چىقىرىۋاتقان ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنى بىر خىل ناز ۋە نېزىقاش دېيىشكە بولاتتى. دېمىسىمۇ ئايچېچەكنىڭ ئۆتكەنكى پوزىتسىيىسى بىلەن بۈگۈنكى پوزىتسىيىسىدە پەرق تۇرمامدۇ؟ بۇنى ئىلگىرىلەش دېيىشكە بولمامدىكەن؟! تەسىر ئۆتمەيدىغان ئايال نەدە؟! سۇمۇ تامچىلاپ چۈشۈۋەرسە تاشنى تېشىدۇ! ئايال خەق دېگەن ئۆچكە مېيىغا ئوخشايدىغان نېمە، ئازراق ئىسسىتساڭ ئېرىيدۇ، سوغۇقنى كۆرسىلا توڭلايدۇ! . . . شۇغىنىسى مېنىڭ ۋاقتىنى، مەيداننى تاللىشىم خاتا بوپتۇ. يۈزلەپ كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان بۇنداق ئاممىۋى سورۇندا مېنىڭ يەڭگىللىك بىلەن ئۆز ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلىشىم ياخشى بولماپتۇ! كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىدىكى بۇنداق ئاياللار ھەممىشە ناھايىتى سەزگۈر، ئېھتىياتچان بولىدۇ. جامائەت پىكرىگە سەل قارىمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايچېچەك چەت ئەللەرنى كۆرۈپ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى دېگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كەلدى، شۇڭا ھەرقانداق شارائىتتا، ۋاقىت بىلەن مەيداننى توغرا، مۇۋاپىق تاللىشىم كېرەك! . . .

ئايچېچەك بىلەن قۇربانوفنىڭ بۇنداق سوغۇق، قاتمال مۇناسىۋىتىدىن خەۋىرى يوق گۈلناز بىر چەتتە خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، پۇچۇلىنىپ، زەردىگۈش بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ، تانسا باشلانغاندىن بېرى، قۇربانوف بىلەن ئايچېچەكنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تانسا ئوينىغانلىقىنى ماراپ كۆردى. بۇ جەرياندا ئىككىسىنىڭ پىچىرلىشىپ، مۇڭدىشىپ، نۇرغۇن سىرلىق گەپلەرنى قىلىشقانلىقىنى قىياس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەزگۈر ۋۇجۇدىدا ھەم رەشك، ھەم ھەسەت ئوتى بىر ۋاقىتتا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابقا سالدى!

ھەسەت بىلەن گۇمانخورلۇق ئەزەلدىن قوشكېزەك،

ھەسەتخور ئادەملەر جەزمەن گۇمانخور كېلىدۇ! ئۇ باشقىلارنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىنى بەكمۇ ئاقىل ھېسابلايدۇ. بۇ ئىللەت گۈلنازغا خېلى بۇرۇنلا يۇقۇپ، يۈرىكىگە سىڭىپ كەتكەنىدى!

ئۇ ئايچېچەكنىڭ چەت ئەلدە قازانغان شان ـ شۆھرەتلىرىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى ئېچىشقىنىدىن نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئايچېچەك دېگەن بۇ «كۇشەندە» ئەمدى ئۇنىڭ كونا ئاشنىسى، يۆلەنچۈكى قۇربانوفنىمۇ تارتىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى! ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟! گۈلنازنىڭ ئازابلىق يۈرىكىدىن كۈچلۈك بىر نىدا كۆتۈرۈلدى: ھەي غەپلەتتە ياتقان چوكان، تېزدىن ھوشۇڭنى تاپ! بولمىسا، ھەممە نەرسىدىن ـــ نام ـ ئاتاقتىن، شان ـ شەرەپتىن، ئۆيۈن ـ كۈلكىدىن بىراقلا مەھرۇم قالىسەن! ئايچېچەك سېنىڭ ئورنىڭنى، ئابرويىڭنى، رىزقىڭنى ئەكېتىۋاتىدۇ! يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن! ئۇنىڭغا ئېتىل! تاشلان، يەرگە ئۇر! . . .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

## تۇنجۇققان سۆيگۈ

### 1

قۇياش چىقتى، بۇ ھەيۋەتلىك، ئوتلۇق شار لوئۇرىي سارىيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى قىزىللىققا پۈركىدى. ئۇنىڭ تالا - تالا زەر نۇرلىرى ئاسمان - پەلەك بىنالاردىن ئۆتۈپ، زېمىنغا يېيىلدى. يېشىللىققا پۈركەنگەن چەكسىز گۈزەل شەھەر ئەتىگەنكى يامغۇردىن كېيىن نۇرلىنىپ، كۈمۈشتەك پارقىرىدى.

ئەكرەم مېھمانخانا بىناسىدىن چىقىپ، بوناپارت كوچىسىدىكى كىلارانىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. كىلارا ئاخشام تېلېفون بېرىپ ئۇنى چاقىرتقانىدى. ئەكرەم يىگىرمە مىنۇتتا قالماي ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

ئۆي يورۇق ۋە ئازادە ئىدى. دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىغا لويى XVI دەۋرى پاسونىدىكى يېزىق ئۈستىلى قويۇلغان، مىسىرنىڭ ئەنجۈر ياغىچىدىن ياسالغان بۇ يېزىق ئۈستىلىگە ناھايىتى چىرايلىق ۋە نەپىس ئويمىلار ئويۇلغانىدى. ئۇنىڭ سالاپىتى ئالدىدا باشقا سايمانلار بىر ئاز چېنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، مەسىلەن، مېھمانخانا ئاستىغا سېلىنغان نىمكەش سۇنئىي گىلەم، ئىككى چىغ ئورۇندۇق، پاكار پۇتلۇق بىرنەچچە دىۋان، ياغاچ كارىۋات. . . بامبۇكتىن ياسالغان بىر پۇتلۇق شىرە

ئۇستىگە كۆز قارىچۇقى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن بىر نىگىرنىڭ باش ھەيكىلى قويۇلغانىدى. دېرىزىنىڭ قارشىسىدىكى تامغا بولسا، XIX ئەسىردىكى فرانسىيە رەسسامى ئەنگىرنىڭ «بۇلاق» ناملىق مەشھۇر ماي بوياق رەسىمى ئېسىلغانىدى. نۇرلۇق قۇياش دېرىزىدىن ئۆتۈپ، كاۋچۇك تاختايدىن قىلىنغان تام بىلەن ئەيسانىڭ كىچىك مىس ھەيكىلىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

فاتېفوندىن مۇزاتنىڭ «روھنى تىنچلاندۇرۇش كۈيى» ياڭراۋاتاتتى. كىلارا چىغ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، مۇزىكىدىكى خىيالىي گۈزەللىكلەردىن تەسىرلىنىپ مۇڭغا تولغانىدى. ئۇ، ھەتتا ئۆيگە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەلگەن ئەكرەمنىمۇ سەزمىدى.

— نېمىدېگەن گۈزەل كۈي! — دېدى ئەكرەم ۋە مۇزىكىنىڭ لەرزان رېتىمىغا ئەگىشىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پىرقىرىۋەتتى.

كىلارا چۆچۈگەندەك بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن ئەكرەمنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

— قارىڭا سىزنى، شەپىمۇ چىقارماي كىرىپسىز، — دېدى ئۇ ئەكرەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — ئوغرى بولسىڭىزمۇ خېلى ئىشلارنى قىلالايدىكەنسىز جۇمۇ!

— ئەگەر ئوغرى بولسام پەقەت سىزنىلا ئوغرىلايتتىم - دە! — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قارماپ تۇرۇپ.

قىزغىن، تاتلىق سۆيۈشۈشتىن كېيىن، كىلارا قەھۋە دەملىدى، ئاندىن گۈللۈك قەغەزگە ئورالغان بىر تۇگۇنچەكنى ئەكرەمنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەكرەم ئۇنى ئاۋايلاپ ئاچتى. تۇگۇنچەكنىڭ ئىچىدىن بىر جۇپ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى چىقتى، لېنتا قېپىنىڭ ھەر ئىككىسىدە فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە ئۆلچەملىك خەتلەردىن باشقا يەنە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» دېگەن خەت ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ

تۇراتتى. لېنتىنىڭ سىرتى ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەتنىڭ «مۇقام» ناملىق رەڭلىك رەسىمى بىلەن مۇقاۋىلانغانىدى. كۆزگە سىڭىشلىك بۇ خەت بىلەن، بۇ رەسىم ئەكرەمگە تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم كىلارانىڭ ئەقلىگە، جاسارىتىگە، ۋە مېھىر - مۇھەببىتىگە چوڭقۇر ئاپىرىن ئوقۇدى. چۈنكى كىلارا مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى بىلەن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەنىدى.

— پارىژ ئۈن - سىن نەشرىياتى بۇ لېنتىنى تۈنۈگۈن ئىشلەپ بولدى، — دېدى كىلارا چۈشەندۈرۈپ، — بۇنى ئاخشام ئاڭلاپ بېقىشىمغا ئەكەپتۇ، سىز بىلەن بىللە ئاڭلاي دېدىم.

ئۇ شۇنداق دېگەچ بىرىنچى لېنتىنى ئۈنئالغۇغا سالدى. ئۈنئالغۇدىن ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق ھەم دولقۇنلۇق بىر ئايال دىكتورنىڭ ئىسسىق نەپەسى ئىشتىلدى. ئۇ، ئۆلچەملىك فرانسۇز تىلىدا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنى مېنىڭ پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان «ئۇيغۇر خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى توغرىسىدا» دېگەن لېكسىيەمنىڭ قىسقارتىلمىسى، — دېدى كىلارا ئەكرەمگە چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئۇنى مۇقەددىمە ئورنىدا قايتا ئىشلەپ بەرگەن.

دىكتورنىڭ بىرنەچچە مىنۇتلۇق سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، راك مۇقامىنىڭ جۇشقۇن، سەلتەنەتلىك داستانى باشلاندى... بىرىنچى لېنتا ئاساسەن مۇقام بىلەن تۈگىگەنىدى.

— مەن سىلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىر ئۇلۇغ ئەسەر ئىكەن، — دېدى كىلارا بىرىنچى لېنتا تۈگەش بىلەن، — مېنىڭچە ئۇ خۇددى ياۋروپانىڭ كىلاسسىك سىمفونىيىلىرىگە ئوخشاش، ناھايىتى سەلتەنەتلىك، رومانتىك، مەردانە ئىكەن. مەن ئەمدى كېيىنكى ئۆمرۈمنى سىلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامىڭلارنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى دۇنياغا

تونۇشتۇرۇشقا بېغىشلايمەن!

— نىيىتىڭىزگە رەھمەت كىلارا! — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، — سىز ئېيتقاندەك، ئون ئىككى مۇقام ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ، بىباھا ئەسەر. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى! ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى، قايغۇ - شادلىقى، ئارزۇ - ئارمانى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەنە شۇنداق ناخشا - مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، خەلقىنىڭ ئەنە شۇ ھېسابسىز ناخشا - مۇزىكىلىرى سىستېمىلىشىپ، چوڭ نەغمە داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ناخشا، شېئىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل مۇجەسسەملەنگەن زور تىپتىكى كىلاسسىك ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئەسەرگە ئايلانغان. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ھەرگىزمۇ ئون ئىككى مۇقامسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ!... بايا سىز، ئون ئىككى مۇقامنى ياۋروپانىڭ كىلاسسىك سىمفونىيىلىرىگە ئوخشايدىكەن دېدىڭىز، ۋەھالەنكى، مەن مۇقامنى دەرىجىدىن تاشقىرى كىلاسسىك سىمفونىيىلىك ئەسەر دەپ چۈشىنىمەن!

— شۇنداقمۇ، سەۋەبىچۇ؟ — كىلارا ئۇنىڭغا ھەم ھەۋەسلىنىپ، ھەم ھەيران بولۇپ قارىدى.

— سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، — دېدى ئەكرەم ئۆزىگە تەمەننا قويغان قىياپەتتە، — بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقام ئەدەبىيات بىلەن، ئۇسسۇل بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ناخشىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسسۇللۇق ئالاھىدىلىكى بىلەن ياۋروپا سىمفونىيىلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. سىز ئۇنداق قارىمامسىز، كىلارا؟

— سەۋەبلىرىڭىز خېلى يوللۇق، — دېدى كىلارا قايىللىق

www.uyghurkitap.com

بىلەن. لېكىن بىز بۇنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىلمىي جەھەتتە، سەنئەت جەھەتتە ئىسپاتلاپ چىقىشىمىز كېرەك. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن! خوش ئەمدى، ماۋۇ لېنتىنى ئاڭلاپ باقايلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، قېنى قويۇڭ!

ئىككىنچى لېنتا قويۇلدى. ئۇنىڭدا ھەر خىل مەزمۇندىكى خەلق ناخشا - غەزەللىرى، ھەتتا ئورما ناخشىسى، خامان ناخشىسى، توي ناخشىسى، ئەللەي ناخشىسى دېگەنلەرگىچە بار ئىدى. لېنتىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بولسا، دىنىي تۈس ئالغان مۇناجات، ھۆكمەت، مەشرەپ ئورۇن ئالغانىدى. ساتار بىلەن غېجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان مۇنۇ ھۆكمەت خېلى سۈرلۈك ھەم تەسىرلىك چىققانىدى:

ھاۋا بىلەن ئادەم قېنى؟
ئەيسا بىلەن مۇسا قېنى؟
ئىككى ئالەم سەرۋىرى
غوجام رەسۇلۇللا قېنى؟

بۇ ھۆكمەت، مۇناجاتلارنى كىلارا ئېھتىمال خوتەندىكى كۆكمارىم سەيلىسىگە چىققاندا توپلىغاندەك قىلاتتى.

— ئەكرەم، لېنتىلار قانداقراق؟ — دېدى كىلارا چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئەكرەمگە قاراپ، — سىزنىڭچە بوپتۇمۇ؟

ئەكرەم ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئالمان - تالمان:

— بوپتۇ كىلارا، ئالەمچە ئىش بوپتۇ! سىزنىڭ ئەجرىڭىز بىلەن ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىسى فرانسىيە ئاسمىنىدا ياڭرايدىغان بولدى. سىزگە كۆپ رەھمەت! — دېدى ھاياجان بىلەن.

— سىزگە يارىغان بولسا، مەنمۇ ئەجرىمدىن رازى! —

دىدى كىلارا ۋە شىپقاپ كىلىپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدىكى گۆھىرى چاقنىغان كۆزلىرىدە بىر خىل شادىيانىلىك جىلۋە قىلاتتى. ئەكرەم ئۇنىڭ ئاق، يۇمشاق بارماقلىرىنى مېھرى بىلەن قىستى. خۇشاللىقتىن كىلارانىڭ ئاق - سېرىق ۋە پارقىراق يۈزى خۇددى باش باھاردا ئېچىلغان ئۇرۇك چېچىكىگە ئوخشاش يالتىراپ كەتتى.

ئەكرەم ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق ئەركىن تۇتىدىغان مەردانە قىياپىتىگە، قىزلارغا خاس نازاكەت بىلەن جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق بېقىشلىرىغا قاراپ، بۇ قىزنىڭ تۇمۇچۇققا ئوخشاش ئاشۇ نازۇك، ئاجىز ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ھاياتقا بولغان كۈچلۈك بىر ھارارەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ كۈچ ۋە شۇ ھارارەت ئۇنى گۈزەل شەھەرلەردىن ئايرىلىپ، يىراق شەرقتىكى ئوتتۇرا ئەسىر پۇرىقى چىقىپ تۇرغان جاپالىق يەرلەردە ئىشلەشكە، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ، نامرات، نادان خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۈندىگەن! شۇ كۈچ ۋە شۇ ھارارەت ئۇنى يەنە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاللىيەرلەردە كۆمۈلۈپ قالغان دۇردانىلىرىنى تېپىپ، دۇنيا سەھنىسىدە نامايان قىلىشقا چاقىرغان! . . .

ئەكرەم راستتىنلا تەسىرلەنگەن، ھاياجانلانغانىدى، ئۇنىڭ كىلاراغا بولغان ئىززەت ھۆرمىتى، سۆيگۈ مۇھەببىتى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشقانىدى. ئۇ، تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان يىگىت بولغاچقا، شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئېڭىدا كىلارا بىلەن ئۆز يۇرتىدىكى ئاياللار توغرىسىدا پات - پات سېلىشتۇرۇش ۋە ئىزچىل رەۋىشتە توقۇنۇش پەيدا بولۇپ تۇراتتى. كىلارا بولسا، ئالىي تەربىيە كۆرگەن، گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۈستۈن، پەلسەپىۋى ئاڭغا ئىگە، كەسىپچانلىقى كۈچلۈك، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ئىنسانلار ئارا

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتتىكى ئەزىزلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتكەن، مەردانە ھەم قەيسەر ئىدى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر شەكسىز ھالدا، ئۇنى قالتىس بىر ئايال قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى. ئەمدى ئۆز يۇرتىدىكى ئاياللار بولسا، ھېسسىياتى بار، ھەتتا جىنسىي تۇيغۇغا باي، ئانچە - مۇنچە تەربىيە كۆرگەن، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايدىغان، لېكىن بۇنى كىيىم - كېچەك، ئائىلە ۋە ئۆزى بىلەنلا چەكلەپ قويىدىغان، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىستىكى يۇقىرى، ئائىلە بىلەن بالىغا بولغان مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، ھەتتا بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي، نام - نىشانسىز ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئەنئەنە كۆز قارىشى كۈچلۈك ئاياللار ئىدى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر تەبىئىي ھالدا، ئۇلارنى تۆت بۇلۇڭ بىلەن بىر كولۇڭدىن باشقىغا قىزىقمايدىغان، ئائىلە ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىدىغان ۋاپادار خوتۇن، كۆيۈملۈك ئانا قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى!

ئەلۋەتتە بۇنداق سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئەكرەمنىڭ قەلب ئەينىكىدە ھەمىشە ئاشۇ جىلۋىگەر، كۆپنى كۆرگەن، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە تازا باب كېلىدىغان مەردانە خانىمنىڭ سىماسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئىشقىي - مۇھەببەت بىلەن ئۆتكەن ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئەكرەمنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. سىرلىق، سىرلىق خۇپىيانە ئۇچرىشىشلار، لەززەتلىك دەقىقىلەر، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك سىردىشىشلار بۇ ئىككىيلەننى بىر - بىرىگە چىڭ باغلاپ، ھەمىرلاش قىلىۋەتكەنىدى. بۇ كۆڭۈللەردە بۇلارنى ئايرىۋېتىش خۇددى بېلىقنى سۇدىن ئايرىۋەتكەندەك تەس ئىدى. . .

ئەكرەم، قايتىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئايرىلىش پەيتىدىكى مۇدھىش كۆرۈنۈشلەرنى خىيالەن كۆز ئالدىغا

كەلتۈرۈپ، جۇدالىق ئازابى، ئەبەدىي مەھرۇم بولۇش تۇيغۇسى دېگەندەكلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى رېپىتىس قىلماقچى بولغاندەك، پات ـ پات ئىچىدە ئۇنسىز جەڭ قىلىپ، ئازاب ئىچىدە ئىڭراپ قوياتتى. كىلارانىڭمۇ قەلبىدىكى ئازابنى ھەم ئۇنىڭ ئاشكارا ئىپادىلىيەلمەيۋاتقان روھىي ھالىتىنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرغاندەك بولاتتى.

بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە، كىلارا ئەكرەم ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن سوئالنى ئاخىر سورىدى:

— ئەكرەم پارىژدىن قاچانراق قايتماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ئاز قالدى...

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، خېلىغىچە جىممىدە تۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مۇھەببەت ۋە شۇ مۇھەببەت تۈپەيلى پەيدا بولغان ئازاب ۋە كۈلپەت بىلەن تولغانىدى.

كىلارا ئۆزۈندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن بىر گەپنى ئاخىر تەستە دېدى:

— ئەكرەم، سىز كەتمىسىڭىز بولمامدۇ؟ پارىژ سىزگە يارىمىدىمۇ؟

ئەكرەم بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنى ۋە ئۇ ئىچىگە ئالغان مەنىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇمۇ ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— پارىژ ماڭا يارايدۇ كىلارا، ئەڭ مۇھىمى، پارىژدا سىز بار، شۇڭا مەن ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن. لېكىن، مەن باشقا بىر ۋەتەننىڭ ئادىمى، بىزدە «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېزىز» دېگەن گەپ بار، مەن ئەمدى ئۆز يۇرتۇمنى تاپمىسام بولمايدۇ. مەن ئۇ يەرگە ئېھتىياجلىق، ئۇ يەرمۇ ماڭا ئېھتىياجلىق! — ئەكرەم بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، كىلارانى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ چوڭقۇر مېھرى بىلەن سورىدى، — سىز مەن بىلەن كەتسىڭىز بولمامدۇ، كىلارا!

— بولىدۇ، بىللە كېتەي، — دېدى كىلارا خۇددى ئادەتتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىشتەك يەڭگىللىك بىلەن.

— نەدە تۇرىمىز؟ قەشقەردىمۇ، خوتەندىمۇ ياكى ئۈرۈمچىدىمۇ؟

— سىز نەدە تۇرۇشنى خالىسىڭىز شۇ يەردە تۇرىمىز!

ئەكرەم ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى، ئېتىقادى، دىنى، ئىرقى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر فرانسۇز قىزىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئاڭ پىكرىدىن تېخى ئۈزۈل - كېسىل ھالقىپ چىقىپ كەتمىگەن خەلقىنىڭ كۆزى ئالدىدا «خوتۇنۇم» دەپ يېتىلەپ يۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخى مۇشكۈل ئىدى! كىلارامۇ خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك:

— ئەكرەم، مېنى سىز ئاشۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، — سىزنى دېسەم ئەلۋەتتە سىز بىلەن بىللە دوزاخقىمۇ كۆنگۈم بار، لېكىن ئادەم جەمئىيەتتە ياشايدۇ. جەمئىيەتتىن، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ يەنە تۇرمۇش ھەققىدىكى بىر تالاي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەكرەم چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى. كىلارانىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتە ئەكرەممۇ بۇنى قوبۇل قىلالتتى ھەم قوللايتتى. لېكىن ئەمەلىي جەھەتتە بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. چۈنكى بۇ، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى سىڭىپ كەتكەن ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشىغا تەئەللۇق ئىش ئىدى. بۇ خىل قاراش كىلارادەك، ئەكرەمدەك كىشىلەرنى خۇددى زەھەرلىك بوغما يىلان چىرمىۋالغان جانلىقتەك ھالسىرىتاتتى، تۇنجۇقتۇراتتى! . . .

ئەكرەم ئاخىر كۆڭلىدىكى راست گەپنى ئېيتتى:

— راست، بىز سىز دېگەندەك شاھمات تاختىسىدىكى پېشكىغا ئوخشاش سىياسەتنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ، مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە، مەجبۇرلىشىغا ئۇچراپ تۇرىمىز!

كىلارا «چۈشىنىمەن» دېگەندەك، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. راست، ئۇ، چۈشىنەتتى، چۈنكى ئۇ ئەكرەمنىڭ ۋەتىنىنى كۆرگەن، ئۇ يەردىكى ھەر قاتلام، ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن خېلى قويۇق ئارىلاشقان، ئۇلارنىڭ ئاڭ پىكرى، ئەخلاق قارىشى، مەدەنىي ھاياتى دېگەنلەر بىلەن خېلى چوڭقۇر تونۇشقان. بۇ جەرياندا، ئۇ شۇنى ھېس قىلغانكى، قالاقلىق، نادانلىق، نامراتلىق كىشىلەرنى يۈرەكسىز، ئىنتائەتچان، ساختا شۆھرەتپەرەس قىلىپ قويغان. بۇ ئەلۋەتتە قايسى بىر شەخسنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان شۇ دەۋرنىڭ سەۋەنلىكى ئىدى! شۇڭا ئۇ، ئەكرەم ئېيتمىسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردىنى، تەڭلىكىنى، نادامىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئەمدى ئۇلار بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىدى. ئۆزلىرىنىڭ كەسپى، قىزىقىشى ۋە نۆۋەتتىكى ئىشلىرى توغرىسىدا قىزىقارلىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. چۈشتە بازارغا چىقىپ، بىللە غىزالاندى. ئاندىن سەيلە قىلىش ئۈچۈن، پاتىنىل كوچىسى مەركىزىدىكى باغچىغا كەلدى.

باغچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. ئەتىگەنكى يامغۇر ھاۋانى تازىلاپ، زۇمرەت ئاسماننى سۈزۈك ئەينەكتەك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئىللىق قۇياش نۇرىدىن نۇر ئەمگەن سېرىنگۇللەر غۇچچىدە غۇنچىلىغانىدى. سوغۇققا چىدامىلىق شەمشاد يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا توق يېشىل كۆرۈنەتتى...

ئۇلاردىن بىرنەچچە قەدەم يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋېناسىنىڭ تاش ھەيكىلى ئۇلارغا سوئال نەزەرىدە قارىغاندەك گىدىيىپ تۇراتتى. غەرب تەرەپتىن چۈشكەن قىيپاش كۈن نۇرى

www.uyghurkitap.com

ۋېناسىنىڭ يېتىلگەن ئەمچىكىنى يالتىرىتىۋەتكەندى. بىر توپ باللار ھەيكەلنىڭ ئەتراپىدا چۇرقۇرىشىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى. قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن باغچىدىن ھەر خىل ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلار بىلەن خىلمۇ خىل تاشلاندۇق نەرسىلەرنىڭ ئەبجەش پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى...

ئۇلار باغچىدا بىرەر سائەتتەك سەيلە قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچقاندىن كېيىن، كىلارا ئۈن - سىن نەشرىياتىغا كەتتى. ئەكرەم بولسا باغچىدىن چىقىپ، شەھەر كوچىلىرىنى نىشانسىز كېزىپ يۈردى.

## 2

كىلارادىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىسىلا ئەكرەمنىڭ ئىچى ئاچچىق بولاتتى. ئايرىلىشتىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسلەش، سېغىنىش، ئازاب ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە ناقابىل ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ مېھمانخانىغا قايتىشنى خالىمىدى. ئۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇھ تارتىشتىن، بازار ئايلىنىپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىنى ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تۇرۇپلا «مىڭ مارت» دېگەن يەرگە بارغۇسى كېلىپ قالدى. بۇ يەر توغرىسىدا ئۇ، باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى تېخى بېرىپ باقمىغانىدى. بۇ يەر پارىژدىكى مەشھۇر «ئاق چېركاۋ» نىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ XIX ئەسىردە فرانسىيىدىكى «تەسىراتپەرەس» رەسساملار① بۇ يەرگە توپلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، شۇ ئەنئەنە بويىچە بۇ يەر ھازىرمۇ كوچا

① — كونىلىقنى تاشلاپ يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچىلەر.

سەنئەتكارلىرى بىلەن رەسساملىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركىزى بولۇپ قالغانىدى.

ئەكرەم «مىلڭ مارت»نى ئايلىنىپ، ئۇ يەردىكى قىزغىن مەدەنىي ھاياتنى كۆردى. ھەرخىل كىيىنگەن، ھەرخىل قىياپەتتىكى رەسساملار نەق مەيداندىلا ماھارەت كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ پورترېتىنى، قىياپىتىنى ۋە ھەر خىل مەنزىرىلەرنى سىزىپ پۇل تاپاتتى. بىر قىسىم سەنئەتكارلارمۇ دوقمۇش - دوقمۇشتا ئادەم توپلاپ، مۇزىكا چالاتتى، ناخشا ئېيتاتتى، سېھىرگەرلىك قىلاتتى. ئەكرەم ئىككى - ئۈچ رەسسامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ پورترېت سىزىشتىكى چاققان، ئۇستىلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تالانتىغا، ماھارىتىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدى. بۇ رەسساملار قارىماققا، سالپا - سۇلپا كىيىنىپ، چاچلىرىنى، ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈپ، بىر خىل مىسكىن، ئاۋارە قىياپەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چەبدەس، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئەكرەم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، خورىماس بىر مەنىۋى قۇدرەتنى كۆرگەندەك بولدى. . .

«ئاق چېركاۋ» نىڭ تۆۋەن تەرىپىدە «قىزىل چىراغ» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىر رايون بار ئىدى. ئەكرەم «مىلڭ مارت»تىكى سەيلە - ساياھىتىنى تۈگىتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا شۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنى بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە رەڭ جۇلالىرى بىلەن يەڭگىل شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئۆزىگە تارتقانىدى. خېلى كەڭ ۋە ئازادە بۇ كوچا ئۆزىگە خاس تۇرمۇش رىتىمى ۋە ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن پارىژنىڭ باشقا كوچىلىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى پۈتۈنلەي پاھىشىخانا، ئىشرەتخانا، قىمارخانا، جىنسىي بۇيۇملار ماگىزىنى، كەچلىك كۇلۇب دېگەندەكلەر بىلەن

تولغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى كۆركەم، ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەنىدى.

ئەكرەم بۇ كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، خۇددى تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورققان ئوغرىدەك، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ، تەمتىرەپ، پۇتلىرىنى چىڭ دەسسەپ ماڭالماي قالدى، چەكچەيگەن كۆزلىرىمۇ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارايتتى. ئۇ ماگىزىنلارغىمۇ باش تىقماي سىرتتىن قاراپلا تېز - تېز ئۆتۈپ كېتەتتى، لېكىن بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. چۈنكى بۇ يەردىكى رەڭگا - رەڭ ۋىۋىسكىلارغا ناھايىتى گۈزەل، چىرايلىق قىزلارنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشتىكى رەسىملىرى ئېسىلغانىدى. ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئىچىدىمۇ بىرنەچچە قىزنىڭ كىيىم سېلىش ئۇسۇلىنى ئويناۋاتقان چاغدىكى فوتو سۈرەتلىرى قويۇلغانىدى.

ئەكرەم كەسپىي ھېسسىياتىنىڭ قوزغىلىشى تۈپەيلىدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ يەردە بىر ئاز توختاپ قالدى ۋە رەسىملەرنىڭ ئالدىدىن نەچچە قېتىم ئۇياق - بۇياققا ئۆتتى. شۇ چاغدا كۈلۈبىنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان بۇرۇتلۇق، پاكار بوي، ئۇستىگە قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بانتىك تاقىغان بىر مۇلازىم ئەكرەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، فرانسۇزچە بىر نېمىلەرنى دېدى. ئەكرەم «گېپىڭنى چۈشەنمىدىم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، «نو... نو...» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى. مۇلازىم ئارقىدىن ئىنگلىزچە بىر نېمىلەرنى دېدى، ئەكرەم يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ «نو... نو...» دەپ تۇرۇۋەردى. شۇ چاغدا مۇلازىم ناھايىتى ئەدەپ بىلەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېۋىدى، ئەكرەم بىردىنلا خۇشال بولۇپ ھاياجان بىلەن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!» دەپ قىزغىن سالامياندۇردى. لېكىن مۇلازىم ئارقىدىنلا يەنە فرانسۇزچە سۆزلەپ، ھەر خىل ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن ۋىۋىسكىنىڭ يېنىغا ئېسىلغان باھا تاختىسىنى

كۆرسەتتى. باھا تاختىسىنىڭ خېلى تۆۋەن تەرىپىدە «300 فرانك» دەپ يېزىلغان ئەرەبچە رەقەم بار ئىدى. مۇلازىم قوللىرىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قاش ـ كۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ، «مانا قاراڭ بەك ئەرزان، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆرىسىز، ھۇزۇر ئالىسىز...» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۇقتۇردى. ئەكرەم تۆت تەرىپىگە ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ، ئۆزىچە تەشۋىشلىنىپ تۇرىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بۇ ئالىيېشىل دۇنيانىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى خالايتتى. ئۇنىڭدىكى سەنئەتكارغا خاس كەسپىي بۇرچ ۋە قىزغىنلىقمۇ ئۇنى تۇرمۇشنىڭ بۇ ئالاھىدە قايىنىمىغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئەنە شۇنداق بىر غايىبانە كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غەيرەتكە كەلدى، كۆڭلىدىكى دەككە ـ دۈككىمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. ئۇ، مۇلازىمنىڭ ئارقىدىن غۇۋا يورۇپ تۇرغان كارىدورغا كىردى. مۇلازىم ئۇ يەردىكى قىپ ـ قىزىل بىر دۇخاۋا پەردىنى قايرىۋىدى، ئىچكىرىدىن، سالاپەتلىك بىر ئادەم چىقتى. ئۇ فرانسۇزچە بىر نەرسىلەرنى دېدى! ئەكرەم بولسا، «ئويۇن كۆرەمسەن؟» دەپ سورىغان ئوخشايدۇ، دېگەن قىياس بىلەن ئالدىراپلا «ۋى» (ھە) دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئەكرەمنى زالنىڭ ئارقىدىكى ئۇزۇنچاق دىۋانغا باشلىدى. ئەكرەم دىۋانغا ئولتۇرۇپ، زالغا سەپسالدى. زال كىچىك، ئىللىپىس شەكلىدە بولۇپ، قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت سەھنىنىڭ رەڭدار چىرىغى بىلەن ئالدى تەرەپتە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ باشلىرىلا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار شاراپ ھەم قەھۋە ئىچكەچ، سەھنىدىكى قىزلارنىڭ لەرزان ئۇسسۇلىدىن، كىيىم سالغان ۋاقىتتىكى سىرلىق ھەرىكەتلىرىدىن، ھېسسىياتنى غىدىقلىغۇچى چىرايلىق، ئاپئاق يالىڭاچ بەدەنلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ، بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە چۆمۈپ ئولتۇرۇشاتتى...

www.uyghurkitap.com

ئەكرەمنىڭ كۆزى قاراڭغۇغا ئۆزلەشكەنسېرى، زالدا يەنە سۈت رەڭ سىپتا رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان ئىككىنچى قەۋەتنىڭمۇ بارلىقىنى، رېشاتكىلارنىڭ ئاراشلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك - كىچىك ھۇجرىلاردىن يېرىم يالىڭاچ قىزلارنىڭ كىرىپ - چىقىپ تۇرغانلىقىنى ئىلغا قىلدى. دېمەك، بۇ ھۇجرىلار ئاشۇ جادۇ كۆز، نازۇك بەدەن قىزلارنىڭ خالىغانچە «مېھمان» كۈتىدىغان ئىشرەتخانىلىرى ئىدى!...

ئەكرەمنىڭ دىققىتىنى تۇيۇقسىز يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان يىگىرمە ياشلاردىكى غۇنچە بوي، مىق - مىق بەدەن قىز بۆلۈۋەتتى. ئۇ بوي تۇرقى كېلىشكەن، ئورۇق - سېمىزلىكتە ئوتتۇراھال قىز ئىدى، يىگىتلەرنىڭ يېنىدا خۇددى كۈيلىگەن مارالدەك ئويناپ، زوخچۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاق ۋە يۇمران بەدىنىدە قارا لىپتىك بىلەن ئىككى ئىللىك قارا كۇساردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى، ھەممە يېرىدىن ئادەمنى مەست قىلغۇچى ئەتىرنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. قىز ئەكرەمگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى ۋە چىرايلىق تىللىرى بىلەن تومۇچۇقتەك ۋىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. شۇ تۇرقىدا، ئەكرەم بىردىنلا ئىلھامى قوزغىلىپ، قىزنىڭ شۇ ھالەتتىكى رەسىمىنى سىزىشقا تەقەززا بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ رەسىم سىزىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ، قىزنىڭ ئوماق - مەردانە قىياپىتىنى كۆزىگە خاتىرىلىۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ، سەپسېلىپ قارىدى. قىز ئەكرەمنىڭ بۇ مەستانە ھالىتىنى باشقىچە چۈشەندى بولغاي، ئاپئاق بىلىكىنى ئۇنىڭ بويىنىدىن ئۆتكۈزۈپ، جىنەستىدەك قىپ - قىزىل، يۇمشاق لەۋلىرى بىلەن ئەكرەمنىڭ يۈزىگە، ئاغزىغا چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى. ئەكرەم بۇ تۇيۇقسىز، يېقىملىق ھەرىكەتتىن دەسلەپ تەمتىرەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، كېيىن بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك، ئالمان - تالمان

ئۆزىنى قاچۇردى. شۇ چاغدا، ئېگىز بويلۇق، چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر مۇلازىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر دەپتەرنى كۆرسەتتى.

ئەكرەم دەپتەردىكى نۇرغۇن خەتلەر ئارىسىدىن «ۋىسكى» دېگەن بىر خەتنى تونۇدى ۋە شۇنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. مۇلازىم هايال بولماي بىر رومكا ۋىسكىنى كۈمۈش پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئەكەلدى. ئاندىن ئەكرەمنىڭ يېنىدىكى قىزنى كۆرستىپ، قول ئىشارىتى بىلەن: «بۇ قىزنى بىرەر بوتۇلكا شامپان بىلەن مېهمان قىلمامسىز!» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۇقتۇردى. ئەكرەم مەردلىك بىلەن «ۋ» دېگەن جاۋابنى بەردى. مۇلازىم يەنە هايال بولمايلا، كىچىك سېۋەتتىكى هەر خىل گۈللەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان بىر بوتۇلكا شامپان هارىقىنى ئەكېلىپ، ناهايىتى سىلىق ۋە چاققان هەرىكەت بىلەن قىزغا بىر رومكا قۇيۇپ بەردى. قىز ئەكرەم بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى.

سۇپسۇزۇك قىزىل ۋىنو هەر ئىككىيلەننىڭ بەدىنىدە بىر خىل يېقىملىق هارارەت دولقۇنى پەيدا قىلدى. قىز تېخىمۇ يېقىن سىلجىپ، ئەكرەمنىڭ بەدىنىگە چاپلاشتى. ئۇنىڭ يۇمشاق بۇدرۇق، ئىسسىق تېنى دەسلەپ ئەكرەمنىڭ بىلەك ۋە مۈرىلىرىگە تەگكەن چاغدا، ئەكرەم خۇددى ئوت ـ ئاتەش بىر نەرسىگە يېقىنلاشقاندەك، بەدىنىدە ئىللىق هارارەت پەيدا بولۇپ، ۋۇجۇدى تاتلىق، لەززەتلىك بىر سېزىمدىن ئېرىپ كەتكەندەك بولغانىدى. لېكىن كېيىنچە قىزنىڭ تولغان، يۇمران كۆكسى ئۇنىڭ كالتە يەڭ كۆڭلەكلىك ئوچۇق بىلىكىگە خېلى ئۇزاق سۈركەلگەندىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى هېچقانداق ئىسسىقلىق سەزمىدى. چۈنكى شۇ تاپتا، هەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىك ۋە تەشۋىشتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ، پېشانىسىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەر چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى هالىتىنى، تۇرقىنى گويا

www.uyghurkitap.com

بىرەر خىزمەتدىشى، كەسىپدىشى ياكى ۋەتەندىشى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇلار ئۇنى ئەتە يا ئۆگۈن چوقۇم يىغىندا ئۆرە تۇرغۇزۇپ، «ئۇ پارتىيىدا يەر ئاستى كۇلۇبىغا، پاھىشىخانىلارغا كىرىپ، ۋەتەننىڭ يۈزىگە قارا سۈرتتى، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى داغ چۈشۈردى، ۋەھاكازا...» دەپ، بىرمۇ بىر ھېساب ئالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى...

ئەكرەم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىشىدا، ھەم ئازاب، ھەم نادامەت بار ئىدى. ئۇنى شۇ تاپتا، بىر تەرەپتىن يىگىتلىك غۇرۇرى ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتى قىيناپ، نەپسىنى ئىزا تارتتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن سىياسىي تۇيغۇ بىلەن كۆزگە كۆرۈنمەس ئىجتىمائىي قائىدە - نىزاملار ئۇنى كۆز ئالدىدىكى بۇ تېگىشلىك مەئىشەتتىن چەكلەپ، مەھرۇم قىلىۋاتاتتى!...

شۇ پەيتتە، ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، ئۇ ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل، باياشات، تىنچ دۇنيانىڭ كەينىگە جاھىل، ساختا شۆھرەتكە تولغان، ھەسرەت ۋە نادامەت ئىلكىدە داۋالغۇۋاتقان كونا، ئەنئەنىۋى بىر دۇنيا يوشۇرۇنغانىدى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈش تېخى ئەكرەمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ يەنىلا تەقدىرگە تەن بېرىپ، ياۋاشلىق بىلەن بۇ دۇنيادا ياشىشى كېرەك ئىدى.

سەھنىدىكى ئويۇن بارغانسېرى قىزىپ داۋاملاشتى. كۆركەم زىننەتلەنگەن بۇ كىچىككىنە سەھنە نازۇك بەدەن قىزلارنىڭ ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان مەيدانغا ئايلاندى. ئۇلار دەسلەپ، شوخ يېقىملىق مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى، كېيىن بىر خىل نازاكەتلىك ھەرىكەت بىلەن ئاۋۋال لىفتىكىنى، ئارقىدىن كۇسىرىنى سىلىۋەتتى، تاماشىبىنلار قىزغىن چاۋاك ياڭراتتى. ئۇلارنىڭ مەستانىلەشكەن كۆزلىرى سەھنىگە — ئاشۇ قىپيالىڭاچ ھالدا پىرقىراپ، ئۆزىنىڭ

چىرايلىق نازۇك فىگۇرىسىنى ئۇچۇق ۋە تولۇق نامايان قىلىپ يۇرگەن ئۇسسۇلچى قىزلارغا تىكىلگەنىدى. قىزلار ئۇلارنىڭ ئاللىقانداق ئىستەكلەردە چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىر مەھەل ئالىچەكمەن قىلىپ، ئاستا - ئاستا سەھنىدىن چىقىپ كەتتى، بۇ خىل ھەرىكەت ۋە ھالەت يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. . .

ئويۇن تۈگىشى بىلەن ھېلىقى ئىگىز بويلۇق مۇلازىم ھېسابات قەغىزىنى كۆتۈرۈپ، ئەكرەمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەكرەم ئۆز ھېساباتىغا يېزىلغان ئىككى مىڭ ئىككى يۈز فرانك» دېگەن خەتنى كۆرۈپ ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا بار يوقى مىڭ فرانكتەك پۇل بار ئىدى. ئەكرەم ئۆزىنى توختىتىپ، سەل - پەل ئېسىنى يىغىپ، ھېسابات قەغىزىگە سىنچىلاپ قارىدى: بېلەت باھاسى، ۋىسكى پۇلى، شامپان پۇلى، تاماكا پۇلى، كوتوش پۇلى دېگەندەكلەر قوشۇلۇپ توققۇز يۈز فرانك دەپ يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا بىر مىڭ ئۈچيۈز فرانك دەپ يېزىلىپ، يېنىغا «مادام» دەپ[1] ئەسكەرتىپ قويۇلغانىدى. ئەكرەم مانا شۇ «مادام» دېگەن گەپتىنلا ئۆزىگە بىر قىزنىڭ ھەمراھ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ باھاسى بىر مىڭ ئۈچيۈز فرانك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. دېمەك، بۇ ئەكرەمگە يۆلەنگەن بىھۇدە چىقىم ئىدى. شۇڭا ئۇ، مۇلازىمنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئېلىپ، «مادام» دېگەن يەرگە يوغان سوئال بەلگىسىدىن بىرنى قويۇپ قويدى. لېكىن مۇلازىم ئۇنىڭغا: «سەن كىرگەندىلا، قىز لازىممۇ دېسەك، ھەئە دېگەن ئىدىڭغۇ؟!» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۇقتۇردى. راست، ئەكرەم ئىشىكتىن كىرگەندىلا، ھېلىقى سالاپەتلىك ئادەمنىڭ گەپلىرىگە «ۋ» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېگىلىشقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن

---

① مادام — فرانسۇزچە قىز دېگەن مەنىدە.

ئۇ قىزغا زادىلا چېقىلمىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىھۇدە شۇنچە كۆپ پۇل تۆلەيدۇ؟! بۇ خۇددى «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ» دېگەندەك ئەلەم قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟!..

شۇڭا ئۇ، مۇلازىمنىڭ قولىدىكى دەپتەرنى يەنە ئېلىپ، ھېلىقى «مادام» دېگەن يەردىكى سوئال بەلگىسىنىڭ يېنىغا يوغان ئۈندەش بەلگىسىدىن بىرنى قوشۇپ قويدى. لېكىن، مۇلازىم جاھىللىق بىلەن ئۆز گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋەردى.

شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ، ھېلىقى قىز ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ مۇلازىمغا چۈشۈلداپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. مۇلازىم نېمە دېيىشنى بىلمەي، يەنە بىرسىنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن قارىغاندا، مۇشۇ كۇلۇپنىڭ خوجىدارىدەك قىلاتتى. قىز ئۇنىڭغىمۇ ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېدى. ئەكرەم ئۇنىڭ سۆز ــ ھەرىكەتلىرىدىن: «ئۇ ماڭا راستىنلا چېقىلمىدى، مەن شۇنچە قىلساممۇ، ئۇ بۇتتەك ئولتۇردى...» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۇقتى، ھېلىقى خوجىدار بىلەن مۇلازىم خېلى قاتتىق پوزىتسىيە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىز چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاقتۇردى. ناتونۇش بىر قىزنىڭ بۇنداق سەمىمىي راستچىللىقى ئەكرەمگە ئۇنى بايىقىدىنمۇ ئوماق، چىرايلىق ۋە يېقىملىق كۆرسىتىۋەتتى...

مۇلازىم ئامالسىز ھېسابات قەغىزىنى ئېلىپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن قايتا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ قېتىمقىسىدا، نەق توققۇز يۈز فرانك دەپ يېزىلغانىدى.

ئەكرەم قىز بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇ گەرچە مۇشۇنداق ئىشرەتخانىلاردا نومۇسىنى سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ناپاك ئاياللاردىن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى سەمىمىي راستچىللىقى، ئەخلاق ــ پەزىلىتى ۋە ھېسداشلىقى ئۆزىنى

ناھايىتى ئالىيجاناب ھېسابلايدىغان، ئەمەلىيەتتە كىچىككىنە پۇل ۋە نەپ ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىپ، راست بىلەن يالغاننى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ئادەمنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان خېلى ـ خېلى ئىپىسلىزادىلەردىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى! . . .

ئەكرەم كۆلۈپتىن قايتىپ چىقتى. ئۇ بۇ يەردە خېلى چىقىمدار بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىرگىنىگە پۇشايمان قىلمىدى. ئۇ سەنئەتكارغا خاس نەزەر بىلەن ئۇ يەردە ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر مۇنچە گۈزەللىكلەرنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆرگىنى يالغۇز ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان جىسمانىي گۈزەللىكلا ئەمەس، بەلكى بىر ئۆمۈر ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان مەنىۋى گۈزەللىك ئىدى!

ئەكرەم يولدا كېتىۋېتىپمۇ، ياتاققا بارغاندىن كېيىنمۇ شۇ قىز توغرىسىدا ئويلىدى. ئۇنى ئاشۇ ھالەتتە مودېل قىلىپ، رەسىمنى سىزغۇسى، ئۇ رەسىمنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ قويغۇسى كەلدى. شۇ ئەسلىمىلەر بىلەن ئۇ، بۇ كېچە كىلارا توغرىسىدىكى ھەسرەتلىك خىياللاردىن خالىي بولۇپ قالدى.

## 3

جۇدالىق كۈنلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئەكرەم قايتىش ئۈچۈن، جىددىي تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. بۇ داغدۇغىلىق ئۇزىتىش مۇراسىمىنى كۆرۈپ، كىلارانىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئېھتىرام تۇيغۇسى قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك يۈرىكىدىن، جۇدالىق ئازابى، ئەبەدىي مەھرۇم بولۇش تۇيغۇسى قىلچە يوقالمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىتە كۈلكە پەيدا بولدى. بۇ ئىپتىخارلىق، لېكىن مەيۈسلۈك؛

ئىلاجسىزلىق، لېكىن تەشنالىق كۈلكىسى ئىدى. . .

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ، بەئەينى ئۆلۈكتەك سۇرلۇك ھالەتكە كەلدى. . .

كىلارانىڭ قەلبىدە ئويغانغان مۇھەببەت سەبى ۋە چىن ئىدى. ئۇ يىگىرمە بەش يىللىق ھاياتىدا، بىر مۇنچە يىگىتلەرنى ياخشى كۆرۈپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنى ئەكرەمگە ئوخشاش ئاشىقلارچە سۆيمىگەنىدى. شۇغىنىسى ئۆمرىدىكى يات بىر مىللەت يىگىتكە بولغان بۇ ئىلاھى سۆيگۈ ئۇنىڭغا بەختتىن كۆرە دەرد ـ ئەلەم، خۇشاللىقتىن كۆرە، ھەسرەت ـ نادامەتنى كۆپرەك ئەكەلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇنداق روھىي ئازابلار پۈتۈنلەي بىھۇدە، پۈتۈنلەي سۈنئىي ۋە پۈتۈنلەي بىنورمال ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئىنسانىي تەسەۋۋۇرىدىن، كىشىلىك قىممەت قارىشىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىدى. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇشتا بولغان بۇنداق ھەيرانلىق، تەئەججۈپ تۇيغۇسى ئۇنى بىھوشلۇق ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. مۇھەببەت ھېسلىرىدىن ئېرىشكەن روھىي شادلىقى ئۇنى ئۆز ئىختىيارىدىن چەتنىتىۋەتتى. ئۇ، قانداقتۇر بىر خىل مەيۈسلۈك، رەنجىش ۋە نارازىلىق ئىرادىسى بىلەن رېئاللىققا، كەلگۈسىگە تاقابىل تۇرماقتا ئىدى!

تاڭ سەھەرنىڭ كۆكۈش سۈبھىسى تېزلا كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئورنىدا كەڭ ئۇپۇق لەرزان ئاقىرىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۈن چىقىشقا سۈرۈلگەن غۇژمەك ـ غۇژمەك بۇلۇتلار قىزغۇچ تۈسكە كىرىپ، پارىژ ئاسمىنىنى يالتىرىتىۋەتتى. . .

ئەكرەم بىلەن كىلارا ئورۇنلىرىدىن تۇردى، يۇيۇندى، بىللە غىزالاندى. سائەت توققۇزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە، چامادانلارنى كۆتۈرۈپ، پارىژ خەلقئارا ئايرودرومىغا قاراپ ماڭدى. ئايروپىلان ئون بىردىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچاتتى.

ئۇلار تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، كۈتۈش ئۆيىدىكى يۇمشاق دىۋانغا ئولتۇرۇشتى. ئەكرەم كىلارانىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭ جۇدالىق قايغۇسى بىلەن مۇڭلانغان كۆزىگە، نادامەت بىلەن ئۆمچەرەپ قالغان يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى. قىزنىڭ تېگى - تېگىدىن گۈزەللىك چىقىپ تۇرىدىغان مەيۈس رۇخسارى ئۇنىڭغا بەئەينى يېڭىلا ئۈزۈۋېلىنغان شەبنەملىك ئەتىرگۈلنى ئەسلەتتى.

كىلارا كۈلدى، لېكىن كۈلكە ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىلا ئىدى. يۈرەك قەلبىدە بولسا، چىدىغۇسىز ھىجران ئازابى بىلەن ئەكرەمنى چايناپ پۇركىۋەتكۈدەك ھەسرەت نادامەت بار ئىدى.

— ئادەم ھەمىشە مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج، ئەكرەم، — دېدى كىلارا! ئوتتۇرىدىكى ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — خەت ئارقىلىق بولسىمۇ، مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى يوللاپ تۇرۇڭ، مەنمۇ سىزگە خەت يازىمەن، ھەمىشە ئەسلەپ تۇرىمەن! . . .

شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چانىقىسى، جىيىكى قىزاردى، لېكىن يىغلىمىدى. كىلارانىڭ بۇ سۆزلىرى ئەكرەمگە خۇددى باچكىنىڭ بۇقۇلدىشىدەك مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى:

— كەسىپتە ئۆرلىشىڭىزگە تىلەكداشمەن، رەسىملىرىڭىزنىڭ پارىژ خەلقئارا كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇشىنى كۈتىمەن! . . .، — كېيىنكى گەپلەر نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بوغۇزىغا كەلگەندە كەپلىشىپ قېلىپ، ئاغزىدىن چىقالمىدى.

چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئېيتىلىۋاتقان بۇ خوشلىشىش سۆزلىرىدە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولۇپ ۋايىغا يەتكەن ئىشق - مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىمۇ، ئۆمۈرلۈك جۇدالىق پەيتىدىكى ناتىۋان بىر قىزنىڭ ئاچچىق پەريادىمۇ، ئايرىلىشقا

www.uyghurkitap.com

قىيالمايۋاتقان ئاشىق كۆڭۈلنىڭ ئاھۇ زارىمۇ، قىسقىسى، شەپقەتسىز تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسى، ھەسرىتى بىلەن نادامىتى بار ئىدى!...

— كىلارا، مەن سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن! — دېدى ئۆپكىسى ئۆرلەپ تۇرغان ئەكرەم ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، — مەن سىزنىڭ، بىزنىڭ يۇرتقا يەنە بېرىشىڭىزنى، ئۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەرنى قېزىپ، دۇنياغا تونۇتۇشىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىزنى كۈتىمەن!...

ئاخىرقى جۇدالىق مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى، ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. كىلارانىڭ كۆزىدە ياش داۋالغۇدى، يۈرىكىدە بولسا، ئاللىقانداق بىر ھەسرەت پىغانى ئۆرلەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋارقىرىغۇسى، ھۆكىرەپ يىغلىغۇسى، قەلبىدىكى جۇدالىق ئەلىمىنى، ئەبەدىلئەبەد غايىپ بولغان بەختسىز مۇھەببىتىنى مۇدھىش ئوت لاۋۇلىرى بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇسى كېلەتتى...

ئۇ ئەكرەمنىڭ مەيۈس، غەمكىن چىرايىغا تىكىلگىنىچە جىممىدە ياش تۆكۈپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ قانچىلىك ئازابلانسۇن، ياش تۆكسۇن، ئەمدى بۇ يەردە ئۇنى زادىلا كۆرەلمەيتتى. تېخى يېقىندىلا، ئەكرەم ئۇنىڭ ھەم بۈگۈنى، ھەم كەلگۈسى ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە مۇھەببىتى پەقەت ئۆتمۈش خاتىرىلىرى بولۇپلا قالىدۇ، خالاس! بۇ شەپقەتسىز ھايات، بۇ لەنىتى رېئاللىق نېمىشقا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىدىغاندۇ؟!...

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، بىردىنلا نەچچە ياش قىرىپ كەتكەندەك، بۇ سۆيۈملۈك دۇنيا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، يەككە - يېگانە تاشلاپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى...

كىلارانىڭ بوزارغان يۈمران لەۋلىرى گويا تۈگىمەس گېپى

باردەك ئۆمەللىنەتتى، مىدىرلايتتى، تىترەيتتى. . .

ئەكرەمنىڭ قەلبىدىمۇ ئاجايىپ بىر ھېسسىيات ئويغاندى. ئۇ قىزغا قاراپ يۈرىكى ئېزىلدى. «جۇدالىق، مەڭگۈلۈك جۇدالىق دېگەن شۇمىدۇ، — ئويلىدى ئۇ ھەسرەت بىلەن، — ئەمدى بىز كۆرۈشەلمەمدۇق؟ بۇ مۇھەببەت بۇگۈن مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىپ، شۇنچە يىراقتا — باشقا بىر قىتئەدە ھەسرەتكە، كۈلپەتكە كۆمۈلۈپ قالارمۇ؟!... ئاھ، خۇدا، بۇ زادى نېمە سەۋدا؟! ئۆز مۇھەببىتىگىمۇ ئىگە بولالمايدىغان قانداق بىچارىمەن؟! مەن نېمانچە قورقۇنچاق، ۋەزنى يوق، ۋاپاسىزمەن؟!...»

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كەلدى. لېكىن بۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇ، يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن بۇ ئاچچىق ياشنى ئىچىگە سىڭىرىۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدىغان كۈچلۈك بىر ئىچكى ئىزتىراپ جۇش ئۇرماقتا ئىدى. «مەن نەگە بارىمەن - ھە؟! — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە ئالدىغا كېتىۋېتىپ، — ئەجەبا، مۇشۇ يەردە قېلىشقا بولمامدۇ؟ مۇھەببىتىمگە، بەختىمگە، تۇرمۇشۇمغا نېمە ئۇچۇن ئىگە بولالمايمەن؟! ئۇنى تاشلاپ نەگە كېتىمەن؟! ئارقىمغا قايتايمۇ - يا؟!...»

لېكىن ئو كېتىۋاتاتتى. خۇددى پۈتى ئىرادىسىگە بويسۇنمىغاندەك، ئالدىغا — ئايروپىلان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ يۈرۈشنىڭ زادىلا ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدى. . .

ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى، ئۇ گاراڭ بىر ھالەتتە ئايروپىلاننىڭ پەلەمپىيىگە ئاياغ باستى. . .

ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇ ھەيۋەتلىك ئاق شۇڭقار پارىڭ ئاسمىنىنى بىر ئايلىنىپ، ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىپ بولدى.

شۇ چاغدا، كىلارا ئۆزىنى تولىمۇ غېرىب، يېگانە ھېس قىلدى. شۇ تۈپەيلى پەيدا بولغان كۆڭۈل سۇنۇقلۇقى ھازىر ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋاتاتتى. ئۇ، ئايرودرومدىن چىقىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، سىنا دەرياسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئەكرەمگە سوۋغا قىلغان تۇنجى سۆيگۈسى، ئۇنىڭغا ئىزھار قىلغان تۇنجى مۇھەببەت سۆزى، بىللە ئايلانغان چاغدىكى كۆڭۈللۈك ئىزلىرى بار ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ يەرلەرگە كېلىپ ئايلاندى. دەريا بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى گويا ھەسرەتلىك كۆزلەرگە ئوخشايتتى، ئىللىق قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان شەبنەملەر بولسا، گويا ئۇنىڭدىن تامچىلاشقا تەييارلانغان سوغۇق ياشتەك كۆرۈنەتتى...

بىر چاغلاردىكى ئەنە شۇ دەريا سۈيىدەك شوخ ۋە ئويناق كۆڭۈل شادلىقلىرىدىن ئەمدى ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھازىر ئۇنىڭغا قالغىنى پەقەت يېگانىلىك، غېرىبلىق، ھەتتا ئاچچىق قايغۇ ھەسرەت بولدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۇنىڭغا دەريا بويىدىكى بۇ يېشىل چىملىق يەر خۇددى لۆمشۈپ تۇرغان سېسىق سازلىقتەك بىلىنىپ كەتتى. چۈنكى، كۆتۈلمىگەن بۇ مەڭگۈ جۇدالىقتىن ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، پۇتلىرى لاكاسلاپ قالغانىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە پارىژدا، پارىژنىڭ قان تومۇرى بولغان سىنا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئەمدىلىكتە كىلارانىڭ كۆز ئوڭىدىن خۇددى تۇمان ئارىسىدىكى دەرەخ، گۈل - گىياھلاردەك خىرە - شىرە ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن ئۆتكەن ئىشلاردىن ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدە قالغىنى پەقەت گۈزەل ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلا بولدى، خالاس!

دەريا بويىدىكى سەيلە كىلاراغا تېتىمىدى، ئۆيگە قايتىشتىن تېخىمۇ قورقاتتى. چۈنكى ئەكرەمنىڭ ئاۋاز - تىنىقلىرى سىڭىپ كەتكەن تام - تورۇسلار ئۇنى قىستاپ تېخىمۇ ئازابلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇياق ئايلىنىپ، بۇياق ئايلىنىپ، ئاخىر

ئازاس كوچىسىدىكى «ليوكسونبورگ» باغچىسىغا كىردى. ھاۋا ناھايىتى ياخشى، كۆك ئاسماندا پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىر توپ بالىلار باغچىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئەتراپىدا چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتتى. بىر نەچچە ستۇدېنت دەرەخ سايىسىدە دەرس تەكرارلاۋاتاتتى. بىر قېرى ئادەم ئاپتاپقا قاقلىنىپ ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتە، بىر نەچچە جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، سۆزلىشىپ ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتاتتى. بەزى بويتاق، تۇللار بولسا، ئاللىقانداق خىياللارغا پېتىپ ئۇيەر - بۇ يەردە تەنھا ئولتۇرۇشاتتى. ياش بىلەن ئىدىيىنىڭ بۇنداق ئارىلاشمىسى بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىگە بىر خىل غەمكىنلىك بىلەن شېرىن تۈس بەرگەنىدى.

كىلارا تارغىنا چىغىر يول بويىدىكى تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر قىز ئۆتتى. ئۇ ياش ھەم چىرايلىق ئىدى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى نېمىدېگەن تېز - ھە؟! يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئاشۇ ناتونۇش چىرايلىق قىزمۇ ئاۋۇ چەتتە ئولتۇرغان ئايالغا ئوخشاش قېرىپ، كۆزىگە قېلىن كۆزەينەك تاقاپ، ياشلارنىڭ مۇھەببىتىگە، چېۋەرلىكىگە، غەيرىتىگە ھەۋەسلىنىپ ئولتۇرىدۇ. كىلارانىڭ ھاياتى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، شەپە چىقارماي ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھاياتتىن ئۇنىڭغا يادنامە بولۇپ قالغىنى — يىراقتا كەتكەن بىر ئەرنىڭ شېرىن ۋە ئاچچىق ئەسلىمىسى بولدى، خالاس! ئۇ، ئەر ئۇنى ئۈمىدسىز قالدۇردى. ئۇنىڭ بارلىق ئەقىدىسىنى، مۇھەببىتىنى، ۋاپا - سۆيگۈسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، يىراقتا — ئۇ ئەمدى كۆرەلمەيدىغان، ۋارقىرىسىمۇ ئاۋازى يەتمەيدىغان باشقا بىر دۇنياغا كەتتى! . . .

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن ئايرىلغان، بايىلا يىراقتا كەتكەن ھېلىقى يىگىت ـــ چارلاشقان قويۇق چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان، كاپكازچە بۇرۇتى قارامتۇل، دۇگىلەك يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان، ئوچۇق كۆڭۈل، مەردانە يۇرىدىغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئاشۇ ئۇيغۇر يىگىتى ھېلىھەم ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۇنى داۋاملىق ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. . .

بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاجايىپ تۇيۇلدى. ئۇ ئازاب ئىچىدە ئىڭرىدى. گويا كىشىلىك ھايات ئۇنىڭغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئازراق بىر نەرسىنى ۋاقتىنچە ئارىيەت بېرىپ تۇرغانۇ، ئەمدى ئۇنىڭدىن شەپقەتسىزلىك بىلەن قايتۇرۇۋالغاندەك تۇيۇلدى. شۇڭا بۇ ئىشلار كىلاراغا بىر تۇرۇپ خىيالىي چۈشتەك تۇيۇلسا، بىر تۇرۇپ ئۆزى ھېلىھەم چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سېزىلەتتى. . .

ئۇ ئادەملەردىن ئۆزىنى قاچۇردى، باغدىن، تەبىئەتتىن كۆزىنى ئالدى. ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشىدا ھەم ھاياجان، ھەم ئاجىزلىق، ھەم غەزەپ، ھەم مۇھەببەت بار ئىدى! . . .

# بەشىنچى باب

# ئاپتاپ ۋە كۆلەڭگە

## 1

سابىر «خانتەڭرى سودا شىركىتى» نىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا خېلى كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى ئۇزۇن يوللاردا ماشىنا ھەيدىگەندىكىدەك ئۇنداق ئەركىن، ئازادە بولالمىدى. ئۇنىڭ ئېغىر بېسىق، كەم سۆز مىجەزى تىجارەتچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك چاققانلىق، زۇۋاندارلىق، ئەپچىللىكلەرگە ئانچە ماس كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئايىغىنى ئىتتىك قىلىپ، كۈچىنى ئايىماي، ھالاللىق بىلەن ئىشلىدى. شىركەت يېقىندا، ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىغا يۈزلىنىش ئۈچۈن، قازاقىستان، قىرغىزىستانلارغا مال چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە مال بىلەن بىر نەچچە ئادەم بىللە چىقىپ، بىر مەزگىل ئۇ يەردە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك ئىدى. شىركەت رەھبەرلىكى ئۇ يەرگە چىقىدىغان ئادەملەرنى بېكىتكەندە، سابىرنى ئويلاشمىدى. سابىرمۇ ئۇنى تەمە قىلمىدى. چۈنكى ئۇ، ئائىلىسى بىلەن ئاران جەم بولغاندا، يەنە ئۇيەر - بۇيەردە قاڭقىپ يۈرگەندىن كۆرە بالا - چاقىسى بىلەن ئارامخۇدا بىللە ياشاشنى ئەۋزەل كۆردى. لېكىن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قۇربانوف دەرھال شىركەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سابىرنى چەتكە چىقىرىش تەلىپىنى قويدى. ئۇ مەزكۇر

شىركەتنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغاچقا بۇنداق ئىشلارغا خېلى دادىل ئارىلىشالايتتى.

— سابىرنى چىقارساق، تازا مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. — دېدى شىركەت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى تەكىتلەپ، — ھېچبولمىغاندا، ھازىرچە بولمايدۇ، ئۇنى كېيىنچە ئويلىشارمىز!

— نېمىشقا؟ — قۇربانوف ئۇلارغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى، — نېمىشقا ھازىر بولمايدۇ؟!

— ئۇ تىجارەت ئىشلىرىغا بەك گال ئىكەن، جۇيجاڭ!

— گال بولسا بىلەپ ئىشلەتسەك بولىۋېرىدۇ، — دېدى قۇربانوف پەرۋاسىزلا، — بۇرۇن تىجارەتنى كىم قىلىپ باققان؟ سىلەر قىلغانمۇ؟ ھازىر ھەممە ئادەم باشتىن ئۆگىنىۋاتىدۇ. سابىرمۇ مۇشۇ ئىشنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ ئۆگىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھالال، پاك، شۇڭا بۇ قېتىم ئۇنى چىقىرىپ سىناپ بېقىڭلار!

— يېقىندا بىر يۈك ماشىنىسى ئالماقچى ئىدۇق، — دېدى دىرېكتور راست گەپنى ئېيتىپ، — سابىرنى شۇنى ھەيدىسۇنمىكىن، دەپ ئويلاشقان!

— ئۇنى قوشتىن ئېلىپ، سۆرەمىگە سالماقچى ئىكەنسىلەردە، — دېدى قۇربانوف سابىرغا بولغان بىر خىل كۆيۈنۈش قىياپىتىدە، — بولدى، ھازىرچە بۇ خىيالىڭلاردىن يېنىڭلار، سابىر ئۇزۇن يىل ماشىنا ھەيدەپ، يولنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان، تويغان، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلساق، بۇ ئىش ئايچېچەككىمۇ بېسىم بولۇپ قالىدۇ. بىز ئۇنى خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم!

قۇربانوف يەنە بىر مۇنچە سەۋەب، پەتىۋالارنى كۆرسەتتى. شىركەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭ كۈچى، تەلىپى ھەم سالاپىتى ئالدىدا ئىلاجسىز قالدى.

قۇربانوفنىڭ بۇ قېتىم سابىرنى چەتكە چىقىرىشقا بۇنداق

كۆچەپ كېتىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سابىرغا بولغان يېقىنلىقى ياكى كۆيۈنۈشىدىن ئەمەس، بەلكى ئايچېچەكنى سابىردەك كۆچلۈك، كۆيۈمچان ھىمايىچىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ شۇم مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ئىدى. ئاخىر ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن سابىر بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىدىغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى بولۇپ ئېلان قىلىندى. سابىر خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدى. لېكىن ئايچېچەك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا سابىرنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ:

— ياخشى بولدى سابىر! سىزمۇ چەت ئەلگە چىقىدىغان بولدىڭىز، چەت ئەللەرنى كۆپرەك كۆرسە ئادەمنىڭ پىكرى ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ قالىدىكەن! — دەپ خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، سابىر بىرمۇنچە مالنى ئېلىپ، ئالما ـ ئاتاغا ماڭدى. ئايچېچەك، ساباھەت ۋە گۈلسۈملەر ئۇنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئايچېچەكنىڭ كۆڭلى خۇشال بولغان بىلەن كۆزى ياش يۇقى ئىدى! . . .

سابىر كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئايچېچەكنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق بىر دوقالغا دۇچ كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە، قۇربانوف ھېچقانداق شەپىسىزلا خۇددى «ئۆياتسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دېگەندەك، ئايچېچەكنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا، قېرىشقاندەك گۈلسۈم ساباھەتنى ئېلىپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى. ئايچېچەك ئوڭايسىزلىنىپ ھودۇقتى، لېكىن يەنە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— ئولتۇرۇڭ قۇربانوف ئاكا، مەن گۈلسۈمنى چاقىرىپ كىرەي، چاي تەييارلىسۇن! ـ دېدى.

— ھاجىتى يوق ئايچېچەك. . . — دېدى قۇربانوف ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، — چاقىرماڭ، ماڭا چاي كېرەك ئەمەس، سىز بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپ ئولتۇراي دەپ كەلدىم.

ئايچېچەك ئىلاجسىز قالدى. قۇربانوف تەكلىپىنىمۇ كۈتمەي ئۆينىڭ تۆرىدىكى دىۋانغا بېرىپ ئولتۇردى. ئايچېچەك ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئۆرە تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ تويغۇن كۆزلىرى قۇربانوفنىڭ تەقى - تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئالىلىق بىلەن شۇملۇقنى سېزىپ بولغانىدى. قۇربانوف بۈگۈن بۇرۇت - ساقاللىرىنى پاكىز قىرىپ، چاچلىرىنى بوياپ، مايلاپ، ئۇچىسىغا ياش باللار ئارىسىدا مودا بولغان رەڭدار تالستوپكا، پۇتىغا گۆش رەڭ پارقىراق شىبلىت كىيىۋالغانىدى. ئۇ، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئايچېچەك بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى زور ياش پەرقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانىدى.

— ئايچېچەك، نېمانچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتىڭىز، كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، — دېدى قۇربانوف ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، — مەندىن نېمانچە قاچىدىغانسىز! . . .

قۇربانوف شۇ گەپلەرنى دېگەچ، يانچۇقىدىن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ يەشتى. تۈگۈنچەكتىن كورېينىڭ ناھايىتى ئېسىل، رەڭدار باش ياغلىقى چىقتى.

— بۇنى سىزگە ئۆتكەندە بېيجىڭغا يىغىنغا بارغاندا ئالغاچ كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ، ياغلىقنى يېيىپ كۆرسىتىپ، — بۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ لايىقىڭىز ئەمەس، سىزگە بويىڭىز بىلەن تەڭ ئالتۇن ھەدىيە قىلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن بۇ كىچىككىنە بولسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم، قوبۇل قىلىڭ!

ئايچېچەك بۇ ئېسىل ياغلىقنىڭ دەسلەپكى يەمچۈك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنى ئېلىپلا قويىدىغان بولسا، قارماققا ئىلىنماي قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ناھايىتى سىپايە، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنى رەت قىلىشقا ئۇرۇندى:

— رەھمەت قۇربانوف ئاكا، مېنى ئەسلەپ سوۋغا ئالغاچ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت. لېكىن، مەن ئەزەلدىن يات بىر ئەر

كىشىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ باققان ئەمەس، مېنىڭ ئورنۇمدا ئايالىڭىزنىڭ ياكى قىزىڭىزنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويۇڭ!

— مەن سىزگە يات ئادەممۇ؟ — قۇربانوف نارازى بولغان قىياپەتتە سورىدى.

— ئىشقىلىپ سابىردىن باشقا ئادەم ماڭا يات ھېسابلىنىدۇ.

— ئايچېچەك، ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلماڭ! — دېدى قۇربانوف ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايچېچەككە يېقىنلاپ كەلدى، — بىر گەپنى ئېيتمىسام بولمايدۇ، بۇ گېپىم سىزگە قىلغان ئۆمۈرلۈك سوۋغام بولۇپ قالسۇن: مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، سىزنىڭ بەختىڭىز، ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن جېنىم پىدا! مەن سىزگە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگىلى نەۋاخ، ئۇتتۇز كۈن روزىنىڭمۇ بىر كۈن ھېيتى بولىدۇغۇ!

— ئۇنداق دېمەڭ، قۇربانوف ئاكا، — ئايچېچەك ئامالىنىڭ بارىچە ئىلمىي ۋە ئىللىق مۇئامىلە بىلەن ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى، — مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە لايىق ئەمەس، سىزنىڭمۇ ئۇنداق ئوي خىياللاردا بولۇشىڭىز ياخشى ئەمەس، چۈنكى بىز ئۆي ئوچاقلىق ئادەم! . . .

— لېكىن، ئايچېچەك، سىز ئالدى بىلەن ئادەم، ئاندىن ئۆي - ئوچاقلىق كىشى!

— ياق قۇربانوف ئاكا، مەن ئالدى بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق كىشى، ئاندىن ئادەم. بىز بۇ تەرتىپنى مۇشۇنداق چۈشىنىشىمىز كېرەك!

— تەرتىپ؟! — قۇربانوف بىزەڭلىك بىلەن ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى، — مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئۇنداق تەرتىپ، قائىدە، قانۇن دېگەنلەرنى چۈشەنمەيدۇ. مەندە نېمە گۇناھ؟! كىم سىزنى مۇشۇنداق چىرايلىق تۇغۇلۇپ، قۇربانوفنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرسۇن دەپتۇ؟! مېنىڭ سىزنى

ياخشى كۆرگىنىم كۆرگەن!...

راست ئۇ، ئايچېچەكنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا قاتتىق مەپتۇن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ مۇھەببىتى باشقىچە بىر خىل مۇھەببەت ئىدى. ناھايىتى كۈچلۈك، ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭلا كويىدا بولىدىغان، ھېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدىغان قارام ۋە تەلۋە مۇھەببەت ئىدى. ھازىر ئايچېچەك ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ ئارامى بولۇپلا قالماي، يەنە كۆڭۈلنىڭ خۇمارى بولۇپ قالغانىدى. بۇ خۇمار تۇتقاندا، ئۇ خۇددى غالجىر ئىتقا ياكى ماۋغا چۈشكەن ئوغرى مۇشۇككە ئوخشاش، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ئار - نومۇسنى ئۇنتۇيتتى؛ ئۆلجىسىغا ئۆزىنى ئاتاتتى، قىيما - چىيما بولۇشتىن قورقمايتتى!...

ئۇ، ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن ئايچېچەكنى قۇچاقلىۋالدى. ئايچېچەك تېپىرلاپ يۇلقۇنۇپ، ئۆزىنى تارتقانسېرى، ئۇ، ئۇنى شۇنچە تەلۋىلىك بىلەن مەھكەم قۇچاقلىدى ۋە تومشۇقىنى سوزۇپ، ئايچېچەكنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە — مەڭزىگە، ئېڭىكىگە، پېشانىسىگە، ھەتتا بۇرنىغىچە سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئاپئاق، پاكىز يۈز - كۆزلىرىنى شالىسى بىلەن شالتاق قىلىۋەتتى. ئايچېچەك قاتتىق قىسىلغىنىدىن دېمى كېسىلىپ، دەم ئالالماي قالدى. ئىككى بىلىكى بىلەن بېلىمۇ قۇربانوفنىڭ چىڭ قاماللىشى بىلەن ئاغرىپ غىرسلاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، جان جەھلى بىلەن تېپىرلاپ ئېلىشىپ، قۇربانوفنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلاي دېگەندە، قۇربانوف ئۇنى يەنە بىرلا كۈچەپ، دېرىزىنىڭ يېنىدىكى لۆم - لۆم كارىۋاتقا بېسىۋالدى. ئايچېچەكنىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىدى. بۇنداق قوپال، نومۇسسىز ھەرىكەت ئۇنىڭ ئىززەت نەپسىگە، غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى. ئۇ ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەن، بوزەك قىلىنغان، ھەتتا ئادەم ئەمەس ئاددىي بىر ئويۇنچۇق سۈپىتىدە خورلانغاندەك ھېس قىلىپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. قۇربانوف تېخىمۇ

ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يەرلىرىنى مۇجۇشقا باشلىغاندا، ئۇ گويا يارىلانغان چىشى شىردەك كۈچ ۋە غەزەپ بىلەن قۇربانوفنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر تەستەك ئۇردى! قۇربانوفنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ، گويا يەل قويۇۋەتكەن توپتەك سالپىيىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئەلەڭلەپ تۇرغاندا، ئايچېچەك چاققانلىق بىلەن ئۇنى بىر يانغا ئىرغىتىۋېتىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى داغدام ئېچىۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— دەرھال چىقىپ كەت، ئىززەت قىلغاننى بىلمەيدىغان لۈكچەك! بولمىسا، پۈتۈن بىناغا ۋارقىراپ، شەرمەندە قىلىمەن!

ئايچېچەك راستىنلا قاتتىق غەزەپلەنگەن، ئاچچىقلانغانىدى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل ۋەھىمىلىك سوغۇق نۇر چاچراپ تۇراتتى. چىشلىرىنىڭ قاتتىق كىرىشىشىدىن جاغ سۆڭەكلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك تومپىيىپ چىققانىدى. ئايچېچەك بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن بوشاڭلىقىغا، كۆڭۈلچەكلىكىگە كايىدى، ئۆزىگە نەپرەتلەندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تۇيۇقسىز ئۆزى ھۆرمەتلىگەن، ئىشەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى گەپ ـ سۆز ۋە قىلىقلىرىنى كەچۈرۈپ، ئۆزىنى سورار، دەپ يول قويغان بۇ ئادەمنىڭ بۈگۈن بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ، يامان نىيەتتە بولغانلىقىغا نىسبەتەن، قاتتىق ئۆچمەنلىكى كەلدى. بۇ ئادەم ھازىر ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئۇ بۇرۇن ئويلىغان ھەم ئىشەنگەندەك ئۇنداق لەۋزى ھالال، كۆڭلى ئاق، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان ئەركەك ئەمەس، بەلكى گېپىنىڭ تۇتامى يوق، ئۇجمەكۆڭۈل، ۋىجدانى سۇيۇق، ھۆرمەتكە ئەرزىمەيدىغان، شەھۋەتخورغا ئايلىنىپ قالغانىدى! . . .

قۇربانوف ئايچېچەكنىڭ ئاۋازىدىكى قەتئىيلىكنى، چىرايىدىكى غەزەپ ۋە نەپرەتنى كۆرۈپ چۆچۈدى. ئەگەر ئۇ، ئاچچىقىغا پايلىماي بىرلا ۋارقىرايدىغان بولسا، پۈتۈن بىنا

قوزغىلىپ، قۇربانوفنىڭ يۈزى، بەئەينى يۇندىدەك تۆكۈلۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ، جاھاننىڭ تىنچ ۋاقتىدا ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈردى ۋە ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئايچېچەككە قادىلىپ تۇرۇپ:

— جاھان تېخى ئۈزۈن ئايچېچەك، سىز مۇنداق بىر تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ: «تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار!» خەيرى خوش! — دېدى - دە، ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچىچە قۇربانوف جۆيلۈپ، تولغىنىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ چۈشىگە ئايچېچەك كىرىۋالغانىدى، ئايچېچەك چۈشىدىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلىپ، نەپسىنى ئىزا تارتقۇزۇپ، جىلە قىلىۋاتاتتى. ئۇ بىردەم يوتقاننى قۇچاقلىسا، بىر دەم شالىسىنى ئاققۇزۇپ ۋارقىرايتتى: «ئايچېچەك! . . . ھەي ئايچېچەك سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمنىڭ، سۆيگەنلىكىمنىڭ جاۋابى شۇمۇ؟! خەپ توختا، سەندىن ھېساب ئالماي قويمايمەن ئايچېچەك! . . .»

ئۇنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازىدىن خوتۇنى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئېرىنى تۈرتۈپ ئويغىتىپ چالۋاقىدى:

— ھوي كىشى! . . . سىزگە نېمە بولدى؟ ئاغزىڭىزدىن ئايچېچەكنىڭ ئىسمى چۈشمەيلا قاپتۇغۇ؟!

قۇربانوف ئۇيقۇدىن قىسىلغان كۆزلىرى بىلەن خوتۇنىغا ئالايدى:

— نېمە ئويغىتىپ يۈرسەن ئۇيقۇمنى بۇزۇپ!!

— تېخى مەندىن بەكرەك توۋلايدىيا؟! — دېدى سېمىز خوتۇن ھۆمىدەپ تۇرۇپ، — بۈگۈن سىزگە ئايچېچەكنىڭ جىنى چاپلاشقانمۇ؟ نېمانچە ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ، ئۆندەرەيسىز؟!

قۇربانوف شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ جۆيلۈگەنلىكىنى، ئاغزىدىن ئايچېچەكنىڭ ئىسمى چىقىپ، خوتۇنىنى گۇمانلاندۇرغانلىقىنى

سەزدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن خوتۇن، بايا قارا بېسىپتۇ! — دېدى ئۇ دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، — ماۋۇ ئايچېچەك دېگەن خوتۇن ئۆمەكتىكى بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئالدىمغا سۆرىشىپ كەپتىكەن، بۇگۈن شۇنىڭ دەۋاسىنى سوراپ ھېرىپ كەتكەنىدىم، بەلكىم چۈشۈمگىمۇ يەنە شۇ كىرىپ، ئىسمىنى چاقىرغان ئوخشايمەن! خاتىرجەم ئۇخلاۋەر گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ! . . .

سېمىز خوتۇن نائىلاج ياتتى. لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. كۆڭلىدە ئېرىگە بولغان گۇمانى كۈچەيدى: بۇ ئايچېچەك دېگەن جادۇ كۆزدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك! ئۇنىڭ چىرايلىق قاش - كۆزى، نازۇك بەستى - بويى ھەرقانداق ئەرنى مەپتۇن قىلىدۇ! . . .

ئەر خەق دېگەن كۈسۈك ئىتتەكلا بىر نېمە، ئۇنداق ئايالLارنى كۆرسە، غىڭشىماي قالامدۇ؟! بىزنىڭ بۇ كىشىمۇ ئاغزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە قانداق ھارام خىياللارنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟! ئىككىمىز بىر ياستۇققا باش قويغىنىمىز بىلەن، كۆرىدىغان چۈشىمىز باشقا - باشقىدەك ئايرىم - دە! . . . ئايچېچەكنىڭ ئىسمى بىكار چىقمىدى. ئۇ تېخى چەت ئەلگە بېرىپ كېلىپ، تېخىمۇ سەتەڭلىشىپ كېتىپتۇ. كونىلاردا: «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قاچ!» دېگەن گەپ بار، ئۇنىڭدىن چوقۇم ھەزەر ئەيلەش كېرەك! . . .

× ×

قۇربانوف بۇگۈن گۈلنازنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، مەخپىي سۆزلەشتى . . .

ئايچېچەكنىڭ ھېلىقى كۈندىكى مۇئامىلىسى، پوزىتسىيىسى

ئۇنى پۇتۇنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئايچېچەككە بولغان شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاتتىق ئۇرغان بىر شاپىلىقى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئۆتۈپ، يۈرىكىگىچە بېرىپ تەگكەندى. ئۇ ھازىرغىچە ھېلىقى ئايال ئىكەن، ئەر زاتىدىنمۇ بۇنداق ئازار يېمىگەچكە، ئۇنىڭ خورلۇقى، ئەلىمى چېكىدىن ئېشىپ، بۇ ئىشتا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرمىسا، ئاچچىقى بېسىلمايدىغان ھالغا يەتكەندى. شۇڭا ئۇ، «قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق» دېگەندەك، ئايچېچەككە ئۆزىنىڭ كۆچىنى، ھەيۋىسىنى، ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. بۇ ئىشتا ئۇ، «يىلاننى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن تۇت» دېگەن ئۇسۇل بويىچە ئايچېچەكنىڭ كونا رەقىبى، كۈشەندىسى گۈلنازدىن پايدىلانماقچى بولدى.

ـــ گۈلناز، يېقىندا نۇرغۇن خۇشاللىق ئىشلار بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇ، گۈلنازنى كۈشكۈرتۈش، دەيدەيگە سېلىش نىيىتىدە، ـــ بىر قىسىم ئارتىسلار يەنە ياۋروپا، ئامېرىكا تەرەپلەرگە چىقماقچى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرنەچچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئارتىسلاغا ئالىي ئۇنۋان بەرمەكچىمىز. مېنىڭچە بولسا، ھەر ئىككى ئىشتىن سىزنى تولۇق بەھرىمەن قىلغۇم بار، لېكىن بۇ ئاسان ئەمەس، چۈنكى ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئايچېچەك توغرا تۇرۇۋالدى. راستىنى ئېيتسام بۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ سىزگە بەرگىلى بولمايدۇ، مەن بېرەي دېسەممۇ، باشقىلار بەرگۈزمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشتىن سىزنى بۇرۇنراق خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دېدىم.

ـــ مېنى خەۋەرلەندۈرسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ ـــ دېدى گۈلناز تېڭىرقىغان، قېيدىغان قىياپەتتە، ـــ ھوقۇق سىزنىڭ قولىڭىزدا، ئامالىنى ئۆزىڭىز قىلىڭ!

ـــ ئامالىنى تەڭ قىلايلى!

ـــ مەن قانداق ئامال قىلىمەن؟

— ئوبدانراق باش قاتۇرسا، ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق! — دېدى قۇربانوف گۈلنازنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ، — نۇرجاننىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، ئىسمى سانىيە، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى گۈلناز ھەيرانلىق بىلەن.

— قاراڭ سىزنى! ئارتىسلىقنى سەھنىدە قاملاشتۇرغان بىلەن، تۇرمۇشتا قاملاشتۇرالمايسىز - دە! — دېدى قۇربانوف ئۇنى كەمسىتكەندەك ھىجىيىپ، — سانىيەگە ھېچنېمە بولغىنى يوق، ھازىرقى گەپ سىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىش - پايدىلانماسلىقىڭىزدا، ئەگەر ئوبدان پايدىلانسىڭىز بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىسىز، ئايچېچەكنىڭمۇ، نۇرجاننىڭمۇ يۈزى بىللە تۆكۈلىدۇ. بولۇپمۇ، ئايچېچەك نامى چىققان ئايال بولغاچقا، خۇددى ئېگىز بىنادىن غۇلاپ چۈشكەندەك ئابرويى، شان - شۆھرىتى بىراقلا يەكسان بولىدۇ. ئۇ چاغدا، چەت ئەلگە چىقىشمۇ، ئۇنۋانمۇ توسالغۇسىز سىزگە قالىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭىزما؟!

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئەقىل نېمىشقا بۇرۇنراق كاللامغا كەلمىگەن - ھە؟! — دەپ پېشانىسىگە يەڭگىل بىرنى ئۇردى گۈلناز، — راست، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدىن بېرى سىرلىق، ئايچېچەكنىڭ ئۆتكەنكى چەت ئەلگە چىقىشىدىمۇ نۇرجان دېگەن بۇ غىتمەك ئاز يول ماڭمىدى!

— ھە، ئامال دېگەن مانا شۇنداق تېپىلىدۇ، — دېدى قۇربانوف ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ، — ئەمدى قانداق قىلىشنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!...

**2**

ئىككى دەردمەن تاسادىپىي ھالدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار

خالىي پەردە مۆڭدىشىش ئارقىلىق، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە يول ئاچتى. ھەر ئىككىسى ئايچېچەكنىڭ پېيىدا يۈرگەن يوشۇرۇن ئاداۋەتچىلەر بولۇپ چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاداۋەتچىلىك دەرىجىسى، ئاداۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئوخشاشمايتتى. سىمىز خوتۇن پەقەت قۇربانوفنى گۇمانىي كۆنلەپ، ئۇنى ياش، چىرايلىق چوكاننىڭ تارتىپ كېتىشىدىن قورقۇپلا شۇ كويغا چۈشكەنىدى. گۈلناز بولسا، پۈتۈنلەي باشقا غەرەزدە ئىدى. ئۇ، ئايچېچەكنىڭ شان - شۆھرىتىدىن قاتتىق ھەسەت قىلاتتى، ئىچى ئادايتتى، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، يولىغا ئۈنگەن تىكەن، دەپ قارايتتى، ئۆتكەندە چەت ئەلگە چىقالمىغانلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرەتتى. ئۆزىنىڭ بارا - بارا سەھنىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاشۇنىڭ كاساپىتىدىن دەپ بىلەتتى. ئەگەر ئايچېچەك بۇ دۇنياغا تۆرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ياڭراق، يېقىملىق ئاشۇ لەنتى ئاۋازى بولمىغان بولسا، گۈلناز چوقۇم بۇ يۇرتنىڭ ناخشا چولپىنى، بارلىق ناخشىچىلارنىڭ گۈلتاجىسى بولغان بولاتتى. لېكىن ئايچېچەك ئۇنىڭغا يول بەرمىدى، ھەممىنى تارتىۋالدى. ھەتتا گۈلنازغا ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئەركىنرەك نەپەس ئالغۇدەك ھاۋانىمۇ قالدۇرمىدى. ئەمدى كېلىپ، بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇنىڭ قوينىدىن قۇربانوفنىمۇ تارتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ!...

شۇڭا گۈلنازنىڭ ھەسرىتى، رەشكى، خۇسۇمىتى ھەممىدىن كۆپ، ھەممىدىن چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ھەسەت ئوتىدا كۆيەتتى، كۈندەشلىك دەردىدە ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھۈجەيرىلىرى ئايچېچەككە بولغان ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن تولۇپ تاشقانىدى!...

بۇنداق ئادەملەرنىڭ تىلى ئۇزۇن، ئىچى تار كېلىدۇ. ئۇلار بەئەينى قايسى بىر يازغۇچى ئېيتقاندەك: «بۇنداق ئادەملەر گويا چۈپرەندە پەتەكلەردەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھامان باشقىلارغا

تىكىپ، تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئۇلارنىمۇ پەتەك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش نومۇرلۇق شىم كىيمەكچى بولىدۇ!»

بۇ سۆز بەكمۇ جايىدا ئېيتىلغان، قەيەردە قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىك، بىلىمسىزلىك، نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك بولسا، شۇ يەردە ھەسەتخورلۇقنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى بولىدۇ. ئۇلار گويا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ! . . .

گۇلناز بىلەن سىمىز خوتۇن خېلى ئۇزاق كۇسۇرلىشىپ، ئۆزلىرىچە ئىچ قارىنىنى بوشىتىشتى.

— ئايچېچەك دېگەن بۇ سالما باش، يۇندا چىراي ھازىر يەردە ماڭايمۇ - ئاسماندىمۇ، دەپ ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئەلەم بىلەن غودۇڭشىدى گۇلناز، — ئۇنى كىشىلەرگە ئاشۇنداق شىۋى قەدرىدەك كۆرسىتىۋەتكەن ئادەم ھېلىقى نۇرجان دېگەن سولتەك! ئەمدى ئۇنىڭمۇ ھالىغا ۋاي، مۇزىكىسىدىن كۇلكە ئەمەس، يىغا ئاڭلانمىغىنىنى كۆرەي! . . .

— ئەمدى ئۇ ئىككىسىنىڭ كاۋىكىغا كىرىۋېلىپ، بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزەيلى! — دېدى سىمىز خوتۇن يېپىلاڭغۇ قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ، — سانىيە بىلەن ئەتىلا كۆرۈشەيلى!

گۇلناز چىرايىغا جىددىي تۇس بېرىپ، تەلۋىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— شۇنداق قىلىمىز، گېپىمىز گەپ، ئىشىمىز ئىش! مېنىڭچە ھايات دېمەك — قىمار دېمەك! مەن ئەمدى قىلغۇلۇقنى قىلىمەن، بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىم ياكى پىكاپقا ئولتۇرۇش، ياكى بولمىسا تۇرمىگە چۈشۈش، ئىككىنىڭ بىرى بولىدۇ!

× ×

نۇرجاننىڭ سابىق خوتۇنى سانىيە «ئىككىـــى دەردمەن»

تەرىپىدىن قاتتىق قوشلانغانىدى. يالغان ـ ياۋىداق، چۆرىمە چۆچەك گەپلەر ئۇنىڭ ئەقلىنى كېسىپ، بېشىنى ئايلاندۇردى. بولۇپمۇ گۈلنازنىڭ «ئېرىڭنى بوزغان شاق ـ شاق جالاپ ئاشۇ! ئېرىڭ ئاشۇ قانجۇقنىڭ ئارقىغا كىرىپ سەندىن چانغان، ئىككى بالىنى يېتىم قىلغان، ئەمدى ئۆز بەختىڭنى قايتۇرۇۋال! . . .» دېگەندەك ئېچىتقۇ گەپلىرى سانىيەنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ گويا ئۇنى يارىلانغان چىشى بۆرىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈنلەردە سانىيەنىڭ ھالىمۇ خاراپ ئىدى. خۇددى «بوغداي پاتمىغان ئاغزىمغا موزاي بېشى بوش كەلدى» دېگەندەك، نۇرجانغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئىككىنچى ئەردىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ كۆردى. ئۇ نۇرجاندىن ئايرىلىپ، ئۈچ ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەي، تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان بىرى بىلەن ئالدىراپلا، ئېنىقراقى، نۇرجانغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ شېرىن ئايلىرى بىر ئاي ئەمەس، بىر ھەپتىگىمۇ بارمىدى. سانىيەنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تاللىغان خاپانباش، چېقىركۆز، قىرىق ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئادەم ئۈچىغا چىققان ئىچەرمەن، يالغانچى، كاززاپ ئىدى. ھەر ئايدا ئالغان مائاشى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەپتىلىك ھارىقىغا يەتمەيتتى. قالغان ۋاقىتتا، سانىيەدىن پۇل تەلەپ قىلىپ سوقۇشاتتى، ئۇراتتى. سانىيەنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ئاخىر ئۇ، تېجەپ ـ تۆمەپ يىغقان بىرمۇنچە پۇللىرىنى ئۈستەك بېرىش ھېسابىغا ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلدى. . .

ئۇ، بار ـ يوقى تۆت ئايدەك ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن تۆت يىلدەك ئەقلى ھوشىدىن كەتتى. ئاپئاق سىدام ماڭلايلىرىغا پۈرۈم ـ پۈرۈم قورۇقلار چۈشتى، دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرىغا ئاق ئارىلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ، نۇرجاننىڭ قەدرىگە يەتتى. ئۇنىڭ مۇلايىملىقى، سەممىي ساداقىتى، ئۆزىلا



www.uyghurkitap.com

چىقىلمىسا، ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، پىئانىنو بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان تىنچ، رايىش مىجەزى ئەمدى ئۇنىڭغا ئېسە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بېشەملىكىدىن، ئەركە - نايناقلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يېدى. لېكىن بولار ئىش بولغانىدى، شۇڭا ئۇ، ھەسرەت - نادامەت يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇراتتى!...

كۈتۈلمىگەندە، ئىككى خوتۇننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىپ قېقىتىشى سانىيەنى بىردىنلا ئاياغقا تۇرغۇزدى. ئۈمىدسىز چۈشكۈن كۆڭلىگە بەخت - ئىقبالنىڭ يورۇق شامىنى ياقتى. ئۇنىڭدا راستىنلا ئۈمىد تۇغۇلغان، ئۆز ۋاقتىدا كەتكۈزۈپ قويغان بەختىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچى پەيدا بولغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ، يېقىندىن بېرى نۇرجان بىلەن ئايچېچەكنى يوشۇرۇن كۆزىتىش، نۇرجاننىڭ ھازىرقى ئۆيى ئەتراپىدا ئۇلارنى پايلاش ئارقىلىق، گۈلناز بىلەن سېمىز خوتۇن ئېيتقان گەپلەرنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدى ۋە نۇرجان بىلەن ئايچېچەكتىن تېخىمۇ قاتتىق گۇمانلاندى. گۇمان ئاستا - ئاستا ئىمانىنى قاچۇردى، ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپ، يۈرىكى قاراملاشتى!...

بۈگۈن يەكشەنبە، ھەممە ئادەم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ھەلەك ئىدى. ئايچېچەك چۈشتىن بۇرۇن ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، چۈشتىن كېيىن نۇرجاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. نۇرجان يەنە شۇ نوتا يېزىش، پىئانىنو چېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— بۈگۈن يەنە دەم ئالغۇڭىز كەلمەپتۇ - دە، ئايچېچەك، — دېدى نۇرجان ئورنىدىن تۇرۇپ، — باللارنى يالغۇز تاشلاپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ياق، ساباھەتنى گۈلسۈم باغچىغا ئاچىقىپ كەتتى، — دېدى ئايچېچەك پىئانىنونىڭ بىر تەرىپىگە يۆلىنىپ، — ھېلىقى ناخشىنىڭ ئەۋجىسىنى تازا ياخشى ئېيتالمايۋاتىمەن،

ئىچىم تىتىلداپ قايتا ئۆگىنەي دەپ كەلدىم.

— ياخشى بوپتۇ، ئەمىسە مەن چالاي، سىز ئوقۇڭ!

نۇرجان دەرھال تۇتۇش قىلدى. ئۆيدە پىئانىنونىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئايچېچەكنىڭ لەرزان، نەپىس ناخشىسى كۆتۈرۈلدى...

قايتا - قايتا چېلىش، قايتا - قايتا ئېيتىش قىرىق مىنۇتتەك داۋام قىلدى. ئەمدى ئۇلار چارچاپ قالدى بولغاي كىرېسلودا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، ئالما، نەشپۈت يېگەچ پاراڭغا چۈشتى...

شۇ چاغدا — نۇرجان بىر تال قىزىل ئالمىنى ئاقلاپ، ئايچېچەككە قوش قوللاپ تۇتۇۋاتقان دەل شۇ چاغدا ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ، بوسۇغىدا سانىيە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى چەكچىيىپ، سۇرلۇك تۇس ئالغان، چىرايى ئۆزگىرىپ، چويۇندەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايچېچەككە بىر پەس بىگىزدەك تىكىلىپ قاراپ، ئارقىدىن بىردىنلا سەتلەپ تىل سالدى:

— ھو!... يۈزى قېلىن شاق - شاق جالاپ، تاخ دىسە تاختا بېشىغا، پەش دىسە مورا بېشىغا چىقىدىغان لوقما ئوغرىسى!

بۇنداق كۈتۈلمىگەن غەلىتە ئەھۋالدىن نۇرجانمۇ، ئايچېچەكمۇ خۇددى تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ، ئەنسىزچېلىكتىن باشلىرى گاراڭ بولۇپ قالغاندەك ياكى ئوچۇق ھاۋادا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغاندەك، بىر خىل تاسادىپىي چۈشىنىكسىز ۋە غەلىتە سىزىم ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سانىيە ئىشىكنى يوغان ئېچىۋەتتى - دە، ئەتراپىنى بېشىغا كىيىپ، ساراڭدەك ۋارقىراپ، جارقىرىدى:

— قاراڭلار، خالايىقلار! ئوغرى مۇشۇك قولغا چۈشتى، جالاپىنىڭ شەرمەندىسى چىقتى!...



www.uyghurkitap.com

قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى غىچىرلاپ ئېچىلىشقا، شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
سانىيە ئەمدى ئۆزىنى ئۆيگە ئېتىپ، ئايچېچەككە خۇددى ئاچ قالغان چىشى بۆرىدەك شىددەت بىلەن تاشلاندى. ئۇنىڭ چاچلىرىغا ئېسىلدى، كۆڭلىكىنى يىرتتى، كانىيىدىن بوغدى...
نۇرجان كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ مالامەتكە ئەقلى يەتمەي، بىر پەس ھاڭۋېقىپ قالدى. كېيىن ھوشىنى يىغىپ بىردىنلا سانىيەگە ئېسىلدى. لېكىن سانىيە ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتقۇزماي ۋارقىرىدى:
— نۇرجان ماڭا يېقىن يولىماڭ، — دېدى ئۇ قوينىدىن بىر پىچاقنى ئېلىپ، بولمىسا، مۇشۇ يەردە ئۆزۈمنى بوغۇزلاپ، سىزنى قاتىل قىلىپ بېرىمەن!...
نۇرجان مەڭدەپ قالدى. سانىيە غالجىرلاشقان كۈچ بىلەن ئايچېچەكنى سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا ئاچىقتى، بۇ يەردە ئادەملەر توپلىشىپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، قوشنا ـ قولۇملاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كەلگەن ھەرقىسما ئەر ـ ئايال مېھمانلار بىلەن ئۆتكۈنچى خەقلەرمۇ بار ئىدى. سانىيە بىر قولى بىلەن ئايچېچەكنىڭ چېچىغا ئېسىلغان، بىر قولى بىلەن ئۆزىنى كاچاتلىغان ھالدا، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى:
— خالايىق، مەن شۇم پېشانە، مەن بەختى قارا! مېنىڭ بەختىمنى مۇشۇ زېدە پەس جالاپ ئوغرىلاپ كەتكەن! ئۇ مېنىڭ ئېرىمنى بۇزۇپ ئىككى بالامنى يېتىم قىلدى! سازايى خالايىق، ئەرگە تەگكەننىڭ، بالا تۇغقاننىڭ سازايى خالايىق!...
سانىيە يىغلاپ، ـ قاقشاپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، ۋارقىرايتتى، ئايچېچەككە بىر ئېغىز سۆزلەش پۇرسىتىمۇ بەرمىدى. ئۇ نومۇستىن بېشىنى ئېگىپ كۆزى بىلەنلا ئەمەس، يۈرىكى بىلەنمۇ يىغلاپ، ئاللانىڭ، تەقدىرنىڭ بۇ

قىسمەتلىرىدىن ھەيران بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان ئازاب ۋە ئەلەمگە چىدىماي، ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلاپ تۆت ئېغىز گەپ قىلالمايدۇ؟!

راست، مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ناخشا توۋلاپ، ھەر خىل سەھنىلەردە ئوت چىقىرىۋەتكەن بۇ چوكان بۈگۈن بىر ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تورمۇزلىنىپ، گاڭگىراش ئىچىدە ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇ، سانىيەنىڭ شىددەتلىك ھەم شەپقەتسىز ھۇجۇمى ئالدىدا بىچارە ھالغا چۈشۈپ، خۇددى ياپراقلىرىغا چاڭ - توزان قونغان ئەۋرىشىم گۈلگە، يىلتىزىغا قۇرت چۈشكەن يۇمران مايسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قايسى بىر دانىشمەن توغرا ئېيتقان: «بوھتان — قىلىچتىنمۇ مۇدھىش قورال!» ئەنە شۇ مۇدھىش قورال بىلەن يۈرىكى قاتتىق زەخمە يېگەن ئايچېچەك پەقەت يىغلامسىراپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— يالغان، ھەممىسى يالغان! تۆھمەت، تۆھمەت!...

دېگەن گەپلەرنىلا قىلالىدى.

شۇ چاغدا، نۇرجان ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ، سانىيەگە تىل سالدى ۋە دەۋرەپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— يولداشلار، بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەڭلار، ھەممىسى يالغان، تۆھمەت! بۇ خوتۇن ساراڭ بوپتۇ!...

لېكىن سانىيە كىشىلەرنى يەنە ئۆزىگە قارىتىۋالدى:

— كۆپچىلىك، قايسى ئوغرى ئۆزىنى ئوغرى دەپ باققان؟! قايسى جالاپمۇ ئۆزىنى جالاپ دەپ باققان؟! مەن بۇ ناپاكلارنى نەق ئۈستىدىن چۈشۈپ تۇتۇۋالدىم! بۇ جالاپنىڭ بۇ ئۆيىنى ئەگىپ يۈرگىنىگە خېلى بولغان، سىلەر بىلمەمسىلەر قوشنىلار؟! سىلەر كۆرمىگەنمۇ؟! ئايال كىشى يوق بۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا زادى نېمە بار؟! قاراڭلار، ئۇنىڭ شۇمشىيىپ

كەتكىنىنى! بويىندا ئىللىتى بارنىڭ مانا مۇشۇنداق پېيى سىرقىرايدۇ!...

بارغانسېرى ئۇلغايغان خەلق توپى مالىمانلاشتى، نۇرغۇن ئادەملەر ئايچېچەكنى تونۇدى، بەزىلەر ئۇنىڭغا ئېچىندى، ئەپسۇسلاندى. بەزىلەر بولسا، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۇنىڭ شەنىگە سەت گەپلەرنى قىلىشتى، بەزىبىرى قوشنا - قولۇملارمۇ سانىيەگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئايچېچەكنى ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە پات - پات كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك، باش لىڭشىتىپ، ئېڭەك قېقىشىپ، يۈزىدىن يۈزىگە بىر مۇنچە كىنايىلىك گەپلەرنى ئۈست - ئۈستىلەپ ياغدۇرۇشتى!

«ئويۇن» بار - يوقى يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ زەربىسى، شىددىتى يېرىم ئاي ئۈزۈلمەي ياغقان قارا مۆلدۈردەك، ئايچېچەك بىلەن نۇرجاننىڭ يۈزىنى تۆكۆۋەتتى! ئۇلارنىڭ قان - تەر، ئەقىل - پاراسەت سەرپ قىلىپ تىكلىگەن يۈز - ئابرويى ئەنە شۇ تويۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بىرلا بوران بىلەن كەچكۈزنىڭ غازىڭىدەك سېرىلىپ كەتتى!...

## 3

ئادەم — ئىشى ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولغاندا، گويا تۇرمۇشنىڭ ھەممە يولىغا ئەتىرگۈل غۇنچىسى چېچىلغاندەك ھېس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بولسا، تۇرمۇش ھەممىلا جايدا كۆڭۈلسىز، بەختسىز ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، زارلايدۇ!

ئايچېچەك شۇ كۈنلەردە ئۆزىنى خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، بىر كېچىدىلا جەننەتتىن دوزاخقا چۈشۈپ قالغان ئادەم سىياقىدا ھېس قىلدى! ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ، چىرايىمۇ شۇنداق

غەلىتە ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇرۇنقى يېقىملىق، ئوماق چىرايى بىلەن ھەمىشە غەرەزسىز كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىدىكى شوخ ۋە قايناق ھېسسىياتلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھازىر بۇ چىراي بىلەن، بۇ كۆزلەر بەئەينى غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىپ خورلانغان، تۇرمۇشتىن يەتكۈچە تويغان بىر بىزارنىڭ سولغۇن چىرايىغا ۋە نۇرى قاچقان ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

پۈتۈن ئىدارە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر بىلەن گۈررىدە قوزغىلىپ كەتكەنىدى. ئىشخانىدا، بىنا دوقمۇشلىرىدا، ئۆيلەردە، ھەتتا رېپېتىس مەيدانلىرىدىمۇ شۇ ھەقتە گەپ، شۇ ھەقتە تالاش ۋە شۇ ھەقتە بەھىس بولۇۋاتاتتى.

پىتنە - پاسات غەيۋەت - شىكايەتلەر خۇددى يىلاندەك ۋىشىلداپ، تەرەپ - تەرەپتىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئايچېچەك قاپقاراڭغۇ، سىرلىق بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ قېلىپ، باش - كۆزى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن شەپەرەڭ، قۇزغۇنلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر يورۇقلۇقنى تېپىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر ياققا ئېتىپ، چېپىپ يۈرگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

سانىيەنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆز مۇددىئالىرىغا يەتكەن ئىككى «دەردمەن» خوتۇن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ مىكروبىنى توشۇغۇچى مەخلۇقلاردەك، كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، بۇ ئىشتىن تېخى يوق كىشىلەرنى خەۋەرلەندۈردى، بولغان ئىشلارنى كۆپتۈردى. ئۇلار قىلچە تەپتارتماي، ئايچېچەكنى، چەت ئەلگە چىقىدىغان چاغدا پۇلغا بۇزۇلغان شەرمەندە! ئىككى بالىنى يېتىم قىلغان لوقما ئوغرىسى! . . . دېگەندەك گەپلەر بىلەن كىشىلەرگە تېخىمۇ سەت كۆرسەتتى . . .



www.uyghurkitap.com

«ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتسە، يىڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، ئايچېچەك ھەقىقىدىكى بۇ گەپلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتكەنسېرى يوغىناپ، كۆپىيىپ، مىش ـ مىشلار راستقا، گۇمانلار ھەقىقەتكە ئايلانغاندەك بولۇپ قالدى. بوھتان، تۆھمەت ھەممە تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ئۇششۇك ھەرىدەك غوڭۇلداپ، ئۇنىڭ ئۇچرىغان يېرىدىن چىقىپ، ئازابلاپ، جېنىنى قاقشىتىشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىغا يېغىۋاتقىنى بۇرۇنقىدەك شان ـ شۆھرەتنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرى ئەمەس، بەلكى جان ئالغۇچى مۇدھىش چېقىن ئىدى...

ئايچېچەك ئۈچ كۈندىن بېرى سىرتقا چىقمىدى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايلىرى سارغىيىپ كەتتى...

ئاياللار تۇغما نازۇك دىل بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇلاھىزىلىرىگە نىسبەتەن سەزگۈر كېلىدۇ!

نەچچە كۈندىن بېرى ئەتراپتا بولۇۋاتقان پىتنە ـ پاسات، تۆھمەت ـ ياللار ئايچېچەكنى جېنىدىن تويغۇزۇشقا تاس قالدى. ئۇ كۆزىنى ئاچسىمۇ، يۇمسىمۇ، ئۆتكەنكى ئىش خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنى لەپپەڭ ئۇرغاندەك، كۆز ئالدىدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ، ئىچ ـ ئىچىنى ئازابلايتتى، جېنىنى قىينايتتى...

سانىيە يەنە شۇ ئىككى خوتۇننىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن مەدەنىيەت ئىدارىسىگە بېرىپ، ئۇ يەرنىمۇ بېشىغا كىيدى. قۇربانوفقا ئەرز قىلىپ، ئايچېچەككە چارە كۆرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇربانوفقا ياغدەك ياقتى. شۇڭا ئۇ، دەرھال ئۆمەككە ئۈچ ماددىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى: بىرىنچى، ئايچېچەكنى بىر مەزگىل سەھنىگە چىقارماسلىق؛ ئىككىنچى، تارقىلىش ئالدىدا تۇرغان «ئايچېچەك ناخشىلىرى» دېگەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ۋاقتىنچە

www.uyghurkitap.com

تارقاتماسلىق؛ ئۇچىنچى، ئۇنىڭغا ئالىي ئۇنۋان بېرىش ئىشنى هازىرچە ئويلاشماسلىق!

بۇ بۇيرۇق ئۈمەك باشلىقى ئىلياسنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ ئىش بىر تالانت ئىگىسىنىڭ تەقدىرىگە، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇربانوفقا مۇنداق دېدى:

— جەمئىيەت دېگەندە ئادەم كۆپ، جۇيجاڭ! هەر خىل گەپ - سۆزلەرمۇ تولا بولىدۇ. مېنىڭچە تىرىك يۈرگەن هەر قانداق ئادەم تۆهمەت، مەسخىرە ۋە كىنايىنىڭ نىشانىسى بولۇپ قېلىشى، هەتتا بەزىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەتتە تاتلىق مېۋىگە قۇرۇت چاپلاشقاندەك، بوهتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە چاپلىنىدۇ! بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە كۆرەلمەسلىك، هەسەتخورلۇق ئىللەتلىرىنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟! بۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل رەزىل ئادەت كۈچى. بەزىبىر مۇشۇنداق «ئىشتىن سىرتقى هەۋەس»كە بېرىلىپ كەتكەن ئادەملەر ئۆزىدىن ئۆزۈپ كەتكەنلەرنى، يۇقىرى ئۆرلەۋاتقانلارنى كۆرەلمەيدۇ! ئىش ۋۇجۇتقا چىققاندا، هاقارەت يېغىپ كېتىدىغان، ئابروي ئاشقاندا، تۆهمەت بولىدىغان ئەھۋال هەممە يەردە بار! مەن راستىنى ئېيتسام ئايچېچەكنىڭ بۇنداق بىر كېچىدىلا بۇلبۇلدىن هۆپۈپكە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئىشەنمەيمەن! ئۇ سابىر بىلەن ئەزەلدىن بەختلىك ئىناق تۇرسا، هەرگىزمۇ بۇنداق سەت ئىشقا ئاياغ باسمايدۇ، نۇرجانمۇ ئۇنداق يېنىككى سۆيۈق، ئىمانى سۇس ئادەم ئەمەس!...

— پەرەز، قىياسلىرىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ ئىلياس! — دېدى قۇربانوف سوغۇق هېجىيىپ، — لېكىن پاكىت هەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا سىزمۇ، مەنمۇ ئارا تۇرالمايمىز! ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئايچېچەكنىڭ ئۇنداق بولۇپ

قېلىشىنى، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ ئۆرلەۋاتقان ياش بىر چولپاننىڭ سەھنىمىزدىن يوقىلىپ كېتىشىنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم. لېكىن رەھىمسىز رېئاللىق مېنىڭ تىلىمنى قىسقا قىلىپ قويدى. ئايچېچەك بىلەن سابىرنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، مەنمۇ ئۇلارنى بەختلىك بىر جۈپلەر، دەپ قارايتتىم. لېكىن ئىلياس، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ شەيتىنى يامان، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن، مېنىڭ ئايال زاتىغا بولغان ئىخلاسىم قايتتى. قىرىق يىلدىن كېيىن خوتۇن كىشىنىڭ بىر تال چېچى ئەر تەرەپكە ئۆتىدۇ، دېگەن گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم! نېمىدېگەن بىلەن نۇرجانمۇ ئوغۇل بالا ــ دە! بىر يىلدىن بېرى بويتاق يۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ياخشى مۇزىكىلىرىنىڭ ئاستىدا ئاشۇنداق ھاۋايى ــ ھەۋەسلەرنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟! ئەمدى بىز ئۆمەكنىڭ، كوللېكتىپىنىڭ، ئارتىسلىرىمىزنىڭ نامىنى ساقلىمىساق، قوغدىمىساق، بولمايدۇ. ھەممىيلەن ئايچېچەكتىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك!

ئىلياس قۇربانوفقا كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدى. ئۇ قەيەردىن گەپ قىلسا، قۇربانوف شۇ يەردىن چىقىپ، ناھايىتى ئالىيجانابلىق بىلەن ــ ئىچ ئاغرىتقان، ئەپسۇس چەككەن قىياپەتتە رەت قىلاتتى، يوققا چىقىراتتى. ئىلياس ئۇنىڭغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي، ئاخىر «ئۈچ ماددىلىق بۇيرۇق» نى ئامال بار ئارقىغا سۈرۈش، ئىجرا قىلماي تۇگۇلۇۋېلىشقا ئوخشاش پاسسىپ ئۇسۇل بىلەن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋەردى!...

## 4

سابىرنىڭ چەت ئەلدىكى كۈنلىرى ئۇنچە قىزغىن، كۆڭۈللۈك بولمىدى. ئۇ، جىمغۇر بولغان بىلەن قەلبى كۆزىتىشكە ماھىر، تەسەۋۋۇرغا باي ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇچاق ئاچقان تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ بۇنداق كەڭ، يارقىن ۋە

رەڭگا رەڭ تۈس ئېلىشى، دەسلەپتە ئۇنىڭ ھېسسىياتچان كۆڭۈل دۇنياسىنى خېلى مەھكەم ئىگىلىگەنىدى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل تەسىرات بارا ــ بارا سۇسلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بۇرۇنقى تىنچ، ھەشەم ــ دەرەمسىز، ئاددىي تۇرمۇشقا بولغان سېغىنىش ئىگىلەشكە باشلىدى. ئۇ ئالما ــ ئاتانىڭ داڭلىق «لەززەت رېستورانى» دا تىجارەتچى ئۆلپەتلىرى بىلەن «يېلىتسىن» ماركىلىق ۋوتكىنى ئىچىپ، غەربنىڭ جازمۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بىر چاغلاردا «تاش ئۆتەڭ» لەردە شوپۇر بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاددىي كۈنلىرىنى ئەسلەپ كەتتى. بۇ كۈنلەر قارىماققا، قاتتىق ــ قۇرۇق، غېرىبانە بولغان بىلەن، كۆڭۈللۈك قىزغىن ئىدى. پۈتۈن بەدىنىدىن ماي بىلەن ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرىدىغان شوپۇرلارنىڭ كۆرۈنۈشى قوپال، سالپا ــ سۇلپا بولغان بىلەن، كۆڭلى ئاق، سەممىمىي ئىدى. ئۇ بېشكەكنىڭ مەشھۇر «نارىن رېستورانى» دا سودىگەر چۆپقەتلىرى بىلەن ئىتالىيىنىڭ مېغىز ھارىقىنى ئىچىپ، نازۇك بەدەن قىزلارنىڭ يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، بىر چاغلاردىكى ماي ــ پاتقاقتا مىلىنىپ، تۆمۈر تەسەك بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن جاپالىق، مەينەت كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا خۇشاللىقى، ئەھمىيىتى، مەنىسى بارلىقىنى ئويلاپ قالدى...

ئىشقىلىپ ئۆتكۈر رىقابەت، ئالدامچىلىق، قاقتى ــ سوقتىلىق بىلەن تولغان رەڭگا رەڭ سودا دۇنياسى سابىرنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي، تۇرگۇن مىجەزىگە ماس كەلمەي قالدى. ئۆمرىدە ئاق تۇخۇمنى كۆك بوياپ سېتىپ باقمىغان ھالال نىيەت بۇ ئادەم ئۇچۇن تىجارەتنىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرى بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ھىيلە ــ مىكىر، پەسكەش ــ چاكىنىلىقلار بەكمۇ يات تۇيۇلدى!... بۇ ھال بولۇپمۇ ئۇ بېشكەككە كېلىپ، بىر تۈركۈم ماللارنى ئۆزى

يايما ئىچىپ سىتىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى! . . .

بىر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆي ئىجارە ئالغان سودىگەر — قويۇق چاچلىرى بۇجغۇپ تۇرىدىغان، قوشۇما قاش، بەستلىك يىگىت خالىق ئىككى ئېغىزلىق تارغىنا بۇ ئۆيگە بىر رۇس قىزنى باشلاپ كەلدى.

— ئەمدى ئاداش . . . بويتاقچىلىق! . . . — دېدى ئۇ، سابىرنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، — ياقا يۇرت دېگەندە مۇشۇنداق ئاندا - مۇندا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ تۇرمىسا، زېرىكىپ قالىدۇ، ئادەم!

سابىر ئۇنچىقماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سائەت ئون ئىككىگىچە كىنو كۆردى، تاماقخانىغا كىردى، كوچا ئايلاندى. ئۇ خىيالىدا، بۇ چاغقىچە ھېلىقى قىز چىقىپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلاپ، چارچىغان ھالدا ئۆيگە كىردى. نەدىكىنى! قىز بىلەن خالىق بىر كارىۋاتتا خۇددى ھەشقىپېچەكتەك بىر - بىرىگە چىرمىشىپ، ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. سابىر نېمە قىلىشىنى بىلمەي خېلى ۋاقىتقىچە كارىۋىتىدا ئولتۇردى. ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چەكتى، بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمىدى. تۇرۇپلا، ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەندەك، ئىززەت ھۆرمىتى كەمسىتىلگەندەك تۇيۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزاق ئويلىنىپ، ئۇ يەنە ئۆزىگە تەسەللىي تاپتى: «بۇ يەردىكى تۇرمۇش شۇنداق ئوخشايدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى ئويلاپ تېگىگە يەتكىلى بولىدۇ؟! ياخشىسى، سودا سېتىقنى تېزرەك تۈگىتىپ يۇرتقا كېتىۋېلىش كېرەك! . . .»

ئۇ يايما ئىچىپ، خېرىدار چاقىرىپ، ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان بۇنداق شەيتانىنىڭ ئىشىدىن ھارسىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خالىق ئۇنىڭغا:

— ئاغىنە، بۈگۈن كەچتە ئۆيىمىزگە ئىككى مېھمان

كېلىدۇ، — دېدى سىرلىق ھىجىيىپ، — ئىككىمىز بىللە كۆتۈۋالىمىز، سىلى ئۇنداق تارتىنىپ قورۇنۇپ ئولتۇرماي، ئىنى كەڭ تاۋاردەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇڭلار جۇمۇ!

— بۇ ... بۇ قانداق بولىدۇ؟! — دېدى سابىر ھودۇققان، ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلمايلى خالىق! خوتۇن - بالا چاقىمىز بار ئادەم...

— ۋاي - ۋۇي، ئاداش! ... شۇ گەپمىدى! — دېدى خالىق مەسخىرە قىلغاندەك سوغۇق ھىجىيىپ، — ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدۇ. مەنمۇ خوتۇنۇم بىلەن توي قىلغاندا ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، مۇھەببىتىم بار ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭغا ئۇنداق ھەۋەس، ئىشتىياق قالمىدى. تۇرمۇشتا، كىشىلەر دەسلەپتە، ئىناۋەت، ۋاپا، سادىقلىق دېگەندەك گۈزەل گەپلەرگە ئېسىلىۋالىدۇ. لېكىن كېيىن، كۆڭلىدە ئويلىغاننى جىسمى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. كىمدۇر بىرى: «توي قىلىش — ئىپار ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىغان گۆرگە كىرىش» دېسە، نېمىدەيدىكىن دەپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىم، سىلىمۇ ئۆزۇڭغا قالماي بىلىپ قالىسىلەر ئاداش!...

— مەن ئۇنداق جىق گەپلەرنى بىلمەيمەن، خالىق! — دېدى سابىر جىددىي رەۋىشتە، — لېكىن مېنىڭ بىلىدىغان بىرلا گېپىم: خوتۇن - بالا چاقامنىڭ مېنى ئەسلەپ، سېغىنىپ تۇرغانلىقى، مەنمۇ ئۇلارنى سېغىنىپ، ئەسلەپ يۈرۈۋاتىمەن. شۇڭا، باشقىچە ھەۋەس يوللىرىنى كۆڭلۈم خالىمايدۇ. مېنى بۇ ئىشقا زورلىماڭ خالىق!

خالىقنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سابىردىن ئۆتۈنگەندەك تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— ئاداش، مەن سىلىنىڭ مۇنداق راھىپ مىجەزىڭلارنى



www.uyghurkitap.com

ئۇقماي، ئىككى قىزنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپتىمەن، ئۇلارنى بىللە كۈتۈۋالايلى، بۈگۈن ئۇلارنى ئاز - تولا مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويساق بولمامدۇ؟! بۇ قېتىم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭلار!

سابىر ئىلاجىسىز قالدى. ئۇنىڭ پىكرىنى يەنەرەت قىلىشقا يىگىتلىك غۇرۇرى يار بەرمىدى. كۆڭلىدە، بوپتىلا تونۇش - بىلىشلىرىمىزنى كۈتۈۋالغاندەك ئازدۇر - كۆپتۇر مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويمايمىزمۇ، دەپ ئويلاپ، بىر ئاز تەييارلىق قىلىپ قويدى.

راست دېگەندەك كەچتە ئىككى قىز كەلدى. ھەر ئىككىسى ياش ھەم چىرايلىق ئىدى. خالىق گىتار چېلىپ، ناخشا ئېيتتى، ئۇ چاقچاقچى خۇشخۇي ئىدى. سابىر تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ قىزلارنى كۈتتى، گۆش توغرىدى، ھاراق قۇيدى. يۇرتىنىڭ قەن - گېزەكلىرىنى تىزدى. ئۇلار ناخشا - مۇزىكا، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. بىر قىز سابىرغا يېپىشىۋالدى. سابىرمۇ ھاراقنى خېلى ئىچكەنىدى. ئادەتتە، مەست ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا رېئاللىق بىلەن خىيال ئارىلىشىپ، ئەبجەش بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا مەستلەر تۇرۇپلا نوچى، گاڭگۇڭغا ئايلانسا، تۇرۇپلا ئاجىز رايىشلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ!

خالىق بىر قىز بىلەن ئاللىقاچان كارىۋاتقا چىقىپ، شېرىن پىچىرلىشىشلارنى باشلىۋەتكەنىدى. سابىر بولسا، ئۆيىنى يىغىشتۇرۇش باھانىسىدە، بايا ئۆزىگە يېپىشىۋالغان قىزدىن قېچىپ، جىددىي خىيالغا پاتقانىدى: «بۇ قىزنى قانداق قىلىشىم كېرەك؟! ئالداپ - شىلاپ كەتكۈزۈۋېتەي دېسەم چوقۇم ئۆزى

يالغۇز كەتمەيدۇ! مەن ياتاقتىن چىقىپ كېتەيمۇيا؟! چىقىپ كېتىپ نەگە بارىمەن؟!» ئۇ مانا شۇنداق خىياللار بىلەن گاڭگىراپ تۇرغاندا، ھېلىقى قىز ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ سۆيۈشكە باشلىدى، سابىر قىزنىڭ لەۋلىرى تەگكەن يەردىن گويا ئوت چىقىپ يۈزىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك، گويا شۇ يەرگە قانداقتۇر بىر لەنەت تامغىسى بېسىلىپ، ئۇنى ئۆيالدۇرۇۋاتقاندەك، بىر قىسما ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن ئۇ قانچە ئويلاپمۇ، ئۆزىنى قاچۇرۇپمۇ، بۇ قىسماقتىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا باشقىچە يول تۇتۇش نىيىتىدە، بايا ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ۋوتكىنى شىشىسى بىلەنلا كۆتۈرۈپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىچتى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، مەست ـ ئەلەس ھالەتتە ياتتى. ھېلىقى قىز ئۇنى بىردەم سۆيۈپ، بىردەم قۇچاقلاپ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى...

دەل شۇ چاغدا — خالىق ئۆز جۈپتى بىلەن ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن، سابىر كىيىملىرىنىمۇ سالماي، لايدەك ئېغىر ياتقان ۋاقىتتا، كۈتۈلمىگەن ئېچىنىشلىق بىر ئىش يۈز بەردى: نىقابلانغان قوراللىق ئۈچ ئادەم ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار خالىقنى يوتقاندىن سۆرەپ چىقىپ، قىپيالىڭاچ پېتى تامغا قارىتىپ تۇرغۇزدى، سابىرنى قىسقا مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئىككى قىزنى قوڭلىرىغا تېپىپ، بىر بولۇڭغا قاپساپ قويدى.

— پۇل نەدە؟! پۇلنى چىقىرىش، تېز ـ تېز!...

ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، بىرى رۇستەك قىلاتتى.

— پۇل يوق، — دېدى خالىق قورققان بولسىمۇ، ئۆزىنى يەنە تەمكىن تۇتۇپ، — مەن پۇللىرىمنى يۇرتقا ماڭغۇزۇۋەتكەن. ھازىر جېنىمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق!...

— پۇلۇڭ بولمىسا جېنىڭ بارئىكەن، ياخشى! — دېدى

گىروي كەلگەن ساقاللىق بىرى، ئاندىن يېنىدىكى ئىككىسىگە ئۆينى ئاختۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى قولىدىكى قورال بىلەن خالىقنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنى تاياق زەربىدىن كۆكىرىپ، تاغاق سۆڭىكى سۇنۇپ، پىقىش - پىقىش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىڭرىغان، داد - پەرياد كۆتۈرگەن ئازابلىق ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى...

ئەمدى نۆۋەت سابىرغا كەلگەندى، بايىقى تاياقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇ مەستلىكتىن خېلىلا يېشىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بېشى گاراڭ، كۆزلىرى يەنىلا خامۇش ئىدى. ھېلىقى ساقاللىق ئەمدى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— سەنچۇ، سەندىمۇ پۇل يوقمۇ؟! ئەگەر ساڭىمۇ جان لازىم بولمىسا، پۇل يوق، دەپ تۇرۇۋەر!

راست، بۈگۈن سابىردا قولىغا لوق چىققۇدەك پۇل يوق ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرۇپ، ئالما-ئاتادىكى ئىككى شېرىكىگە ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. ئۇلار ئۇ يەردە تېرە بىلەن يۇڭ سودىسى قىلىۋاتاتتى...

بايا خالىقنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرد ئەمدى سابىرنىڭمۇ بېشىغا چۈشتى. تاياق زەربىدىن ئۇ، پۈكلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى تال يېتىمقوۋۇرغىسى سۇنغانىدى. لېكىن ئۇ ۋايجانلىمىدى. داد - پەريادمۇ كۆتۈرمىدى. لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالغانلىقتىن، ئاستىنقى كالپۇكى قاناپ، ئېڭەكلىرىگە قان سىرغىپ چۈشكەنىدى...

بۇلاڭچىلار ئۆينى ئاختۇرۇپ، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئاخىر تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، خالىقنىڭ چامادىنىدىن مىڭ دوللاردىن ئارتۇق پۇلنى تېپىۋالدى، سابىرنىڭ سومكا - چامادانلىرىدىن ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئۇلار قايتىش چېغىدا، سابىرنىڭ يېڭى ئالغان خۇرۇم چاپىنى بىلەن چامادىنىنى كۆتۈرۈپ

كېتىشتى...

ھېلىمۇ ياخشى، ئۆيدە قىزلار بارئىكەن، ئۇلار دەرمال تاكسى چاقىرىپ، خالىق بىلەن سابىرنى دوختۇرغا ئاپاردى. خالىقنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا بالنىتسىغا قوبۇل قىلىندى. سابىرمۇ شۇ كېچە دوختۇرخانىدا تۈنەپ قالدى...

سابىر ئالما-ئاتاغا كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەي، بۇ يەر بىلەن بىشكەك، تاشكەنتلەردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ تەقدىر، قىسمەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايە، خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانىدى. بەزىلەرنى قويمىچىلار ئوڭدا قويۇپ، سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويغان بولسا، بەزىلەرنى بۇلاڭچىلار تالان - تاراج قىلىپ، گاڭشا - جىنسا قىلىپ قويغانىدى. بەزىلەر ھەتتا پۇل ئۈچۈن، مال ئۈچۈن ئېزىز جانلىرىنىمۇ سېلىپ بەرگەنىدى. تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بازار تالىشىش، سودا تالىشىش، خېرىدار تالىشىش بىلەن بولۇۋاتقان دەھشەتلىك قورساق سوقۇشلىرىمۇ ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇنداق جەڭگى - جېدەل، مالىمانچىلىقلار بىرمۇنچە تىجارەتچىلەرنى پۇلدىن، كۈچتىن، ئابرويىدىن مەھرۇم قىلىپ، چەت ئەل كوچىلىرىدا ئىگە - چاقىسىز، سەرگەردانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. تۇرمۇش ئېقىنى گويا ئۇلارنى ياپيېشىل گۈزەل قىرغاقتىن بىردىنلا قاغجىراپ كەتكەن سەت بىر قاقاسلىققا ئەكېلىپ تاشلىغاندەك، رەھىمسىزلىك قىلغانىدى. بۇنداق ئىشلار بۇ يەردە ھەمىشە ۋە ئۇزلۇكسىز بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن سابىر بۇ ئىشلارنىڭ ئۆز بېشىغا بۇنچىلىك تېز كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ بىر خۇرۇم چاپىنى، بىر چامادىنى ۋە ئىككى تال يېتىم قوۋۇرغىسىنى ئېلىپلا بولدى قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭ پۇلىنى ئەكەتكەن بولسا، قانداق قىلاتتى؟! ئۇ، ئۆمۈر بويى شىركەتكە قەرزگە بوغۇلۇپ، يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقان بولاتتى. تېخىمۇ ئېغىرى، ئۇ



www.uyghurkitap.com

پۇل ـ دۇنيادىن ئايرىلىپ، خۇددى بۇ يەردە ۋەيران بولغان بەزى تىجارەتچىلەردەك، ۋەتەنگە قايتالماي، بالا ـ چاقىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆمۈرلۈك دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان بولاتتى!...

ئەمدى بولدى، خۇدا ئۇنى ساقلاپتۇ! تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇ ئەمدى ئۆز يولىنى تاپمىسا بولمايدۇ. ئالتۇننى زەرگەر، مىسنى مىسكەر سوققىنى ياخشى! ئاللانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغىنى: يول بىلەن رول ئىكەن!...

دەرۋەقە سابىر شۇ كۈنلەردە، بىرنەچچە ئايلارنىڭ ئالدىدىكى غەمسىز، كۆڭۈللۈك شوپۇرلۇق چاغلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش ھەشەمەتسىز، ئاددىي ـ ساددا بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈل خاتىرجەم، تىنچ ھەم ئازادە ئىدى. ئارتۇقچە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن خالىي ئىدى. ئۇ قاچانكى، چوڭ شەھەرلەرگە كەلدى، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلۇپ، ئىزدىن چىقتى؛ كۆڭۈل ئازادىلىكى تۈگەپ، ھەمىشە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ بۇ خىل تۇرمۇشقا خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھايات يولىنى تاپماقچى! شۇڭا ئۇ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا، قولىدىكى ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، يۇرتقا تېزرەك قايتىشنىڭ كويىغا چۈشتى!...

## 5

ئادەم ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندە، قۇياش چاقناپ تۇرغان تومۇز كۈنلەرمۇ سوغۇق ۋە يېقىمسىز، تولۇنئاي نۇر سېپىپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلەرمۇ زۇلمەتلىك ۋە كۆڭۈلسىز بىلىنىدۇ!...

ئايچېچەكنىڭ روھىي ھالىتى ھازىر شۇنداق ئىدى. تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، ھايات ۋاپاسىزلىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى گۇناھ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن بۇنداق چىدىغۇسىز ئازابقا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋاتامدۇ ـ يا؟! ئۇنىڭ باغرى نېمانداق قاتتىق! ئېھ، تۇرمۇش سەھىپىسى! سېنىڭ بەتلىرىڭ نېمىدېگەن رەڭمۇ رەڭ ھە؟! بەزى بەتلىرىڭدىكى قىزىل رەڭ ئادەمنى خۇددى چوغدەك كۆيدۈرسە، بەزى بەتلىرىڭدىكى كۆك رەڭلەر خۇددى مۇزدەك ئادەمنىڭ بەدىنىنى شۈركەندۈرىدۇ! بەزى بەتلىرىڭدىكى ئاق رەڭلەر ئادەمنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ، ھۇزۇر بېغىشلىسا، بەزى بەتلىرىڭدىكى قارا رەڭلەر خۇددى ئالۋاستىنىڭ قولىدەك ئادەمنىڭ گېلىنى بوغۇپ، جاھالەت قويىنىغا سۆرەيدۇ؟!... لېكىن ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، جۇشقۇن ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى، خۇشاللىق بىلەن قايغۇسىنى، ھىجران بىلەن ۋىسالىنى، قىسقىسى، ئۇنىڭ كۆز چاقنىتىدىغان ئاشۇ رەڭمۇ رەڭ سەھىپىسىنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئادەم ئۇنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى بىلەن چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى قانداق چۈشەنسۇن؟! شۇڭا بىر دانىشمەن: «كىشىلىك تۇرمۇش گويا جانلىق، قىزىقارلىق، ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىتابقا ئوخشايدۇ!» دەپتىكەن.

ئايچېچەك شۇ كۈنلەردە مانا شۇ كىتابنى ناھايىتى قىيىنلىپ ئازاب ئىچىدە ئوقۇۋاتاتتى...

ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدىن چىقماي، ئاھ ئۇرۇپ يېتىۋېلىشى، ئۇخلىماي، تاماق يېمەي ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىشى نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كەسىپداشلىرىنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ھەم ئۇلارنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۆمەك باشلىقى ئىلياسمۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ، ئۆز پىكىرىنىڭ توغرىلىقىغا بارغانسېرى

ئىشىنىۋاتاتتى. چۈنكى، گۈلنازنىڭ باشقىچە كېرىلىپ، گۈلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكى، ئايغىنىڭ تېخىمۇ سويۇلۇپ، بارغانلا يەردە ئايچېچەك بىلەن نۇرجاننىڭ غەيۋەت ــ شىكايىتىنى قىلىشى، قۇربانوفنىڭ ھېلىقى سېمىز خوتۇنى بىلەن سىرلىق، بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولۇشى قاتارلىق يېڭى ــ يېڭى ئالامەتلەر بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايتتى.
شۇڭا ئۇ، بۈگۈن نۇرجاننى ئەگەشتۇرۇپ، ئايچېچەكنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيمۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ ناھايىتى خامۇش پاراكەندە ئىدى. ئايچېچەكنىڭ تەقى ــ تۇرقىغا قاراپ ئىلىياسنىڭمۇ، نۇرجاننىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى يالتىراپ تۇرغان، دولقۇنلۇق بۇدۇر چاچلىرى نەچچە كۈندىن بېرى تاغاق تەگمەي چىگىشلىنىپ، پاخپىيىپ كەتكەنىدى، بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان يوغان قاپقارا كۆزلىرى قىسىلىپ، خىرەلىشىپ قالغانىدى. ئاپئاق يۈزى، قىزىل مەڭزى تاتىرىپ، سارغىيىپ كەتكەنىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەتتا ھەممىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان ئويناق كۆزى بىلەن سۇزۇك لەۋلىرىدىنمۇ كىشىنى ئەندىكتۇرگۈدەك، بىرخىل مەيۈسلۈك ۋە ئازاب چىقىپ تۇراتتى.
ئۇ، ئاكا ئورنىدا ئىچەكىشىپ كەتكەن ئىككى سەپدىشىنى كۆرۈپ، يەنە يىغلىدى. يىغلىغاندىمۇ، ئىچ ــ ئىچىدىن چىقىرىپ، ئۆزاق ئېزىلىپ يىغلىدى.
— ئايچېچەك، ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ، قەددىڭىزنى رۇسلاڭ! — دېدى ئىلىياس ئىچكۆيەرلىك بىلەن، — بىز سىزگە ئىشەنگەن، ھېلىمۇ ئىشىنىمىز! ھايات دېگەن ئويىنىشىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ، بەكمۇ قىممەتلىك! بولۇپمۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىز، ئۆزىڭىزگىلا مەنسۇپ ئەمەس، سىز بىر سەنئەتكار، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلسىڭىز، جەمئىيەتكە كېرەكلىك بىر ئىختىساس ئىگىسىنى نابۇت قىلغان بولۇپ قالىسىز. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇستىگە، ئازغىنا دەرد ـ ئەلەم ئۇچۇن ھاياتىدىن ئاسانلا ۋاز كەچكەن ئادەمنى كىشىلەر ياخشى نام بىلەن تىلغا ئالمايدۇ! سىز تەبىئەتتىكى كۈن تۇتۇلۇشنى كۆرگەنمۇ؟! ئۇ شۇنچە زۇلمەتلىك بولىسمۇ، لېكىن بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدۇغۇ! تۇرمۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىرقارىسىڭىز ئالەمنى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەندەك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالدىڭىزدا كۆركەم قۇياش پەيدا بولىدۇ! سىز ئۆزىڭىزنى ھازىر گويا ياردەمچىسىز، يېتىم قالغاندەك، قاتمۇ قات بېسىمغا ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىسىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە، كۆز ئالدىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتىسىڭىزلا، يەنە يېڭى بىر ماكانغا قەدەم قويىسىز. چۈنكى، ھەقىقەت ۋە ئادالەت سىز تەرەپتە!

ئايچېچەك يىغىدىن، ئېسەدەشتىن توختىدى. بېشىغا تۆھمەت تاشلىرى ياغقاندىن بۇيان، ئۇ بىرىنچى قېتىم، مانا مۇشۇنداق ئىشەنچكە، ھېسداشلىققا تولغان، ئىچكۆيەرلىك بىلەن ئېيتىلغان سەمىمىي سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ، بېشىنى كۆتۈردى، كۆز چانىقىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ، ئاۋۋال ئىلياسقا، ئاندىن نۇرجانغا قارىدى. ئۇنىڭ مىسكىن نەزەرى نۇرجاننىڭ يۈزىگە تىكىلگەندە، بىرپەس توختاپ قالدى. چۈنكى نۇرجانمۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە گويا بىرنەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك، مۈكچىيىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈمىدۋارلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. كۆڭلىمۇ ئايچېچەككە ئوخشاش، ئۇنداق چۆشكۈنلىشىپ كەتمىگەنىدى. ئەمدى ئۇمۇ ئىلياسقا ئۇلاپلا، ئايچېچەكنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان، قەلبىگە ئىشەنچ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

ــ ئايچېچەك، ئېھتىمال، ئانىڭىز ئۆز ۋاقتىدا «كۆز تەگمىسۇن» دەپ بويىنىڭىزغا تۇمار ئاسقان بولغىيتتى، لېكىن، ئارزۇ، ھامان ئارزۇ، ئادەمنى ھەرگىزمۇ بەختەرلىك ساندۇقىغا

سىلىپ قويغىلى بولمايدىكەن! ھاياتتا كىشىگە بەخت ـ ئامەتتىن كۆرە، بەختسىزلىك كۆپرەك ئۇچرايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا يالغۇز شېرىن كۈلكىلا ئەمەس، بەلكى ئاچچىق يىغا؛ بەخت ئەمەس، بەلكى قارا باسقاندەك بەختسىزلىكلەرمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن! لېكىن بىز ئۆزىمىزگە ئاق ھەم پاك! ۋىجدان ئالدىدا قىلچە ئازابلىنىدىغان يېرىمىز يوق، بۇ پەقەت ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن غەرەزلىك ھالدا پەيدا قىلىنغان بىر قارا تۇتەك! ئۇلارمۇ مۇشۇ يول بىلەن سىزنىڭ ئابرويىڭىزنى تۆكمەكچى، سەھنىدە باش كۆتۈرۈشىڭىزنى توسماقچى! لېكىن ھەقىقەت شامىلى كۆتۈرۈلسىلا تۇتەك تارقايدۇ! شۇڭا كۆڭۈل دەرۋازىڭىزنى مۇنداق مەھكەم ئېتىۋالماي، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، ھەمراھلىرىڭىزغا يېقىنلىشىڭ. گەرچە، سىزنىڭ ھازىر كۈلۈشكە ھەپىسلىڭىز بولمىسىمۇ، لېكىن ھەمراھلىرىڭىزنىڭ كۈلكە سادالىرىنى ئاڭلىسىڭىز كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىر سىزگە زۆرۈرى قايغۇ ـ ئەلەملەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، قانۇنىيەتلىك، ئاقىلانىلىك بىلەن ياشاشتىن ئىبارەت!

— شۇنداق، ئايچېچەك، — دېدى ئىلياس ئۇنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، — ھازىرقى ئەھۋال ئاستىدا، ھەرگىز چېكىنمىشكە، تىز پۈكۈشكە بولمايدۇ! ئەگەر سىز بىر قەدەم چېكىنسىڭىز، ھەسەتخورلار، قارا نىيەتلەر ئىككى قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. تىز پۈكۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بىز بۇ دۇنياغا رەزىللىك، قالاقلىق، نادانلىق ۋە قەبىھلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تۆرەلگەن!

سەمىمىي ئىشەنچكە، رىغبەتكە، ئىلھامغا تولغان بۇ، تەسىرلىك سۆزلەر ئايچېچەكنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قەلبىنى بېسىپ ياتقان قارا تاشنى، كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى ۋە كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن مۇدھىش خىياللارنى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خىرەلىك

سۈزۈلدى. يۈزىدىكى دەرد ئىزلىرى يوقالدى. .

ئىلياس بىلەن نۇرجان كەتكەندىن كېيىن ئايچېچەك بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئاغزى تېتىپ بىر پىيالە تاماق يېدى ۋە ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچمەيلا سافادا ئولتۇرۇپ، ئىلەك ـ سىلەك ئۇيقۇغا كەتتى. . .

× ×

ئايچېچەك تەستە ئاياغقا تۇردى. توققۇز كۈندىن بېرى جېنىنى قىينىغان روھىي قىسماقتىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ، كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىققا بىرىنچى قېتىم بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ قارىدى. لېكىن ئۇ، سەھنىگە چىقىپ، ناخشا ئېيتىشقا يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن ئۆيگە ئىلياس كەلدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئايچېچەككە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە خىزمەت ئىشلەۋاتاتتى.

— قانداق، تەييار بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، — بۈگۈن سەھنىگە چىقمىسىڭىز بولمايدۇ، ئاممىنىڭ تەلىپى كۈچلۈك!

— ئىلياس ئاكا، مەن . . . — ئايچېچەك يەرگە قاراپ لېۋىنى چىشلىدى، — قورقۇۋاتىمەن، سەھنىگە چىقىشنى ئويلىسامىلا، يۈرىكىم سىلىپ كېتىدۇ.

— قورقماڭ، ئايچېچەك، نېمىدىن قورقىسىز؟ — دېدى ئىلياس ئۇنى يەنە ئىلھاملاندۇرۇپ، — ئېھتىمال، بېشىڭىزغا كەلگەن بەختسىزلىك سىزنى ئاشۇنداق يۈرەكئالدى قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بەختسىزلىك دېگەن شۇنداق بىر مەخلۇقكى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئادەمنى ئازابلايدۇ، ۋەھىمىگە سالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئۇ، ئادەمنىڭ پىششىپ يېتىلىشىگە، ئىرادىسىنىڭ، غەيرىتىنىڭ تاۋلىنىشىغا تۈرتكە

بولىدۇ! سىز ئەمدى بۇنداق تۇگۇلۇۋالماي، قەتئىي چامداپ، ئالدىڭىزغا مېڭىڭ! سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز، غۇرۇرىڭىز، شان - شۆھرىتىڭىز سەھنىدە! ئىشىنىڭكى، سىزنىڭ قەلبيارىڭىز پەقەت تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشى بىلەنلا ساقىيىدۇ!

ئايچېچەك تۇيۇقسىز كەلگەن بىر غايىبانە كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن بۈگۈن كەچتە سەھنىگە چىقىش قارارىغا كەلدى، ئىلياسمۇ خۇشال ئىدى.

ئايچېچەك كەچتە — شەھەر كوچىلىرىنىڭ چىراغلىرى ئەمدىلا يانغان ۋاقىتتا ئۆيدىن چىقتى. شەھەرنىڭ كېچىلىك قايнام تاشقىنلىق ھاياتى باشلانغانىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئايچېچەككە بۈگۈن كېچە ھەممە يەرنى مەيۈسلۈك، قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالغاندەك سېزىلدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ھېلىلا ساقىيىپ چۈشىدىغاندەك سۈس جىمىرلايتتى. ئايچېچەك بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆرمەي سېغىنىپ قالغان شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ماڭدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ ئاۋات، كۆركەم كوچىلارمۇ خۇددى ئۆمچەرگەندەك، خامۇش كۆرۈندى. . .

ئۇ ئەمدى ئايلىنىشنى توختاتتى. سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئۇدۇل ئۆمەك تەرەپكە قاراپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى. . .

بۈگۈن زالدا ئادەم كۆپ ئىدى، بىرمۇ بوش ئورۇن كۆرۈنمەيتتى.

ئايچېچەكنىڭ ناخشىسى ئىككىنچى نومۇردا ئېلان قىلىندى. ئېلانچىنىڭ پەردىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، چىرايلىق تەزىمدىن كېيىن «ھازىر ياش ناخشىچى ئايچېچەك...» دېيىشىگىلا، زالدا گۈلدۈراس چاۋاك كۆتۈرۈلدى...

قىزىل دوخاۋا پەردە ئاستا ئېچىلدى، ئايچېچەك ئوڭ تەرەپتىن خۇددى مەيىن تاڭ شامىلىدەك لەرزان تەۋرىنىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇ، بۈگۈن ئۆز ۋاقتىدا پارىژ سەھنىسىگە كېيىپ چىققان ئېسىل كىيىمىنى — ئويما ياقىلىق، ئاچ قىزىل

رەڭلىك، پەش ـ ئېتەكلىرىگە ئالتۇن زەر تۇتقان بەل پۇرمە كۆڭلىكىنى كىيگەنىدى. ناۋاتتا پاتلانغان يۇمشاق پارقىراق چاچلىرى يەلكىسىدە دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. تاماشىبىنلارغا مۇلايىم تىكىلگەن كۆزلىرى بىلەن ئاق، مەرمەردەك سۈزۈك يۈزلىرى بولسا، رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ، جۇلالىنىپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك كۆرۈندى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى قىيغاچ ئېگىپ تۆۋەنگە — ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولغان تاماشىبىنلارغا چوڭقۇر ئىززەت ئېكرام بىلەن سالام بەردى. زالدا يەنە بىر قېتىم چاۋاك ۋە ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۇ، ئەمدى قولىدىكى مىكروفوننى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ، بايا ئېلانچىلىك داۋاملاشتۇرالمىغان گەپنى ئېلان قىلدى:

— مېنىڭ ناخشام ھەممىمىز ئۈچۈن سۆيۈملۈك بولغان ئانىلىرىمىزغا بېغىشلىنىدۇ! ئادەمزات پەيدا بولغاندىن باشلاپ، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، ئىمانىمىز ئانا بىلەن كامال تاپقان، دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىخارلىق، ھەممە گۈزەللىك ئانىغا بولغان مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان. شۇڭا، ئانا ئەزىز، ئانا مۆتىۋەر! — ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، ھاياجانلىق ئىدى. سۆزلىرىمۇ خۇددى لىرىك شېئىرغا ئوخشاش مەنىلىك، تەسىرلىك ئىدى. ئۇ سەھنىنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — قەدىمىي بىر رىۋايەت بار: دۇنيادا بىر ئايال ئۆتكەنىكەن، ئايال كىشىنى سەت دېيىشنىڭ ئۆزى گۇناھ! ئەمما، ئېرى ئۇنى ھەمىشە سەت دەيدىكەن، ئۇرىدىكەن، تىللايدىكەن! لېكىن تارىخنىڭ ئادىللىقىغا قاراڭ، مانا شۇ سەت ئايال ناھايىتى چىرايلىق بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇپتۇ، ئېرى بۇنىڭغىمۇ رازى بولماپتۇ. ئۇنى يەنە

سەت دەپ ئۇرۇپتۇ، تىللاپتۇ. ئاخىر ئۇنى بالىسى بىلەن قوشۇپ چۆل ـ باياۋانغا ھەيدىۋېتىپتۇ. ئانا بىچارە قولىدىكى گۆدەك پەرزەنتىنى باغرىغا تېڭىپ، ناھايىتى جىق يول يۈرۈپتۇ، چۆل كېزىپتۇ. بۇ جەرياندا، ئۆزى يېمەي، ئىچمەي، پەرزەنتىنى كۆكرىكى بىلەن بېقىپتۇ. بىر كۈنى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىدىن كېتىپ، بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ ئاستىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنداق بىر ئەقىدە باركى، «ئىنسان پاك بولسا، ئۇنى بىركۈنى ئەمەس بىركۈنى خىزىر بوۋاي يوقلايدۇ!» دېگەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا خىزىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ. قولىدا قىپقىزىل ئالما، ئاق كىيىم، ئاق سەللە، ئاپئاق ساقالدا تۇرغانمىش. خىزىر بوۋاي ئايالنى سىنىماقچى بولۇپ گەپ باشلاپتۇ: «ھەي ئايال، مانا ساڭا ئېسىل ئالما، ئەگەر بۇ ئالمىنى يېسەڭ، دۇنيادا سەندىن بەختلىك ئايال بولمايدۇ!»

ئايال ئالمىنى لېۋىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. «ھوي ئايال، — دەپتۇ خىزىر بوۋاي ئىككىنچى قېتىم، — ئەگەر بۇ ئالمىنى يېسەڭ، دۇنيادا سەندىن گۈزەل ئادەم بولمايدۇ!»

ساددا ئايال ئالمىنى چىشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

«ھەي ئايال، — دەپتۇ خىزىر بوۋاي ئۈچىنچى قېتىم، — ئەگەر بۇ ئالمىنى يېسەڭ، دۇنيادا سەندىن بەختلىك، سەندىن گۈزەل ئادەم بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا قولۇڭدىكى ئاشۇ گۆدەك پەرزەنتىڭ جان بېرىشى كېرەك!»

بۇ مۇدھىش گەپنى ئاڭلىغان ئايال قولىدىكى ئالمىنى چۆرۈپ تاشلاپ يولىنى داۋام قىپتۇ!...

مانا شۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ھېچقاچان ئۆز بەختىنى، ئۆز گۈزەللىكىنى ئويلىغان ئەمەس، پەقەت پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى، گۈزەللىكى ئۈچۈن جېنىنى تىكىشكە رازى! قېنى ئەمىسە، ئاڭلاڭلار، بىزمۇ ئاشۇ ئانا، ئانىجانلىرىمىزنى كۈيلەيلى، مەدھىيىلەيلى! مېنىڭ سىلەرگە

www.uyghurkitap.com

ئوقۇپ بېرىدىغان بىرىنچى ناخشام: «ئانا سۆيگۈسى!»

زالدا يېنىك، مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى. مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ، ئايچېچەكنىڭ لەرزان، نەپىس، ئەمما يارقىن ئاۋازى كۆتۈرۈلدى:

خىيالىڭ بىر ئوتتۇر، مەن ئۇندا خەسمەن،
كۆيۈپ كۈل بولسام، رازىمەن ئانا.
ھاياتىم، ئىمانىم، تەندە جانىمسەن،
سەن بولغاچ تۇرىمەن مەردانە مانا!...

ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ، زالدا يەنە گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازى ياڭرىدى. ئايچېچەك، بۇ ناخشىدىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن ئىككىنچى ناخشىسىنى ئېيتتى. بۇ ناخشىنىڭ مۇزىكىسى شوخ ۋە يەڭگىل، سۆزى ئەركىن ۋە ئويناق ئىدى:

مەيلى يۇرگىن مۇزلۇق تاغلاردا،
قەلبىم ئوتلۇق قەلبىڭگە تۇتاش.
مېنىڭ بەختىم سەن بىلەن،
سېنىڭ بەختىڭ مەن بىلەن.
مەيلى يامغۇر ياغقان كېچىلەر،
مۇھەببىتىم بولسۇن زەر قۇياش.

يۇقىرىقى ھېكايە بىلەن ناخشىلارغا ئايچېچەكنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ھېس تۇيغۇسى بىلەن ئوي - خىياللىرى، قايغۇ ھەسرىتى بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرى سىڭگەندى...

# ئالتىنچى باب

# گۈگۈم باسقان يول

## 1

سابىرنىڭ ئۆيدە ئويلىغان ئويلىرى يولغا يارىماي قالدى. ئۇ، چەت ئەلدىن كېلىۋېتىپ، ئەمدى ئۆيىنىڭ راھىتىنى كۆرىمەن، تارتقان جاپالىرىم ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. نەدىكىنى، ئۇنىڭ بۇ شېرىن خىياللىرى ئۆيىگە كېلىپلا خۇددى شامال سوققان يىكەن توزغىقىدەك توزۇپ كەتتى. ئۇنى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىنى راھەت ـ پاراغەت ئەمەس، بەلكى يۈرەكنى مۇجۇپ، جاننى قاخشىتىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت بولدى! ئۇ ئايچېچەك توغرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ كەتكەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قۇلىقىغا نەشتەر تىققاندەك تولغىنىپ كەتتى. نى ـ نى ئېغىر جىسمانىي ئازابلارغا پىسەنت قىلمىغان بۇ ئادەم كۈتۈلمىگەن بۇ روھىي ئازابقا راستىنلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى سۇغا چۈشسە پاراسلاپ يېرىلىدىغان ھاك تېشىدەك پۇچۇلىنىپ كەتتى! . . .

دەرۋەقە، ئۇ ئايچېچەككە ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ پاك، ۋاپادار خوتۇن ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايتتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق سەت، ئۇياتلىق ئىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ناھايىتى تېزلا

مۆزدەك سوغۇق، زەھەردەك ئاچچىق، زۇلمەتلىك تۇندەك كۆڭۈلسىز بىر سېزىم ئىگىلىۋالدى. بۇ سېزىمنىڭ بىر تەرىپىدە، گويا ئۇنىڭ ئەرلىك ئىززەت نومۇسىنى يەرگە ئۇرغان، جېنىنى قاقشىتىۋاتقان ۋاپاسىز ئايچېچەك؛ يەنە بىر تەرىپىدە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىستىلىپ كىرىپ، بەختلىك، بىر ئائىلىنى بۇزۇش ئۈچۈن زەھەرلىك قولىنى سوزغان، قارا كۆڭۈل نۇرجان تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

شۇڭا ئۇ، بىرنەچچە كۈنگىچە دومسىيىپ، بوغۇنۇقۇپ يۈردى. ئايچېچەكنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قەلبىنى چۈشەندۈرۈشى، ئىلياسنىڭ ھەقىقىي ئەھۋال ئۈستىدىكى تەھلىل پەرەزلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك بىلەن چىگىشلەرنى يېشەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە قانداقتۇر سوغۇق ھەم خىرە – شىرە بىر گۇمانىي تۇيغۇ ساقلىنىپ قالدى!...

ئۇ ھەتتا بەزىدە، نۇرجاننىڭ گېلىنى بوغۇپ، كىشىنىڭ خوتۇنىغا قارا سانىغانلىقىنىڭ ئاللا – توۋىسىنى كۆرسەتمەكچىمۇ بولاتتى. لېكىن يەنە غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، گۇناھنى خوتۇنىغا ئارتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، خوتۇن كىشى چىڭ ۋە بېجىرىم بولسا، ھەر قانداق ئەر كىشى ئۇنى خالىغانچە بوزەك قىلالمايتتى. شۇڭا، سابىر ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دەردىنى ھاراقتىن ئالىدىغان بولدى.

ئۇ، بۈگۈنمۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچتى، كەچكىچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈپ، يېرىم كېچىگە يېقىن ئۆيگە كەلدى. شۇ چاغدىمۇ ئايچېچەك ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىشىكلەرنى جالاقلىتىپ، غالدا – غۇلداڭ مېڭىپ ئۆيگە كىردى.

— سابىر، مۇشۇ چاغقىچە نەدە يۈردىڭىز، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ! — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ.

— نېرى تۇر! — سابىر ئۇنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىردى، — سەن تېخى ... مەن ... مەندىن

ئەنسىرەيدىغان بولدۇڭما؟! بىلىپ قوي، مەن . . .
مەن . . . سەندەك . . . ئەتىۋار ئەمەس! . . .

سابىرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، يۈرىكى ئۆرتەنگەن، چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى. ئۇ، ئۆي ئىچىدە بەئەينى ئوق تەگكەن يىلپىزدەك، غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، ياڭاق سۆڭىكى تومپىيىپ چىققانىدى، بارماقلىرى تۈگۈلۈپ غىرسلايتتى. ئايچېچەك ئۇنىڭ مەست هالەتتىكى بۇنداق تۇرقىدىن، ئەلپازىدىن چۆچۈدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ ئارام ئالغۇزماقچى بولدى.

— سابىر، ئولتۇرۇڭ، مەن ئىسسىق چاي قىلاي، چارچاپ قاپسىز! . . .

— چە . . . چېيىڭنى نۇر . . . نۇرغا بەر! . . .

ئايچېچەكنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، كۆزىگە يىغا ئولاشتى:

— سىز مېنىڭ قەلبىمنى نېمانداق چۈشەنمەيسىز، سابىر! مەن سىزگە، ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلمىدىم. خۇدا تۇرۇپتۇ، مېنىڭ نۇرجان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم كەسىپىي مۇناسىۋەت، ئاكا ـ سىڭىللىق مۇناسىۋەت!

— ئا . . . ئاكا ـ سىڭىللىق مۇناسىۋەتمىش؟! — سابىر زاڭلىق قىلغاندەك دىمىغىنى قېقىپ، زەهەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى، — نېمە . . . نېمىدېگەن چىرايلىق نىقاب ـ هە!

— سابىر، نېمىدەۋاتىسىز؟! — دېدى ئايچېچەك ئەلەمدىن بوغۇلۇپ، — مەن سىزگە يۈرەك سۆزۈمنى دەۋاتىمەن!

— ئا . . . ئاغزىڭنى يۇم! . . . — سابىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ئايچېچەكنىڭ ئاغزىغا بىر كاچات سالدى، تاياق زەربىدىن ئايچېچەكنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاق، يۇمران تېرىسىدە سابىرنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى قالدى.

سابىر ئەمدى بىردىنلا شۈكلەپ قالدى. گويا ئاشۇ تىل ۋە

ئاشۇ تاياق بىلەن نەچچە كۈندىن بېرى يۈرىكىگە يىغىلىپ قالغان دەرد ـ ئەلەملىرى ئازىيىپ، كۆكسى ـ قارنى بوشاپ قالغاندەك، دەرھال بېسىقىغا چۈشتى ۋە ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خىرامان خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. . .

ئايچېچەك كىچىچە كۆز يۇممىدى، ئېرىدىن تۇنجى قېتىم يېگەن تەستەك ئازابى ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ، سابىردىن ئاغرىنمىدى. تېخى يېقىندىلا ئۆزىنى ھاياتتىن، تۇرمۇشتىن تويغۇزۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەپ ماڭغان ئاشۇ مۇدھىش تۆھمەتنىڭ پۈتۈن سۇرۇك بىر ئەر كىشىنى ئۇنچىلىك غەزەپكە، نەپرەتكە ۋە ئازابقا سېلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇڭا ئۇ، سابىردىن ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ شۇم پېشانە تەقدىرىدىنلا ئاغرىناتتى. ئۇ ئەمدى سابىردىن تېخىمۇ قاتتىق تىل ـ ئاھانەتلەرنى ئاڭلاشقا، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم تاياق ـ توقماق يېيىشكە ھازىرلاندى. ئەگەر سابىر مۇشۇنداق قىلىش بىلەنلا، كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى يوقىتىپ، دىل ئازارلىقىنى يەڭگىللىتەلىسە، ئۇ بۇ ئازابلارنى تارتىشقا رازى ئىدى. . .

ئايچېچەك ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئەتىگەندە سابىرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى، ئاخشامقى ئىشلارنىڭ يەنە قانداق يوسۇندا داۋاملىشىشىنى رايىشلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى. شۇغىنىسى، سابىر ئورنىدىن تۇرغاندا، ئايچېچەك كۈتكەن ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىدى. سابىر خۇددى ئاخشامقى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك زادىلا ئاغزىغا ئالمىدى. چاي داستىخىنىدا، ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكىپ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي جىممىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى گويا دەرد تارتقان، ئازابلىنىۋاتقان ئادەمدىن كۆرە، تەڭلىكتە قالغان، خىجىل بولۇۋاتقان ئادەمنىڭ قىياپىتىگە بەكرەك ئوخشاپ



www.uyghurkitap.com

كېتەتتى. ئايچېچەك ئاڭلاشقا تەييارلىنىپ تۇرغان تىل ـ ھاقارەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەڭگىل بىر ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىز جىملىقنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئاۋايلاپ ئىغىز ئاچتى:

— چىيىڭىز سوۋۇپ قالدى سابىر، ئىچمۈبىلىڭ، بۈگۈن شىركەتكە بارامسىز؟

سابىر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— ئەمدى شىركەتتە ئىشىم يوق!

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولغاندەك ھولۇقۇپ سورىدى ئايچېچەك.

— ئۇلارنىڭ يۈك ماشىنىسىنى كۆتۈرە ئالدىم، — دېدى سابىر يەنە شۇ تاماكىسىنى پۇرقۇرىتىپ چەككىنىچە، — ئۆزۈن يولغا قاتنايمەن!

ئايچېچەك «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەندەك سوئال نەزەرىدە سابىرغا تىكىلدى. لېكىن سابىر ھېچ نەرسە دېمەي، يۈزىنى چەتكە بۇراپ ئولتۇرۇۋەردى.

سابىر چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئايچېچەككە ھېچ نەرسە دېمىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى. سابىر چەت ئەلدە ئويلىغان پىلانى بويىچە، شىركەتتىن چىقىپ ئەسلى ئورنىغا قايتماقچى ئىدى. لېكىن شىركەتتىكىلەر ئۇنىڭ پىشقان، ياخشى شوپۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزلىرىدىكى يۈك ماشىنىسىنى ئۇنىڭغا كۆتۈرە بەرمەكچى بولدى. سابىرنىڭ مەقسىتىمۇ ئەسلى ھۈنىرىنى تېپىۋېلىش بولغاچقا، بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئۇ بۈگۈن ياكى ئەتە توختامغا قول قويسىلا يولغا چىقىپ كېتەلەيتتى.

— ماڭا يول بىلەن رولدىن باشقىسى بىكار ئىكەن! — دېدى سابىر ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەندەك غودۇڭشىپ، — ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

يوللارنى ئايلانسام، بەلكىم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالارمىكىن...

ئايچېچەك ھېچنېمە دېمىدى، ئېرىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز قارارى ئۇنىڭغا بىر ئاز غەلىتىرەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، شۇ كۈنلەردە ئۇزئارا چىراي ئاچماي دومسىيىپ، بىر ئۆيدە خۇددى ئاداۋەتچىلەردەك سوغۇق - سۆرۈن تۇرغاندىن كۆرە، ئاندا - مۇندا ئايرىلىپ، ئاستا - ئاستا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى. شۇنداق بولغاندا، سابىرغىمۇ كۆپرەك ئويلىنىش، كۆزىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق كۆڭلىدىكى گۇمانلارنى يېشىشكە پۇرسەت تۇغۇلاتتى. ئايچېچەكمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ۋە توغرا يەكۈنلەش ئارقىلىق، قەلب جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا ئىمكان تۇغۇلاتتى!...

ئايچېچەك دەقىقە ئىچىدە مانا شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

## 2

بۇلارنىڭ بالا باققۇچىسى گۈلسۈم جەنۇبتا ئۆسكەن ساددا، ساغلام ۋە تېتىك قىز ئىدى. ئۇ بۇ يىل ئون بەش ياشتىن ئاشتى، بۇرۇنقى ئورۇق، زىلۋا بەدىنى خېلى تولۇپ، قىزلارغا خاس فىگۇرا ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ۋاھ دېگۈدەك گۈزەللىكى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، شۇنداق ئوماق، قوڭۇر كۆزلىرى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدىكى، بۇ كۆزلەر چاقنىغاندا، ئۇنىڭ مەسۇم چىرايىغا بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك ۋە بالاغەتلىك تۈسىنى بېرىپ، كىشىنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى...

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئايچېچەك سىرتتا ئويۇن قويغىلى چىقىپ كەتتى. سابىر كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئېگىز قىرلىق ئىستاكانغا لىقمۇ لىق ئاق ھاراقنى قۇيۇۋېلىپ، ياتاق ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرگەچ ھاراق ئىچىپ ياتتى. بىر چاغدا گەجگىسى

قېتىپ، دۈمبىسى ئېغىرلاشقاندەك بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز گۈلسۈمنى توۋلىدى، گۈلسۈم تېزلا ئۇنىڭ يېنىغا كىردى.

— ساباھەت ئۇخلىدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ بىرئاز ئۆرە بولۇپ.

— ھەئە، ئىش بارمىدى؟ — گۈلسۈم ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردى.

— غولۇم تارتىشىپ ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى سابىر كېرىلىپ تۇرۇپ، — بىرئاز تۇتۇپ قويامسەن؟

— ماقۇل، تۇتۇپ قوياي، — دېدى گۈلسۈم ۋە سابىرنىڭ يېنىغا كېلىپ تەييارلىنىپ تۇردى. سابىر مايكىسىنى يۇقىرى قايرىپ دۈم ياتتى. گۈلسۈم ئۇنىڭ ئۇچىسىنى مۇجۇپ تۇتۇشقا باشلىدى. سابىر بۇرۇن ھەر قېتىم يولدىن كەلگەندە، ئايچېچەك ھەمىشە ئۇنىڭ ئۇچىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قوياتتى. چۈنكى، كېچە - كۈندۈز رولغا قادىلىپ ئولتۇرۇش نەتىجىسىدە، سابىرنىڭ گەجگىسى تېلىپ، دۈمبىسى تارتىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۈگۈن ئۇ بىرىنچى قېتىم گۈلسۈمنى چاقىرىپ، ئۇچىسىنى تۇتقۇزۇۋاتاتتى. گۈلسۈمنىڭ قولى گويا شىپالىق سۈپكۈچتەك ئۇنىڭغا بەك خۇشياقتى، ئىسسىق، يۇمران بۇ قوللار ئۇنىڭ ئاغرىۋاتقان ئۇگە - ئۇگىلىرىگىچە تېگىپ، جىنىنى بەك راھەتلەندۈردى. گۈلسۈم سابىرنىڭ گەجگىسىدىن باشلاپ تاكى بەللىرىگىچە ئۇۋۇلاپ تۇتتى. ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن تاراۋاتقان بىر خىل ئىسسىق ئېقىم، بىر خىل نازۇك سەزگۈ سابىرنىڭ ئەڭ ئۇششاق نېرۋا ۋە ھۈجەيرىلىرىگىچە بېرىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر شېرىن لەززەت بىلەن غىدىقلىدى. ئۇ مۇنداق ھېسسىياتنى ئۇزۇندىن بېرى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى. يېپيېڭى، ئىلاھى بىر تۇيغۇ خىرە - شىرە چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىپ كەلگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

— چارچىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سابىر ئۆزىنى تۇتۇپ. ئەگەر شۇ چاغدا گۈلسۈم «چارچىدىم» دېگەن بولسا، سابىر ئۇنىڭدىن مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى تارتىپ، ئەمدى بولدى، چىقىپ ئۇخلا! دېگەن بولاتتى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، گۈلسۈم باشقىچە جاۋاب بەردى:

— ياق، چارچىمىدىم!...

سابىر دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن قەستەنگە سورىدى:

— قولۇڭ نېماداق كۆچلۈك سىنىڭ؟

— ئەمدى چوڭ بولدۇم! — دېدى گۈلسۈم ۋە چوڭ بولغانلىقىغا پەخىرلەنگەندەك، تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى.

— چوڭ بولدۇم؟ — سابىر قايتۇرۇپ سورىدى ۋە ئويلاپ قالدى.

راست، ئۇ چوڭ بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدىلا، سابىر ئۇنىڭ ئۆتكەندە بىرنەچچە قېتىم ئايچېچەكنىڭ گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى ياساپ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. مانا، «قىز ۋاقتىم — سۇلتان ۋاقتىم» دېگەن شۇ — دە!

— ئەمىسە، بىر ئاز دېمىڭنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن يەنە تۇتۇپ قوي، — دېدى سابىر يانغا ئۆرۈلۈپ ۋە ھېلىقى ئىستاكاندىكى ھاراقتىن ئىككى يۇتۇم ئىچىۋېتىپ داۋام قىلدى، — قولۇڭنى تامغا ئۇرۇۋەت، مەندە قوقاق ئېغىر.

— گۈلسۈم ئىككى ئالىقىنىنى تامغا بىرنەچچە قېتىم چاۋاكلىۋېتىپ، يەنە ئۆز جايىغا — سابىر قىيپاش يانقان كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇيقۇڭ كەلمىدىمۇ ؟ — سورىدى سابىر ئەتەي ئۇنىڭدىن گەپ كوچىلاپ.

— ياق، تېخى بالدۇرغۇ، تېلېۋىزورمۇ تۈگىمىدى، —

دېدى گۈلسۇم كۆزىنى تېلېۋىزوردىكى قىزىقارلىق ئويۇنلاردىن ئېلىپ سابىرغا قاراپ، — سىزمۇ ئۇخلىماي ئولتۇرسىزغۇ، مانا!

شۇ گەپلەر بىلەن ئىككىيلەننىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. بىر - بىرىگە قارىغىنىچە بىر پەس ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشتى. سابىر گۈلسۇمنىڭ نۇر ۋە ھارارەتتە يېنىپ تۇرغان غەرەزسىز كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ شوخ، غەمسىز ياشلىقىنى، ئوت - ئاتەش بولۇپ ئۆتكەن سەۋدايى چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇئان، ئۇنىڭ بىر خىل يوشۇرۇن ئىستەكتە يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى قىزىنىڭ مەسۇم چىرايىغا مەختەك قادىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە، ئاق - تۇيغۇسىغا ئاستا - ئاستا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا، گۈلسۇم چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئاللىقانداق سىرلىق، غەلىتە بىر تۇيغۇنىڭ غىل - پاللا پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى. سابىرنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان قانداقتۇ بىر پىكىر گويا بىر خىل بىشارەتتەك، ئۇنىڭ ئېڭىدىن لەپپىدە ئۆتۈپ كەتتى...

— ئەمدى مەن چىقاي... — دېدى گۈلسۇم بىر نەرسىدىن ئەندىككەندەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نېمە بولدى، بىر دەمدە ئۈيقۇڭ كەلدىمۇ؟ — سورىدى سابىر ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — يەنە بىر ئاز ئولتۇر، تېلېۋىزورنىڭ قىزىق يېرى ئەمدى چىقىدۇ...

«شەيتاندىنمۇ ئادەم شەيتىنى يامان» دېگەن مانا شۇ! سابىرنىڭ ئوتتەك قىزىغان يىرىك، بېجىرىم قولى ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ، گۈلسۇمنىڭ دەسلەپ بىلىكىدە، كېيىن مۈرە ۋە مەيدىسىدە لەرزان ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. گۈلسۇم نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدى. تىنىقى ئىتتىكلەپ، يۈرىكىنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان

بىر خىل لەززەتلىك سېزىم ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، بىر نەرسە دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكىمۇ، سابىرنىڭ يېنىدىن ئۆزىنى ئەكېتىشكىمۇ ئامالسىز ئىدى. چۈنكــــى، شۇ چاغدا سابىرنىڭ كۆزلىرىدە يانغان جىنسىي ئىستەك ئوتى ئۇنىڭ ياش، ساغلام ۋۇجۇدىدىمۇ بىر خىل ئىللىــق، شېرىن سېزىم پەيدا قىلغانىدى. بۇ خىل ئىستەك ۋە سېزىم ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان ناھايىتى ئاچكۆز، تەقازىزا، نومۇسسىز ھەم قەبىھ ئىدى! خېلىلا يېتىلگەن سەبى قىزنىڭ مانا شۇ تەلپۈنۈشــى، ئىشەنچى ۋە بېسىپ بولماس ھېسسىياتى ئۇنى بۇ ئەرنىڭ قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا، بۇ ئەر ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى، ھەتتا ئەڭ نازۇك ۋە يوشۇرۇن سىرلىرىنىمۇ ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى. خۇداغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تاپتا، ئۆزىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ تۇرغان بۇ ئەرنىڭ بارلىق سۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئاشۇ چىرايلىق ۋە سەبىي يۈزىنى — ئانىسىدىن باشقا ھېچكىمنىــــڭ ئاغزى تەگمىگەن پاك يۈزىنى ئۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. كېيىن ئاھۇنىڭ كۆزىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان مەستانە كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى، كۈچلۈك ئىككى قول گىرەلىشىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى...

شۇ چاغدا، گۈلسۈم بىــر نەرســـدىن ئــۈركــۈپ چۆچۈگەندەك، كۆزىنى يوغان ئاچتى ۋە «ياق - ياق!...» دەپ ئازابلىق ئىڭرىدى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. ھايال ئۆتمەيلا، ئۇ پۈتۈن ئەزايىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بىر خىل خۇش پۇراقنى ھىدلاۋاتقاندەك، مەستخۇش ھالەتكە كەلدى. ئەمدى ئۇ، ئۆزىنى سابىرنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ، خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىۋاتقان بىر بۇيۇمغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى...

سابىر دەسلەپتە، بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە بۇنچىلىك بەخت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ شۇ

تاپتا، خۇپپىيانە ھالدا قۇچاقلاۋاتقىنى ئادەملا ئەمەس، بەلكى قول تەگمىگەن يۇمران ۋە ئوت - ئاتەش بىر قىزنىڭ ھازىرى، كېلەچىكى ۋە پۈتۈن ئەسلى - ۋەسلى ئىدى! . . .

ئەتىسى ئەتىگەندە، سابىر قارا باسقاندەك ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى. يېنىدا ئايچېچەك تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىپ، يېنىدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيمىغانىدى. ئۇ ئايچېچەكنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى پەرىشتە سۈپەت چىرايىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، بىردىنلا ئاخشامقى ئىشنى ئېسىگە ئالدى - دە، گويا كەچۈرگۈسىز بىر گۇناھ قىلىپ قويغاندەك، يۈرىكى ئاغدى. ئايچېچەكنىڭ ھەمىشە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى، غەرەزدىن، شۇملۇقتىن خالىي مەسۇم چىرايى، ئادەمنى ۋاپا ھەم سەممىيەتكە ئۈندەيدىغان لەۋزى ھالال سۆزلىرى ئۇنى ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرىتىپ، بىئارام قىلىپ قويدى. ئۇ تۇرۇپلا، ئۆز ئىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغاندەك، ئۇيالغاندەك ئازابلاندى. ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى! . . .

ئۇ يوتقاندىن يېرىم سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بېشىنى مۇزدەك سوغۇق تامغا تىرىگىنىچە، ئىچىدە بىر پەس دەھشەتلىك، ئاۋازسىز جەڭ قىلدى. ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئازابلىق ھېسسىياتتا ئايچېچەكنىڭ، گۈلسۈمنىڭ روھى بىلەن غايىۋانە ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا نېمىنىدۇر پىچىرلاپ، ئاخشامقى تەلۋىلىك بىلەن قىلىنغان سەت ئىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئەپۇ سورىغاندەك، ئۆزرە ئېيتقاندەك قىلدى. . .

لېكىن بۇ خىل ئۆكۈنۈش، پۇشايمان تۇيغۇسى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ، ھەرباب بىلەن ئۆزىگە سەۋەب ھەم تەسەللىي تاپتى: «ھېچبولمىغاندا، ئايچېچەك بىلەن تەڭلەشكەندىمەن؟! — دەپ ئويلىدى ئۇ، ئۆزىنى ئاقلاپ، - قانىنى - قان بىلەن، داغنى داغ بىلەن يۇيۇش دېگەن مانا شۇ! ئۆچ ئېلىش، پۇخادىن چىقىش

دېگەن ھەممە ئىشتا بولىدۇ. ئۆتنە ئالەم بۇ! ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدۇ. ھېلىغۇ ئۇنداق چوڭ ئىش ئىكەن، بىر تاۋاق ئۇماچنىڭمۇ ئۆتنىسى بارغۇ!...»

سابىر ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن، لېكىن، ۋىجدانى ئالدىدا يەنىلا ئۆز ـ ئۆزىگە يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ھەققانىي بىر سادا گۈلسۈم ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلەپ، ئىنساپقا، مەسئۇلىيەتكە چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى!...

سابىر ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتىمۇ قىلماي سىرتقا چىقىپ كەتتى. چۈشكىچە يۇك ئىزدەپ تېپىپ، ماشىنىسىغا باستى. چۈشتىن كېيىن ئۆيدىكىلەر بىلەن چالا ـ پۇچۇق خوشلىشىپلا، ئۆزىنىڭ يولغا سەپەر قىلدى.

ئۇ، شۇ كەتكەنچە، بىرەر ئايدىن ئارتۇق ئۆيگىمۇ قايتماي، نەلەردىدۇر ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كەتتى...

## 3

ھېلىقى كېچىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن كۆتۈلمىگەن ئىشتىن كېيىن، گۈلسۈمنىڭ ياش ۋە يۇمران بەدىنى مۇھەببەتنىڭ گۈلخانى بولۇپ ياندى. ئۇ سابىردىن باشقا ھەرقانداق ئەر كىشىگە قىزىقمايدىغان، دۇنيادا پەقەت ئاشۇ بىرلا ئەر كىشى باردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ئۆزى كۆرگەن بارلىق يىگىتلەرنى ئوتتۇز نەچچە ياشلىق سابىر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇلارنى يۈزىگە تۈك چىقمىغان، ھېسسىياتى يوق گۆدەك باللاردەك ھېس قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ گويا ئۆزىنى سابىرغا نىسبەتەن مەڭگۈ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى باردەك، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغاندەك سېزەتتى...

گۆدەك قىز بۈگۈن كېچە ئاشۇنداق شېرىن ۋە ھەسرەتلىك



www.uyghurkitap.com

خىياللار بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى، خىيالىدا ئاستا ـ ئاستا بىر ئەركەكنىڭ قولى ئۆزىنىڭ يۇمران بەدىنىنى سىلاۋاتقاندەك بىر خىل تاتلىق تۇيغۇغا چۆمدى. بۇ، قول بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن ھەم قوپال ئىدى... ھەددىدىن تاشقىرى روشەن بۇ ئەسلىمە ھە دېگەندىلا ئۇنى بىھوشلاندۇردى. قاراڭغۇلۇق ھەممىنى يۇتۇپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا، ئۇ ئۆزىنى خۇددى شۇ ئىش ئۇچۇنلا بۇ دۇنياغا تۆرەلگەندەك ھېس قىلدى. ئادەمنى مەست قىلىپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە چۆمدۈرىدىغان بۇ ئىش ئۇچۇن ھېچقانچە بەدەل تۆلەش كەتمەيتتى... لېكىن، ئۇ يەنە تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدى. ئىختىيارسىز بېشىنى سىلكىدى. قۇتراپ كەتكەن ھېسسىياتلىرى سۇسلاپ، ۋۇجۇدىنى قاپسىۋالغان سېغىنىش ۋە مەپتۇنلۇق پارچىلىنىپ كەتتى. ياق، ئەمدى بولدى! شۇ كېچىدىكى بەئۇۋاشلىقمۇ يېتىپ ئاشىدۇ! بۇ مۇھەببەت ئەمەس! بۇنداق سىرلىق، خۇپىيانە ئىشلار ياخشى ئەمەس! ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئۇنداق ئىشنى زادى قىلمايمەن! كەلگۈسىدىكى بىر كۈنلەردە، مەندىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بولۇشى، مەلۇم بىر يىگىت مېنى چىن دىلىدىن ئاشكارا سۆيۈشى مۇمكىن، شۇلا مېنىڭ ھەقىقىي ئېرىم بولىدۇ. مېنىڭمۇ ئوماق باللىرىم بولۇشى كېرەك. ئاللا مېنى كەچۈرىدۇ، ھەرگىز ئەيىبكە بۇيرۇمايدۇ!...

ئۇ ھەم ھاياجان، ھەم دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئاشۇ گەپلەرنى ئاستا، لېكىن قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى... كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئەسلەش، سېغىنىش ۋە ھايات يولىنى قايتا تاللاشقا ئوخشاش مۇرەككەپ، چىگىش خىياللار بىلەن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى!

دۇنيادا ۋاقىتنىڭ قۇدرىتىگە نېمە تەڭ كەلسۇن! ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ سىنىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇنىڭ سىنىقى ھەم ئادىل، ھەم شەپقەتسىز!

شۇ كۈنلەردە، گۈلسۇم ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز بىر سىناققا

دۈچ كەلدى. ھەمىشە غەمسىز، ئويۇن كۈلكە بىلەن ئويناپ، يايراپ يۈرىدىغان بۇ گۆدەك قىزنىڭ يۈرىكى گويا شۇ كۈنلەردە ئېزىلىپ، تەمتىرەپ قالغان كىشىنىڭ يۈرىكىدەك بىر خىل ۋەھىمە بىلەن ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى! ئۇ، تۈنۈگۈن ئاشخانا ئۆيدە قورۇق ھۆ بىلەن قىينىلىۋىدى، ئايچېچەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن ھالىنى سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ گۈلسۈم، كۆڭلۈڭ ئېلىشىۋاتامدۇ؟

— ھەئە، ئايئاچا، تاماق زىيان قىلغاندەك قىلىدۇ...

— دورا بېرەي، ئىچىۋەت.

— ماقۇل...

لېكىن، ئۇنىڭغا دورا تەسىر قىلمىدى. بۇ ئىش قايتا ـ قايتا بولىۋەرگەندىن كېيىن، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئايچېچەك ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى. لېكىن بۇ گۇمان ھەرگىزمۇ ئۆزى ئىشەنگەن، ياخشى كۆرگەن ئادىمى سابىر ئۈستىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ گۈلسۈمنى «سىرتتا بىرەرسى بىلەن ئىلىنىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، ھازىر ياشلار بەك تاپتىن چىقىپ كەتتى...» دەپ ئويلاپ، ئۇنى تەنبىھ قىلىشقا باشلىدى.

— گۈلسۈم، راستىڭنى ئېيت، ساڭا بىر ئىش بوپتۇ! بىرەر يىگىت بىلەن ئوغرىلىقچە يۈردۈڭمۇ؟!

قىز تىرنىقىنى تاتىلاپ، يەرگە قارىغىنىچە جىم تۇردى.

— گەپ قىل گۈلسۈم، مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئىگىسىنى تاپمىسام بولمايدۇ! بولمىسا، سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟!

گۈلسۈم يەنىلا ئۆمچەرەپ، گۆشىيىپ جىم تۇرۇۋەردى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك، ئەلەڭلەپ قالغانىدى. ئايچېچەك ئۇنى داۋاملىق قىستاشقا، ئەيىبلەشكە باشلىدى:

— گەپ قىل دەيمەن، نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك بۇ؟!
كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنداق نومۇسلۇق ئىشلارنى قىلىشقا يۈزۈڭ قانداق چىدىدى!

گۈلسۈم بىردىنلا پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئايچېچەكنىڭ تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرى ئۇنى ئالداپ، ئازدۇرغان، گۆدەك قىز ھېچنېمىنى بىلمەيلا، ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي بولمايتتى. گۈلسۈمنى ئاتا ـ ئانىسى ئۇن بىر ياش ۋاقتىدىلا، سابىر بىلەن ئايچېچەككە ئىشىنىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىزنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ھەم كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئادەم قىلىپ چىقىش مەجبۇرىيىتى بار. ئۇ تېخى ئون ئالتە ياشقا توشا ـ توشمايلا بۇنداق ئۇياتلىق ئىش يۈز بەرسە، بۇ گۈلسۈمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى سابىر بىلەن ئايچېچەك ئۇچۇنمۇ چوڭ سەتچىلىك، ھەم باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟! شۇڭا، بۇ ئىشنى چوقۇم قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، كۆزى ئېچىلمىغان گۆدەك بىر قىزنى ئالداپ كەتكەن ئالدامچىنى تېپىپ، ھەقدادىغا يەتكۈزۈش زۆرۈر ئىدى. ئايچېچەكنىڭ نەزەرىدە، نىكاھ يېشىغا يەتمىگەن بىر قىزنىڭ ئىپپىتىگە تېگىپ، ئارقىدىن يەنە ھامىلىدار قىلىپ قويۇش ـ چوڭ گۇناھ، ئۇنىڭدىن قاتتىق ھېساب ئالمىسا بولمايتتى!

ئايچېچەك شۇ كۈنى كەچتە، گۈلسۈمنى ئۆز يېنىدا ياتقۇزدى ۋە يۇمشاق، سىلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا بىر مۇنچە ئۈمىدلىك بېشارەتلەرنى بەردى. قىزنىڭ قەلبى ئاستا ـ ئاستا ئېرىدى. ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭغا ئازابلىق، ھەسرەتلىك تۇيۇلدى. ئايچېچەكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھەقىقەتەنمۇ سەت، ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك ھېس قىلدى. بىرخىل ئۆكۈنۈش،

www.uyghurkitap.com

خىجىللىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرخىل سەمىمىي، راستچىللىق تۇيغۇسى ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ ئىختىيارسىز هالدا، سابىر بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. لېكىن كۇتۇلمىگەندە، سۆزىنىڭ ئاخىرى تۇگە ـ تۇگمەي، ئايچېچەكنىڭ غەزەپ بىلەن ئۇرغان بىر تەستىكى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ، دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى...

ئايچېچەك خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئىچ كىيىم بىلەنلا دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ، ئۆكسۈشكە باشلىدى...

كۇندەشلىك گەرچە بىر خىل ئازابلىق، ئاچچىق تۇيغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، مەلۇم بىر كىشىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتتىن پەيدا بولىدۇ. شۇ تاپتا، ئايچېچەكنىڭ قەلبىدە سابىرغا — قىز ـ چوكانلارنى پايپاق ئورنىدا كۆرۈپ، خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇنداق ۋاپاسىز، ئۇچمە كۆڭۈل ئەرگە نىسبەتەن كۇندەشلىكنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن هازىر ئايچېچەكنىڭ قەلبىدە پەقەت نەپرەت ۋە يىرگىنىشلا بار ئىدى!...

هاۋا ئوچۇق، كېچە ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق يۈزى دېرىزىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن شۇ چاغدا، قەيەردىندۇر كۆتۈرۈلگەن قويۇق بوغۇناق تۇتۇن تۇيۇقسىز هاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ، سۈزۈك ئاسماننىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈردى...

ئايچېچەك بايا بىلگەن ئىشلار ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، ئائىلىگە بولغان بارلىق ئىنتىلىش ھەم ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ئىش گويا تاغ قىيانى بىردىنلا بۆسۈپ كېلىپ، جىمى توسۇق ـ قاشالارنى ۋەيران قىلغاندەك، ئۇنىڭ سابىرغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى، ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى

نابۇت قىلىپ، تېگى يوق ھاڭغا چۆرۈۋەتكەندەك بولدى. . .

بىر ھەپتە ۋاقىت ئەنە شۇنداق باھارسىز، قىش - زېمىستاندەك ئۆتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سابىر تۇيۇقسىز سەپەردىن قايتىپ كەلدى. ئۇ خېلى بىر مەزگىل ئۆيدىن، بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىپ، سەپەر ئۈستىدە دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ، نۇرغۇن قېقىل - سوقۇللۇق ئىچىدە رىيازەت چەككەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئۆينى، ئايچېچەكنى ۋە قىزى ساباھەتنى ئوبدانلا سېغىنغان، ئىسسىق ئائىلىنىڭ قەدرى خېلى ئۆتۈلگەنىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ قېتىم ئۆيدە ئۇزۇنراق تۇرۇشنى، بۇ جەرياندا، ئايچېچەك بىلەن كۆپرەك سىردىشىپ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئاللىقانداق گۇمانىي چىگىشلەرنى يېشىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا، ئۆيدىن بۇرۇنقىدەك مېھىر - مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى جۇت - شىۋىرغان ئۇچۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئايچېچەكنىڭ چىرايىغا قاراپلا، چوڭ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى سەزدى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە، ئايچېچەكنىڭ تولا يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ، لەۋلىرى كۆبجۈپ كەتكەنىدى. چىرايى سۇنۇق ھەم خىلىلا يادىغان قاڭشىرى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى قوۋۇزى شىپپىدە چۆككەنىدى.

ئايچېچەك ئۆپكىسىنى باسالماي، شۇ ئاخشىملا سابىرغا قاتتىق تەگدى:

— شۇنچە شەرمەندە ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، بۇ ئۆيگە يەنە نېمىدەپ كەلدىڭىز!

سابىر ئانچە تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ كەتمىدى. ئەتىدىن - كەچكىچە قاتتىق - يىرىك ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ، يول، ماشىنا ۋە پۇل توغرىسىدا باش قاتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى يۇمشاق ۋە مۇلايىم يۈرىكى ئاستا - ئاستا قاتقان، كەمسۆز، پاكىز ئاغزىمۇ بارا - بارا سۆزمەن زۇۋاندارغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېيكى ئادرېسى

ئايلانغانىدى.

— ئۆز ۋاقتىدا سەن قانداق كەلگەن بولساڭ، مەنمۇ شۇنداق كەلدىم! — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ زىتىغا تېگىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن قانداق كەپتىكەنمەن؟! — ئايچېچەكنىڭ تېخىمۇ ئۆپكىسى ئۆرلىدى.

— ئاغزىمنى تاتىلايسەنغۇ، خۇپسەنلىك قىلما! — دېدى سابىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مەن تېخى ساڭا ئوخشاش، خەقلەر بىلەن چاپلىشىپ، ياقا سىقىشمىدىم! ناھايىتى قىلسام، سەن قىلغان ئىشنى قىلدىم، ئەمدى تەڭلەشتۇق. ئىككىمىزنىڭ ئالغۇ - بەرگۈمىز قالمىدى!...

ئايچېچەكنىڭ ئۆپكىسى تولۇپ، ئېيتىدىغان گەپلىرى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغانلىقتىن، ھېقىقلاپ گەپ قىلالماي قالدى.

سابىر تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ ئىش تېخى يېقىندىلا ئايچېچەكنى ھاياتتىن بىزار قىلىپ، ئۆلۈم گىردابىغا سۆرىگەن تۆھمەت ۋە پىتنە - پاساتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئايچېچەك بۇ مۇدھىش ئىسكەنجىدىن تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، كۆڭۈل يارىسى ئەمدى ساقىيىۋاتقان ۋاقىتتا، سابىرنىڭ بۇنى يەنە قايتا تىرنىلاپ، ئۆز گۇناھىنى يېپىشنىڭ قالقىنى قىلىشى ئايچېچەككە بەكمۇ ھار كەلدى. ئۇ تېخى بۇنى تۆھمەت ئەمەس، بەلكى راست ئىشتەك تىلغا ئېلىپ، ئايچېچەككە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋاتاتتى!

— ئەمدى ... ئەمدى سىز ماڭا تۆھمەت قىلماقچىمۇ؟! — دېدى ئايچېچەك كۆزىدىكى ئاچچىق ياشنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ.

— تۆھمەت؟! — سابىر مازاق قىلغاندەك دىمىغىدا كۈلدى، — سەنمۇ ئۆزۈڭنى پەرىشتىدەك ئۇنداق پاك ساناپ كەتمە! بولمىسا كوچىلاردا سازايى بولۇپ يۈرمەيتتىڭ!...

بۇ گەپ ئايچېچەكنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق سوغۇق ۋە قاتتىق تەگدىكى، ئۇ گويا ئۆزىنى دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئەگەر بۇ گەپ سابىردىن ئەمەس، باشقا بىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولسا، ئۇ، ئانچە ئىرەڭ قىلمىغان ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگە بولاتتى. لېكىن بۇ گەپ دەل ئۆزى چوقۇنغان، ئالتە يىلدىن بېرى ھالال جۈپتى سۈپىتىدە ساداقەتمەنلىك بىلەن پېشىگە ئېسىلىپ، تىرناقچىلىك قارا سانىماي كېلىۋاتقان ئېرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقاچقا، ئايچېچەك زادىلا چىداپ تۇرالمىدى! ئۇنىڭ بوشاشقان جىسمىغا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك بىلەن ھەسرەت تىترىكى ئولاشتى!

ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان قوپاللىقىنى، قاراملىقىنى ئەپۇ قىلسا قىلىدۇكى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ خورلىنىشىنى، كەمسىتىلىشىنى ھەرگىز ئەپۇ قىلالمايدۇ! شۇ تاپتا، ئايچېچەكنىڭ يۈرىكى ئېچىشقانلىقىدىن، ئىچى دەردكە تولۇپ، تىت - تىت بولغانلىقىدىن يىراق بىر خىلۋەت يەرگە بېرىپ، پاڭڭىدە يىغلىۋالغۇسى، ئاندىن دەردلىرىنى ناخشا قىلىپ توۋلىۋالغۇسى، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ پىرقىرىغۇسى، سەكرىگۈسى، ئاخىرىدا ھارغان جىسمىنى يەرگە تاشلاپ پۇخادىن چىققۇچە ئۇخلىۋالغۇسى كەلدى. شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ تارتىشقان نېرۋىلىرى بوشاپ، ئاچچىقتىن كۆيگەن يۈرىكى سوۋۇپ، دەرد - ئەلەمگە تولغان ئىچ - قارنى بوشايدىغاندەك قىلاتتى! . . .

شۇ ئىشتىن كېيىن، ئايچېچەك سابىردىن بەكلا يىراقلاپ كەتتى. ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقىدەك مۇلايىملىق بىلەن مېھىر - مۇھەببەت ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئۆكۈنمىدى، خۇددى يات، يېگانە ئادەملەردەك بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ياشاۋەردى. گويا ئۇ بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەستەك، كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سالدى. تاسادىپىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوقۇرۇشۇپ قالغۇدەك بولسا، يۈزىنى چەتكە بۇراپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. . .

شۇنچە يىل ئامراق، قەدىناس بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئەر - خوتۇن شۇ كۈنلەردە، بەئەينى بىر - بىرىنى چوقۇش ئۈچۈن تۇمشۇق سوزۇپ تۇرغان چۈجە - خورازلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئايچېچەك ئەسلىدە ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ هايالىق، نومۇسچان قەلبى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. يەنە بىهۇدە گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى قىيناشنى، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى بىلەن دەرد - ئەلەم يۈكلىۋېلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭدىن كۆرە تېشىدا هېيت ئويناپ، ئىچىدە روزا تۇتۇپ يۈرۈشنى ئەۋزەل كۆردى. شۇڭا، هازىر ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى پەقەت نىكاھ ۋە كەم بولسا بولمايدىغان كۈندىلىك ئارىلىشىشلار باغلاپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇلار كۈنلەپ گەپلەشمەيتتى، دوقۇرۇشۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، خۇددى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بىگانە ئادەملەردەك سوغۇق ۋە هېسسىياتسىز ئىدى! . . .

سابىر ئۈچۈنمۇ بۇ ئائىلە هازىر بەئەينى يوللاردىكى ئۆتەڭدەك بولۇپ قالدى. ماشىنىسىنى رېمونتقا بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن، ئۆيدە بىكار ئىدى. شۇڭا ئەتىگىنى چىقىپ كېتىپ، كەچتە كىرەتتى. كۆپ ۋاقىتتا مەست ئىدى. بۇنداق چاغدا ئايچېچەك ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشتىن ئىمكان قەدەر ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ ئېرىنىڭ شەرمەندە ئىشى توغرىسىدا هېچكىمگە، هەتتا ئەڭ يېقىن ئادەملىرىگىمۇ بىر نەرسە دېمىدى، ئىچى كۆچلۈك، نومۇسچان بۇ ئايالنىڭ نەزىرىدە، ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش ئۆزىنىڭ ئابرويىنى ئۆزى تۆكۈش هېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قاتمۇ قات روهىي ئازابتىن كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. . .

ۋەھالەنكى كۆنلەر ئۆتكەنسېرى، گۈلسۈمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخ سۈرۈشكە باشلىغان تەبىئىي ئانىلىق سۆيگۈسى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلەشكە، ئۇنى بىر خىل مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن روھلاندۇرۇشقا باشلىغانىدى. بۇ خىل تۇيغۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن خالىي ھالدا، خۇددى خىلۋەت جايلاردا ئۆزى بىلگەنچە كۆيلەپ، كۈۋەجەپ ئېقىۋاتقان يوشۇرۇن ئېقىنلاردەك، ئۇنىڭ سەبىي، يۇمران جىسمىدا بىر خىل ئانىلىق گۈلىنى پورەكلەتمەكتە ئىدى. . .

ئانا بولۇش ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش ئىكەن! ئۇ، شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىكى، ئەگەر تۇرمۇش يول قويسىلا، ئۇ، بۇ بالىنى تۇغىدۇ، چوڭ قىلىدۇ، جېنىدىن ئارتۇق ئەزىزلەيدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى ئانا بولىدۇ! . . .

لېكىن ئۇنىڭدىكى پاك، گۆدەك ھېسسىيات بۇ بالىنى تۇغۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئاددىي، سەبىي كاللىسىدا، پەقەت ئانا بولۇشتىن ئىبارەت بىر خىل تەبىئىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىلا ھۆكۈمران ئىدى! . . .

ئەمما، بۈگۈن يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن ئىش گۈلسۈمنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى، كەچكە يېقىن ئۆيدە مۇشۇ ئىش تۈپەيلى يەنە قاتتىق جېدەل بولدى. ئايچېچەكنىڭ ئاغزىدىن گۈلسۈمنى ئەيىبلەيدىغان، ھاقارەتلەيدىغان نۇرغۇن گەپلەر چىقىپ كەتتى. سابىرمۇ ئۇنىڭغا يان بېسىش تۈگۈل، ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ شەنىگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ سالدى. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يان ئۆيدىكى گۈلسۈمنىڭ قۇلىقىغا بىرمۇ بىر ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇردى. يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى، كاللىسىدىن ھەرخىل ئازابلىق، مۇجمەل پىكىرلەر ئۆتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلىنىۋاتقان تىل ـ ھاقارەت، خورلۇق ۋە كەمسىتىشلەردىن گۈلسۈمنىڭ

www.uyghurkitap.com

بەدىنى ئوت تەگكەندەك قىزىپ كەتتى، قانلىرى تومۇرىغا پاتمىغاندەك لوقۇلداپ، بېشىغا ئۇرۇلدى...

ئۇلار ئۇنى تىلللىغان، ھاقارەتلىگەنىكەن، ئەمدى جىزمەن خورلايدۇ، قوغلايدۇ!... ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ئۆيدىن ئۆزى تېزرەك چىقىپ كەتكىنى، باشقا يەردە جېنىنى ئالغىنى تۈزۈك! ئادەم تۇگۇل ياخشى ئىت چېغىدا ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇغۇ!...

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، گۇلسۇمنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. نەپرەت ئوتى پۇتۇن بەدىنىگە تۇتاشتى، ئۇ ئاجايىپ بىر كۇچنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئوقتەك ئېتىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...

## 4

گۇلسۇمنىڭ يوقاپ كېتىشى سابىر بىلەن ئايچېچەكنى ئەنسىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ، سابىر بۇ ئىشنىڭ ئۆز قىلمىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، تېخىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. دېمىسىمۇ، قارا باسقاندەك بولغان، شۇ ئاخشامقى سەت ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، گۇلسۇم بۇنداق دەردلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، قاراملىق بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئايچېچەكمۇ ئۇنىڭدىن بۇنداق يىراقلىشىپ، بىر ئوبدان ئائىلە بۇ دەرىجىدە ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كەلمىگەن بولاتتى!...

ئۇلار گۇلسۇمنى ئۈچ كۈن ئىزدىدى، ئۆزلىرى بىلىدىغان ھەم گۇلسۇمنىڭ بېرىش ئېھتىمالى بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە باردى، سۈرۈشتۈردى لېكىن گۇلسۇم تېپىلمىدى. ئەمدى ئۇلار ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، شۇلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. يەنە بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇنداق

سارىسىمە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە، خەۋەر تىلەك ـ تىگلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. . .

ئىچى دەرد بىلەن پۇشايمانغا تولغان سابىر بۇ يەردە خەۋەر كۈتۈپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يېتىۋېرىشكە چىدىمىدى. ئۇ، يولغا چىقىۋالسىلا، خېلى يەڭگىللەپ، كۆڭلى ئازادە بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرە ئالغان ماشىنىنى بۇنداق ئۇزۇن بەند قىلىپ قويۇشقىمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئۇ، بىرەر خەۋەر ـ ئۇچۇر بولغۇچە، بىرەر قېتىم ئايلىنىپ كېلەي دېگەن ئوي بىلەن، شۇ كۈنى يۈك بېسىپ يولغا چىقىپ كەتتى.

سابىر مېڭىشتىن بۇرۇن، ئاخشام يازغان بىر پارچە ئىجىر ـ مىجىر خەتنى كارىۋىتى ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئايچېچەك ئۆي يىغىشتۇرغىچە خەتنى كۆرۈپ ئوقۇدى:

«مەن كەتتىم ئايچېچەك! شۇ كۈنلەردە ئۆيمۇ، بۇ كاتتا شەھەرمۇ ماڭا تارلىق قىلىۋاتىدۇ، بەك سىقىلدىم! بۇ يەردە سېنىڭ كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرگۈچە، ماشىنام بىلەن سىرىدىشىپ، كەڭرى چۆل ـ باياۋانلاردا ئازادىرەك يۈرۈپ كېلەي! . . . مەن كۆلسۈمنىڭ بېشىغا چىقتىم. بۇ ئىشتا ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن! بۇ مېنىڭ يالغۇز ساڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقىملا ئەمەس، بەلكى كۆلسۈمگە قىلغان زىيانكەشلىكىم بولۇپ قالدى! ئەسلىدە، مەن بۇ ئىشنى ساڭا كۆز ـ كۆز قىلىش، شۇ ئارقىلىق كۆڭلۈمگە تەسەللى تېپىش بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن! نەدىكىنى، كۆز ـ كۆز ئورنىغا ۋاپاسىزلىق، تەسەللى ئورنىغا ئازاب تېپىۋالدىم! . . .»

ئايچېچەك ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ، لەپپىدە ئىشىككە قارىدى، گويا سابىر هازىرلا ئىشىكتىن چىققاندەك، ئايچېچەك مۇھىم بىر گەپنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنى چاقىرىپ ئېيتماقچى بولغاندەك بىر خىل ئىللىق تۇيغۇدا ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئىشىككە قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى. لېكىن بۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدا، سابىر ئۆنىڭدىن خېلى يىراقتا — يىلان باغرىدەك تاغ يوللىرىدا كېتىۋاتاتتى. . .

يوللار . . . يەنە شۇ تۇتاش، تۈگىمەس يوللار! . .

سابىر ئۇزۇن بىر سايدىن ئۆتۈپ، كۆجۈم مەھەللىگە كىردى. قاش قارايغان چاغ ئىدى. قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. سابىر خىلۋەت مەھەللە كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ماشىنىنى ئاستىلاتتى، ئۇ، داۋاملىق مېڭىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇنەش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىۋاتاتتى. ئاخىر هارغىنلىق يەڭدى. چۈنكى ئۇ ئەتىگەندىن بېرى قاتتىق ماڭغاچقا، پۇت - قوللىرى تالجىقىپ، كۆزى قوم تىققاندەك ئېچىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئىختىيارسىز ماشىنىنىڭ بېشىنى ئۆزگە تونۇش ئاددىي بىر مېهمانخانىنىڭ هويلىسىغا بۇرىدى، ئۇنى دەرۋازىۋەنىنىڭ ئورنىدا سالپاڭ قولاق يوغان بىر ئىت هاۋشىپ قارشى ئالدى. سابىر ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئاشخانىغىمۇ كىرمەي، ئۇدۇل ياتاققا كىردى، باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپلا، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، سۇنايلىنىپ ياتتى.

شۇ تاپتا ئۇ، هېچنېمىنى ئويلىماسلىققا، جىمجىت يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشقا تىرىشتى. لېكىن قېرىشقاندەك بەزى پىكىرلەر، بەزىبىر ئۇزۇك - ئۇزۇك ئوي - خىياللار، بىر - بىرىگە باغلانمايدىغان چىگىش، قالايمىقان پىكىرلەر — بالىلىق چاغلىرىدا سۇغا چۆمۈلگەن دەريا بويلىرى، بوينىغا جىلىت ئېسىپ، يۈز قوللىرىنى سىياھ بىلەن بوياپ، مەكتەپتىن قايتقۇچە بالىلار بىلەن توڭگۇز - توپىقى ئوينايدىغان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى، قەيەردىدۇر بىرەر قېتىم كۆرۈپ قالغان، لېكىن هېچقاچان يادىغا ئېلىپ باقمىغان، چەت ئەللىك ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل چىرايلىرى. . . ماشىنىنىڭ گۈركىرىشى، چۆلدىكى يالغۇز چىراغ نۇرى. . . قايسى بىر ئۆتەڭدىكى هاراقكەشلەرنىڭ

جىددىلى... كالون ئىشخانىسىدا ئاچچىق تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان شوپۇرلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى... ئايچېچەك ياتىدىغان ئۆيدىكى دۇتار، ئۇنىڭ ئۇمچەيگەن چىرايى... بانكىدىكى بوغالتىر سوقۇۋاتقان چوتنىڭ شىرىق - شىرىق ئاۋازى... قاتارلىقلار كۆز ئالدىدا تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ يوقاپ كېتەتتى. يەنە قەيەردىندۇر گۈلسۇمنىڭ بوش ئىڭراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، ھېلىقى بىر جۈپ چىرايلىق قوڭۇر كۆزى مۆلدۈرلەپ، ئەلەڭلەپ ئاخىر ئىككى پارچە چوغقا ئايلىنىپ چاقناپ كەتكەندەك قىلاتتى... ئەنە شۇ خىرە - شىرە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گويا قۇيۇنتازدەك پىرقىراپ، يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ يېقىپ قالاتتى. ئۇ ئايچېچەكنىڭ ھېلىقى ئۇمچەيگەن چىرايىنى قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئوبدانراق كۆرۈۋالماقچى، بىردەم بولسىمۇ كۆز ئوڭىدا ساقلاپ قالماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىردىنلا غايىپ بولۇپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا نېمىدۇر يۈرىكىنى ئېزىۋاتقاندەك، غايىبانە ئېغىزلار ئۇنىڭغا نېمىدۇر پىچىرلاپ ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك، يەنە تۇرۇپلا قەيەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا - مۇزىكىلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، روھىنى كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

سابىر ئاشۇنداق ئىلەڭ - سىلەڭ ھالەتتە قانچىلىك ياتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. بىر چاغدا قورسىقى ئاچقاندەك بولدى. كۆڭلى ئاچچىق - چۈچۈك بىر نەرسىنى تارتىپ تۇراتتى. ئۇ، ئورنىدىن تۇردى. ياتاقتىن چىقىپ، بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ، لەش باسقان كىچىك بىر كۆلنىڭ بويىدىكى ئاشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئاشخانىغا يېڭىلا ئاپتوبۇستىن چۈشكەن ئون نەچچە يولۇچى كىرىپ كەلدى. كىچىككىنە ئاشخانا بىردىنلا جانلىنىپ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. خېرىدارلار تاماق

www.uyghurkitap.com

كەلگۈچە ئارىلىقتا، بەزىلىرى چاي ئىچىپ، بەزىلىرى هاراق ياكى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ، تۇشمۇ تۇشتىن جاھاندا بار گەپلەرنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈشتى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئۈنئالغۇغا يېڭى لېنتا سېلىپ قويۇۋېدى، ئۈنئالغۇدىن ئايچېچەكنىڭ يېقىملىق، لەۋەن ناخشىسى ئاڭلاندى. بۇ تونۇش ئاۋاز ھەممىدىن بۇرۇن سابىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ خۇددى تۇيۇقسىز يوقىتىپ قويغان ئەتىۋار بىر نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك، خۇشاللىق، ھاياجان ئىچىدە ناخشىغا قۇلاق سالدى. لېكىن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى، سېغىنىشقا تولغان بۇ كەيپىياتى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئاجايىپ مۇدھىش بىر تەسىرات ئىگىلەپ كەتتى. تاماق يەپ ئولتۇرغانلاردىن كىمدۇر بىرىنىڭ:

— ھەي ئاغىنىلەر، ماۋۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان كىم، ئەجەب پەيزى ئوقۇپتۇغۇ؟ — دەپ سورىشى بىلەن تەڭ، ئايچېچەك ئۈستىدىكى «ئالاھىدە خەۋەر»لەر بەئەينى قوماچ قورۇغاندەك باشلىنىپ كەتتى:

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، ئايچېچەك دېگەن ناخشا چولپىنى شۇ، لېكىن ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىساڭ بولىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق!

— نېمە، بەك سەتمىكەن؟

— ياق ئۆزى سەت ئەمەس، قىلىقى سەت!

— مەسىلەن؟

— مەسىلەن ـ پەسىلەن دېگەن گەپنى قوي، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ قىلىقى سەت بولغىنى قانداق بولاتتى، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

— ھە، شەيتىنى يامان دېگىنە!

— كاساپەت، ھارام لوقما يەيدىكەن ـ دە!

— ھەي ـ ھەي! . . . ئۇنداق دەپ كەتمەيلى، ئارتىس خەق دېگەن بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدىلا يۈرىدۇ. بىرەرى شۇنداقلا

كۆتۈرۈلدىمۇ بولدى! ھەممىسى خۇددى ھەسەلگە ئۇلاشقان چىۋىندەك شۇنى تالايدۇ. بەزىدە ھەددىدىن ئارتۇق گۈزەللىك، شان - شەرەپ دېگەنلەرمۇ ئادەمگە دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە كىچىككىنە مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپلا، بىر ئۇبدان ناخشىچىمىزنى يەرگە ئۇرمايلى!

— يەرگە ئۇرغۇدەك ئىش قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش كېرەك - دە! ئېرىمۇ بار بولغىيدى ئۇنىڭ! «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، بىچارە ئېرىنى يەر قىلدى - دە، كۆڭلى قارا!

— بولدى ئۇكىلار، گەپنىڭ ياخشىسى خۇدايا توۋا، ئاشنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا، دەپتىكەن، ئالدىمىزدىكى تاماقنى يەپ بولىمىزغا ماڭايلى!

— شۇ ئەمەسمۇ، ناخشىسىنى ئاڭلاڭ دېسە، شۆلگىيىنى ئاققۇزۇپ ئاڭلايدۇ، ئارقىدىن غەيۋىتىنى قىلىپ ئاغزى تالمايدۇ!...

— ۋاي - ۋۇي!... ئۇ، چوكانغا نېمانچە ئۆپكە قاقسىلەر ئاغىنىلەر! بىزگە ئۇنىڭ ناخشىسى كېرەك، ناخشىسىنى ئاڭلىساق بولدى، ئۆزى نېمە قىلسا قىلمامدۇ! پۇڭلۇق يەر دېگەنگە نېمە تېرىسا، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى!...

«ئېغىز — دەرۋازا، سۆز — شامال» دېگەندەك، ئاشخانىدا، بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ سۆز - چۆچەكلەر سابىرنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، يۈرىكىگە بارغاندا مۇز بولۇپ قاتتى، چىشلىرى كىرىشىپ - مۇشتلىرى تۈگۈلدى. پۈتۈن بەدىنى ساداقتىن چىقىدىغان ئوقتەك تارتىشتى. شۇ تاپتا ئۇ، قاڭقىپ بېرىپ بۇ زۇۋاندارلارنىڭ يۈگەنسىز ئاغزىنى قان قىلىشقا، ھاياسىز گەپلىرى ئۈچۈن تىلىنى سۇغۇرۇشقا تەييار ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆتكەنكى تېرە سودىگىرى ئىزاقتەك ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغان - ياۋىداق گەپ توقۇۋاتقىنى يوق.

بەلكى بۇلار ئايچېچەك توغرىسىدا رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققان ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەۋاتىدۇ! بۇ ھالدا قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى قان قىلىپ، تىلىنى سۇغۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟! ئەگەر ئۇ، شۇ تاپتا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشسە، ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ، خالاس! ھازىر ئۇ، ئۆزىنى ئايچېچەكنىڭ ئېرى دېگەن نام بىلەن ئاتاشتىن قورقىدۇ. نومۇس ۋە خورلۇق ھېس قىلىدۇ! ئاھ خۇدا، بۇ زادى نېمە تارتقۇلۇق؟! بىر تەرەپتە، ئۆزى ياخشى كۆرگەن خوتۇنى ئۈستىدىكى تىل - ئاھانەتلەر، يەنە بىر تەرەپتىن گۇلسۇمنىڭ ئىشى تۈپەيلى پەيدا بولغان پۇشايمان ۋە ئازاب!... بۇنىڭ قايسى بىرىگە چىدىغۇلۇق؟...

سابىر ئەمدى تاماقمۇ يېمەي، بىر تەخسە سوغۇق سەي بىلەن بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئالدىغا تىكلەپ قويىدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، ئۇھسىنىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچتى، سۇ ئىچكەندەك كۆپ ئىچتى، چىرايى قىزىرىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئالدى!...

ئۇ، قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى بىر ۋاقىت بولغاندا، ئاشخانىدىن غالدا - غۇلداڭ مېڭىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىردىنلا بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلدى. ئۆزىگە ھەمىشە ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كەلگەندە غەمخانە بولىدىغان بۇ ئاۋات ئۆتەڭ تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆزىگە يات، سوغۇق ۋە يېقىمسىز كۆرۈندى.

ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. يول، پەقەت يوللا ئۇنىڭ دەردلىك كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. ماشىنا قاتتىق گۈركىرەپ، سىلكىنىپ تېز يۈرۈپ كەتتى.

ھاراق ئاستا - ئاستا سابىرنىڭ بېشىغا كۆتۈرۈلدى. كۆڭلىمۇ سەسكەنگەندەك بولدى، كەيپىياتى جۇدۇنلۇق كۈننىڭ شۇۋىرغىنىدەك سوغۇق ھەم غەش ئىدى. لېكىن، يۈزلەپ نەشتەرلەر سانجىلىۋاتقاندەك چىڭقىلىپ، زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان

كاللىسى تېخى سەگەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر دەم ئايچېچەك بىلەن يېڭى تونۇشقان چاغدىكى مۇھەببەتكە، ناخشىغا، خۇشاللىققا تولغان غەمسىز، پاراغەتلىك چاغلار ئۆتتى؛ بىردەم تويدىن كېيىنكى ۋىسال لەززىتى بىلەن مېھىر ۋاپاغا تولغان قايناق، بەختىيار كۇنلىرى ئۆتتى! شۇ چاغدا، سابىرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۇ ھەر قېتىم سەپەرگە چىقىدىغان ۋە سەپەردىن قايتقان ۋاقىتتا ئايچېچەك دۇتار بىلەن ئوقۇپ بېرىدىغان ئامراق ناخشىسى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى:

قەيەردە بول، قاچانلا كەل
سېنى كۈتەرمەن!
ساڭا بولغان پاك سۆيگۈمنى
ساقلاپ ئۆتەرمەن.

لېكىن بۇ شېرىن ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ زەخمە يېگەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ناھايىتى تېزلا سوغۇق، مۇدھىش بىر سېزىم ئىگىلىۋالدى. بۇ سېزىمنىڭ بىر تەرىپىدە، يەنىلا ئۆزىنى چۇشەندۇرۇپ ئاقلاپ بولالماي، گۇناھقا پاتقان ئايچېچەك؛ يەنە بىر تەرىپىدە، بىر دەملىك ھېسسىياتنىڭ، راھەت ـ پاراغەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن گۆدەك، گۇناھسىز گۇلسۇم تۇراتتى! . . .

ئۇ غايىۋانە بولسىمۇ، گۇلسۇمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار سېزەتتى. ئۇنىڭ جېنىنى پاخال ئورنىدا كۆرۈپ، خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، ئاخىرىدا زور بەختسىزلىككە دۇچار قىلغانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى كايىيتتى، ئەيىبلەيتتى، ئېغىر ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتاتتى! . . .

بۇ ئەسلىمە ۋە خىياللار سابىرنىڭ يۇرىكىنى ئۆرتەپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، كۆز

www.uyghurkitap.com

قارىچۇقى ۋەھىمىلىك كېڭىيىپ، چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تىترەۋاتقان ئايىغى ئاستىدىكى پايانسىز زېمىن گويا ئۆكۈتۇرۇلۇپ كەتكەندەك، باشلىرى غوڭۇلداپ، يۇرىكى تارتىشىپ، پۇت - قولى ھالسىراپ كەتتى! . . .

تۇرۇپلا سابىرنىڭ بوغۇزىغا يىغا قاپلاشتى، ئىچ - ئىچىنى تاتىلاپ، تومۇر - تومۇرلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياش كۆز چاناقلىرىنى توشقۇزۇپ، مەڭزىنى بويلاپ يەرگە دومىلىدى!

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن خىرەلەشتى، كۇچلۇك، ماھىر قوللىرى تىترەپ، رولنى باشقۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان ماشىنىغا بەلگە بېرىش ئۇچۇن چىراغنى ئۆچۇردىيۇ، لېكىن قايتا يېقىشقا ئۇلگۇرەلمىدى. شامالدەك تېز يۇرۇۋاتقان ماشىنا يەتتە - سەككىز مېتىر ئېگىز قىيالىقتىن تۆۋەنگە دومىلىدى! . . .

سابىرنى بۇ خەتەرلىك قىيالىقتىن ماشىنا ئەمەس، بەلكى دەرد - ئەلەم، خورلۇق ۋە پۇشايمان ئازابى سۆرەپ چۇشۇپ كەتكەنىدى! ماشىنىنىڭ گۇلدۇرلەپ چۇشكەن ئاۋازى، تاشلارنىڭ شاراق - شۇرۇقى ۋە سابىرنىڭ ئاشۇ ئازابقا چىدىماي «ۋايجان!» دەپ توۋلىغان ئاخىرقى زەئىپ ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلاندى. ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىلار چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، سابىر دومىلىغان قىيالىقتا توختىدى!

× ×

سابىر دوختۇرخانىدا ئۇچ كۇن ھوشسىز يېتىپ، تۆتىنچى كۇنى شۇ پېتى كۆزىنى ئاچالماي جان ئۇزدى!

ئۇنىڭ كۆك يوپۇق يېپىلغان سۇرلۇك جىنازىسى ئىشىكتىن لەڭ ئۇرۇپ چىققاندا، ئايچېچەك ھەسرەت - نادامەتتە ھوشىدىن

كەتتى. . .

ئۇ ھوشىغا كېلىپ، بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھىمايىسىز، يەككە - يېگانە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ پېتى سابىرنىڭ ئارقىسىدىن جىمىدە كەتسەممۇ بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايتتى، ئۇ، ساباھەت ئۇچۇن بولسىمۇ ياشىشى كېرەك ئىدى! كىشىلەر: «ئىشىكتىن مۇردا چىقسا، تۈڭلۈكتىن سەۋر كىرىدۇ!» دېيىشىدۇ. ئەمما ئايچېچەك ئۇچۇن كۈنلەرنىڭ ئۆتمىكى بەك تەس بولۇۋاتاتتى، يالغۇزلۇق، مىسكىنلىك ۋە ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان دەرد - ئەلەم شۇ كۈنلەردە ئۇنى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋەتكىلى تاس قالغانىدى. . .

ئالتە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىق ھاياتىدا، گەرچە بەزى ئېغىز - پەسىلىكلەر بىلەن كۆڭۈل ئاغرىقلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئايچېچەك پەقەت سابىرنىڭ يېنىدىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى سېزەلەيتتى. كۆڭلى ئازادىلىككە چۆمەتتى. جاھان ئۇنىڭغا باشقىچە نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ، بارلىقىنى ئۇنىڭغا بەخشەندە قىلىۋەتكەنىدى. كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن سوغۇقچىلىقلاردىمۇ، ئايچېچەك ئاغزىدا دېمىسىگەن بىلەن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى پىتنە - پاسات، تۆھمەت، يالىلار ئەتراپىنى قاپلاپ، ئۇنىڭ پاك شەنىگە داغ چۈشۈرمىگەن بولسا، سابىرمۇ ھېچقاچان ئۇنىڭغا كۆزىنى ئالايتىپ گۇمان بىلەن قارىمىغان، گۈلسۈمگىمۇ يامان غەرەزدە بولمىغان، بۇ ئائىلە بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ ئىجىللىقىنى، جەملىكىنى ۋە ئىللىقلىقىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى! . . .

مانا ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى، ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى ئۆرۈلدى. سابىر بۇ دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەملىرى بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئوت - پىراقلىرىنى ئايچېچەككە قالدۇرۇپ، ئۆزى

www.uyghurkitap.com

ئۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك راھەت ـ پاراغەتلىرىنى كۆرگىلى كەتتى. ئاھ، پايانى يوق ئالەم! سېنىڭ ئىنسانلارغا قىلىدىغان ۋاپا ـ ساداقىتىڭ بىلەن ھىممەت ـ شاپائىتىڭ شۇنچىلىكمىدى! ! . . . يارالغاندىن كېيىن ئۆلۈش بەرھەق بولسا، بىزگە ئوخشاش شۇم پېشانە، كاج تەلەيلەرنى يارىتىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ! ياكى يېرىم يولدا، قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، كىشىلەرگە بۇ دۇنيانىڭ قىزىقىنى كۆرسەتمەكچىمىدىڭ؟ !

ئۇست ـ ئۇستىلەپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەم ئايچېچەكنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا خۇددى يىلتىزىغا قۇرۇت چۈشكەن گۈلدەك سولاشتۇرۇپ، كۆرۈمسىز، جۇلاسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. . .



# يەتتىنچى باب

# ئەسەبىي دۇنيا

## 1

«تولۇنئاي رېستورانى» ناھايىتى كۆركەم، ھەشەمەتلىك ئىدى. تۆت تامدىن ئىبارەت چەكلىك بوشلۇق بىر خىل چەكسىز سەنئەت كەيپىياتىغا تولغان. بۇ يەردە ھەربىكەتلىنىشۋاتقان كىشىلەرمۇ ھېسسىيات ۋە چۈشەنچە جەھەتلەردە تاۋلىنىپ، ۋايىغا يەتكەن كونا چۆپقەتلەر ئىدى.

رېستوراننىڭ ئىچكىرىسىدىكى چاققانغىنا زال تېخىمۇ كۆركەم بېزەلگەن بولۇپ، بۇ يەرنى رەڭگا رەڭ چىراغ ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇق دېيىشكە بولاتتى. كىشىلەر ئۇ يەرنى «بېھىش زال» دەپ ئاتايتتى. ئۇ يەردىن كېچە ـ كۈندۈز ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. رېستوراندا يەپ ـ ئىچىپ، كەيپى تەڭشەلگەن، روھىي كۆتۈرۈلگەن مېھمانلار ئۇ يەرگە كىرىپ، ئۇسسۇل كۆرەتتى، ناخشا ئاڭلايتتى، تانسا ئوينايتتى. ئۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرگە جەننەت ھۇزۇرىنى بېرىدىغان خىلۋەت ماكان ئىدى. شۇڭا ئۇ يەرنىڭ تاملىرىغىمۇ «ئېسىلزادىلەردەك پەيزى قىلىسىز»، «شاھلاردەك ھۇزۇر ئالىسىز!» دېگەنگە ئوخشاش لاپ ـ لاپ نۇرلۇق خەتلەر ئېسىلغانىدى. . .

يېقىندىن بۇيان، نۇرجان بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق مۇزىكانتى بولۇپ قالدى. ئۇ، چۈشتىن بۇرۇن ئىدارىدە ئىشلەيتتى.

چۈشتىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلەتتى. ھازىر نۇرغۇن ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلار شەھەرنى قاپلاپ كەتكەن رېستوران، قەھۋەخانا، تانسىخانىلاردا ئەنە شۇنداق كەسپىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى، بۇنى ئۇلار ئىچكىرىدىن ئۆگىنىۋالغان تىلى بويىچە «دېڭىزغا چۈشۈش» دېيىشەتتى. ئۇلار بۇ دېڭىزغا ھەقىقەتەنمۇ كۆندى. ئۇ يەردە ئەركىن ـ ئازادە ئۈزۈپ، خېلى نۇرغۇن ئۈنچە ـ مارجانلارنى سۈزۈۋاتاتتى. . .

بۈگۈن نۇرجان «تولۇنئاي رېستورانى» غا كېلىش بىلەن خوجايىن ئۇنى چاقىرتتى. نۇرجان ھايال بولماي ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئىشخانا كىچىك بولغان بىلەن ھەشەمەتلىك ئىدى. ئۇدۇل تامدا مەخپىي سېفىرلىق پولات ساندۇق بىلەن بۇلغار تاشلىق دىۋانلار قاتار قويۇلغانىدى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدىكى پارقىراپ تۇرغان تۆمۈر رەڭلىك ئۈستەل ئۈستىدە سىملىق ھەم سىمسىز تېلېفونلار جىرىڭشىپ تۇراتتى. . .

— كېلىڭ نۇرجان، — دېدى خوجايىن ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماي، — سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى. . .

خوجايىن — سول قولىغا چەش كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ، ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئايلانما خۇرۇم ئورۇندۇقتا گىدىيىپ ئولتۇرغان ئوتتۇز نەچچە ياشلىق بۇ ئادەم بىر چاغلاردىكى تېرە سودىگىرى، قايسى بىر قاقاس ئۆتەڭدىكى «سارىخان لەغمەن» نىڭ ئاشخانىسىدا، ئايچېچەكنىڭ شەنگە تېگىدىغان بولمىغۇر گەپلىرى ئۈچۈن، ھېلىقى «قاپلانباش» شوپۇرنىڭ بازغاندەك مۇشتىنى يەپ، ئاغزى ـ بۇرنى قان بولغان ساپساپچى ئىزاق ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا سۇنغان ئىككى چىشىنىڭ ئورنىغا ھازىر ئالتۇن چىش سالدۇرغانىدى. بۇ چىشلار ئاغزىنى ئاچسىلا پارقىراپ تۇراتتى. . .

ھەي! . . . ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلمىقى نېمىدېگەن تەس ــ ھە؟! بولۇپمۇ ئۇزۇل ــ كېسىل غەلىبە قىلمىقى! مانا، ماۋۇ ساللاتچى بۇرۇت قويۇۋالغان، گالستۇكىنى قىڭغىر تاقاپ، كاستۇمىنىڭ تۈگمىسىنى يەكپاي ئېتىپ، ئالىي دەرىجىلىك پارقىراق شىبلىتىنى قوڭالتاق كىيىۋالغان تەلەيلىك يىگىت ئىزاق ئۆز ۋاقتىدىكى نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا تىيىنغا زار بولغان ئادەم ھازىر پۇل دېگەننى ساماندەك خەجلەيدۇ. ئىچىشى «ناپالېئون»، يېيىشى پاقلان گۆشى، كىيىشى گاباردىئون! لېكىن ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرىگە پۈتۈلگەن نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بىلەن، ۋۇجۇدىدىكى نادانلىق ئۈستىدىن تېخى غەلىبە قىلغىنى يوق! شۇڭا ئۇ پۇلنى ئەمەس، بەلكى پۇل ئۇنى باشقۇرىدۇ. يۈزى يورۇق، قولى ئوچۇق بولغان بىلەن، لېكىن كۆڭلى قاراڭغۇ، دىلى غەپلەتتە! شۇڭا ئۇ، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ــ قىممىتىنى بىلمەيدۇ، ۋىجدانىنى پۇلغا تېگىشىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، پۇلدىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسى بىر تىيىن! . . . پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. پۇلغا ھوقۇق كېلىدۇ، شان ــ شەرەپ كېلىدۇ، مۇھەببەتمۇ كېلىدۇ! پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق يامان ئىشلارمۇ باتۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ! . . . شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بۈگۈن نۇرجاننى چاقىرىپ سۆزلىشىۋاتىدۇ:

ــ نۇرجان، بۈگۈن سىزنى بىر ئىشقا ۋاستىچى قىلماقچىمەن. ئاڭلىسام، ناخشىچى ئايچېچەك بىلەن يېقىن ئىكەنسىز. مەن ئۇنى بىزنىڭ «تولۇنئاي رېستورانى» غا تەكلىپ قىلماقچى، سۆزلىشىپ بېقىڭ، سائىتىگە قانچە پۇل ئالىدۇ؟ ئەگەر ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ، ھەر كۈنى بىر نەچچە سائەت ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە رازى بولسا، مەن ئۇنى ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق رازى قىلىمەن! قانداق دەيسىز؟

نۇرجان بىردەم جىمىپ قالدى. ئۇ، خوجايىنىنىڭ ئايچېچەكنى بۇنداق تويۇقسىز تەكلىپ قىلىشىدىكى مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلاۋاتاتتى. ئىزاق خۇددى ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، ئالدىراپ ئىزاھات بېرىشكە باشلىدى:

— سىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز نۇرجان، ھازىر ھەممە ئىش رىقابەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. رىقابەتتە ئۇتقان ئادەم سودىدا ئۇتىدۇ، پۇلدا ئۇتىدۇ. راستىنى ئېيتسام، ئايچېچەك نامى بار ناخشىچى، ئەگەر ئۇ بۇ يەرگە كەلسە، بىز ئۇنىڭ نامى بىلەنلا نۇرغۇن خېرىدارلارنى جەلپ قىلىۋالىمىز. ئارتىس دېگەن بۇ خەقنىڭ قولىدىن ھەر ئىش كېلىدۇ، ئۇلار ھېلىغۇ ئادەمكەن، دۇنيانى كۆندۈرۈۋالىدۇ، دەڭا! ئايچېچەككە يەنە ئېيتىپ قويۇڭ، ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئوبدان ماسلاشسا، ئۇنىڭ تاللانغان ناخشىلىرىدىن بىر نەچچە ئۈنئالغۇ لېنتىسى چىقىرىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن!

ئىزاق كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنىڭ بىر قىسمىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئەگەر ئايچېچەك بۇ يەرگە كېلىشكە رازى بولسا، راستىنلا ئۇ ئويلىغاندەك، نۇرغۇن خېرىدارنى بۇ يەرگە جەلپقىلىپ، ئۆز رىقابەتچىلىرىنى داغدا قويالايتتى. ئۆزۈڭغا قالماي، ئايچېچەك ئۇنىڭ ئالتۇن ـ تىللا قاقىدىغان دەرىخىگە ئايلىناتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئىدى. لېكىن، مانا شۇ مۇددىئانىڭ ئاستىدا، تېخىمۇ نازۇك ھەم خۇپىيانە يەنە بىر سىرمۇ بار ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا، ئايچېچەكنى كۆرمەي، تونۇماي تۇرۇپ پوچىلىق، يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن باشقىلاردىن مۇشت يېگەن بولسا، مانا ئەمدى، پۇل بىلەن ئايچېچەكنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىماقچى، ئۆز ۋاقتىدىكى دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ، پۇخادىن چىقماقچى ئىدى! . . .

— مەن ئايچېچەك بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى نۇرجان بىر ھازا جىملىقتىن كېيىن، — لېكىن ئۇنىتىمەن دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا تۇتقان يولى بار!

ئىزاق ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى:

— سىز ئوبدانراق چۈشەندۈرسىڭىز، ئۇ چوقۇم ماقۇل بولىدۇ، مەن سىزنىڭ ئايچېچەكنى قايىل قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىزنىڭ بۇ خىزمىتىڭىزمۇ يەردە قالمايدۇ، نۇرجان!

— قېنى، مەن ئۇرۇنۇپ كۆرەي!...

× ×

نۇرجان ئەتىسى چۈشتە، ئايچېچەكنىڭ ئۆيىگە كەلدى. قىسقىچە سالام - سائەتتىن كېيىن، ئاستا ئايلاندۇرۇپ، ئىزاقنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى.

— سىز قانداق قارايسىز، نۇرجان ئاكا؟ — سورىدى ئايچېچەك ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — سىزنىڭچە، ئۇ يەرگە بارسام بولارمۇ؟

نۇرجان ئۇنىڭ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايلا ئوچۇق ئېيتتى:

— مېنىڭچە بارسىڭىز بولىدۇ، ئايچېچەك. بىللە ئىشلەپ باقايلى.

لېكىن، كۈتمىگەن يەردىن ئايچېچەك ئۇنىڭ خاھىشىغا زىت گەپلەرنى قىلىپ قالدى:

— ياق، نۇرجان، بۇ كۈنلەردە مەندە ئۇنداق ئىشلارنى قىلغۇدەك ھەپسىلە قالمىدى! — ئۇنىڭ ئاۋازى قوپال ھەم ھېسسىز ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ، نۇرجانغا ئۆزرە ئېيتقاندەك، ئاۋازىنى سىلغايتىپ داۋام قىلدى، — نۇرجان ئاكا، ئەمدى بىلدىم، تۇرمۇش دېگەن ھەركىم خالىغانچە كېسىپ تىكىدىغان مودا كىيىم ئەمەسكەن. ھاياتلا بولىدىكەنسەن،

www.uyghurkitap.com

ئەتراپىڭدا سېنى ئوراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — مەيلى ئۇ ئالىيجاناب ياكى رەزىل، گۈزەل ياكى سەت، ھەق ياكى ناھەق بولسۇن، ساڭا تەۋە ئەمەس، سەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرالمايدىكەنسەن! سىزمۇ كۆردىڭىز نۇرجان، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭ بېشىمدىن نېمە كۈنلەر ئۆتتى؟!

ئايچېچەكنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. قىسىلغان كۆزلىرىدىن قايغۇ ـ ئەلەمنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنى يالىلداپ ئۆتتى. نۇرجان ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تىرناپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئەيىبكاردەك ھېس قىلىپ، ئالدىراپ تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى:

— شۇنداق ئايچېچەك، يۈرىكىڭىزدە ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر دەرد ـ ئەلەم بار. لېكىن بۇمۇ سىز ئۈچۈن بىر سىناق بولۇپ قالار. چۈنكى، دەرد ـ ئەلەم ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن قەلب يارىسىنى پەيدا قىلىدىغان رەھىمسىز قامچا بولغان بىلەن، ئىرادىسى كۈچلۈك كىشىلەر ئۈچۈن، ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، سىز ئۆتكەن ئىشلارنى كۆپ ئويلاۋەرمەڭ، دەردنى ئىچىڭىزگە يۇتۇۋېرىپ، سالامەتلىكىڭىزنى نابۇت قىلىپ قويىسىز! تۇرمۇشقا، رېئاللىققا يۈزلىنىڭ، ئايچېچەك. مۇشۇ كۈنلەردە مەن سىزنىڭ «تولۇنئاي رېستورانى»غا بېرىشىڭىزنى راستتىنلا ئارزۇ قىلىمەن. ئۇ يەر سىزنىڭ دەردىڭىزگە داۋا، رەنجىڭىزگە شىپا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، كەچكىچە مۇڭغا پېتىپ، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋەرسىڭىز نېرۋىڭىز كاردىن چىقىدۇ. تېخىمۇ چاچقۇن، سەپرا بولۇپ كېتىسىز!

راست، شۇ كۈنلەردە ئايچېچەك يالغۇز ئىدى. قىزى ساباھەتنى ھەپتىلىك يەسلىگە بېرىۋېتىپ، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياشاۋاتاتتى، بەزى كۈنلىرى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەندە، مىسكىنلىكتىن تۆت تام بىلەن

سوقۇشقۇدەك ھالغا كېلىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ، تۇرۇپلا نۇرجاننىڭ تەكلىپىنى ئويلىنىپ قالدى. توغرا، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تۆت تامغا سەجدە قىلىپ، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغاندىن كۆرە، ئۆزۈمنى زورلاپ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بارسام، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، بىر ئاز بولسىمۇ دەردىم يەڭگىللەپ قالماسمۇ؟! ئادەمنىڭ زەھىرىنى ئادەم ئالىدۇ، دەيدۇغۇ!...

لېكىن ئۇ، يەنە تۇرۇپلا رېستوران خوجايىنىنىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن باشقىچە گۇمانلىنىپ، نۇرجانغا توغرىدىن ـ توغرىلا مۇنداق دېدى:

— رېستوران خوجايىنى مېنىڭ ناخشامنى، چىرايىمنى، ياشلىقىمنى يەمچۈك قىلىپ، پۇلى بار بايۋەچچىلەرنى قارماققا ئالماقچى بوپتۇ ـ دە!

ئايچېچەكنىڭ بۇ سۆزى بەكمۇ يالىڭاچ، قوپال ئېيتىلغاچقا، نۇرجاننىڭ دىتىغا ئانچە ياقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، گېپىنى قائىدىلىك چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى:

— ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق مەنپەئەتدار بولماقچى ئايچېچەك. ئىزاق دىرېكتور سىز بىلەن توختام تۈزۈشنى خالايدىكەن، سىزگە سائەت ھېسابلاپ پۇل بەرمەكچى...

— ھەي!... — ئايچېچەك بىزارلىق كەيپىياتتا بېشىنى ئىرغىتتى، — بۇ ئادەملەر پۇلنى ۋۇجدان بىلەن روھنى بويسۇندۇرىدىغان خاقان، دەپ بىلىدىغان ئوخشايدۇ! ئۆز خىياللىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئايلاندۇرغان ئادەم بىچارە بولۇپ قالمامدۇ؟

— لېكىن، بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىندا ھازىر پۇلنىڭ زەربىسى تەڭداشسىز بولۇپ قالدى، ئايچېچەك! — دەپ بوشقىنا ئېتىراز بىلدۈردى نۇرجان، — ھازىرقى ماددىي مەدەنىيەت ئۆزلۈكسىز تۈردە ئاجايىپ ھەم مۆرەككەپ تەرەققىياتنى باشتىن

www.uyghurkitap.com

كەچۈرۈۋاتىدۇ، بۇنداق تۇرمۇش بىر خىل بىلىم ھارغىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماي مۇمكىن ئەمەس.

— سىز ھېرىپ قالغان ئوخشىمامسىز، نۇرجان؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىدارىدىكى خىزمەت مېنى ھارغۇزۇپ قويدى. ئويلاپ بېقىڭا ئايچېچەك، مەن تەشكىلدىن ئالغان بىر ئايلىق مائاشنى ئون كۈن ئىشلەپ تېپىۋاتىمەن، بۇرۇندىنلا مېنىڭ قولۇم قىسقا، ئۆزۈمنىڭ گەجگىسىدىن باشقىغا يەتمەيتتى، بۇنداق ھالەتتە ھازىرقى شەخسىيەتچىلىك ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تولغان بۇ تۇرمۇشقا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ؟! ئالىي ئۇنۋانىم تېخىچە ھەل بولمىدى. قۇربانوف ئەسكىلىك قىلىپ، پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. راستىنىلا مۇزىكا ئىشلەشتىن كۆڭلۈم سوۋۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن كۆرە، ناممىنى، ئەمگىكىمنى ساتسام، ئىقتىساتتىمۇ، ئابرويدىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەنمەن!...

نۇرجان مانا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئايچېچەككە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئېيتىپ، دەردىنى تۆكتى. يۈرەك قېتىدىكى گەپلىرىنى يوشۇرماي ئېيتتى. قۇربانوف راستىنىلا ئۇنى چەتكە قېقىپ، بوزەك قىلغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ باشقا ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئايچېچەك بىلەن ئەزەلدىن يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. قۇربانوف ئايچېچەك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئارقا ـ ئارقىدىن داۋسىنى ئىشتىپ، دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇ، راستىنىلا چىدىماي قالغانىدى، چىدىماسلىق ئۇنى چاكىنىلىققا ئېلىپ باردى. شۇ كۈنلەردە، ئۇ ئايچېچەكنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ھەرقانداق ئادەمنى كۆرسە، خۇددى كۆكۈيۈن چاققان ئىشەكتەك تولغىنىپ، ئازابلىنىپ كېتەتتى، شۇڭا جىنىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ئىشىغا توپا چاچاتتى. ئەگەر قولىدىن كەلسە، ئۇلارغا كېرەكلىك سۇ بىلەن ھاۋانىمۇ توسۇپ قېلىپ، شۇ ئارقىلىق

ئۆزىگە تەسەللىي تاپماقچى بولاتتى! . . .

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ راست، — دېدى ئايچېچەك بىر خىل سەمىمىي ھېسداشلىق بىلەن، — ھازىر جەمئىيەتتە، پۇلى بارلارنىڭ بىلىمى يوق، بىلىمى بارلارنىڭ پۇلى يوق ئەھۋال شەكىللىنىپ قالدى. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، سىز دېگەندەك زىيالىيلاردا چوقۇم بىلىم ھارغىنلىقى كېلىپ چىقىدۇ!

— شۇڭا، جەمئىيەت ھازىر بىزگىمۇ پۇل تېپىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، — دېدى نۇرجان ئۆز پىكرىنى تەكىتلەپ، — سىياسەتمۇ بەزىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويىدۇغۇ! شۇنداق ئىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرۈشۈڭ، ئۆز ئىشىڭنى پۇختا قىلىشىڭ كېرەك ئىكەن، چۈنكى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە شەخسىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۆزىنى، تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى ئويلىمىغان ئادەمنى بۈگۈنكى كۈندە يەر يۇتىدۇ!

ئايچېچەك ئويلىنىپ قالدى. نۇرجاننىڭ ئېيتقانلىرى بىر ھېسابتا توغرىدەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ، يېقىندىن بۇيانقى رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت تەشۋىقاتلىرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتمىدى؟! كىمنىڭ پۇلى كۆپ بولسا، كىم بىرەر يەرگە كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامى ئۇلۇغلىنىپ، ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈلدى. ھېچكىم ئۇنىڭ بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شەھەرمۇ شەھەر ئېقىپ يۈرگەن قارا نوپۇس ئىكەنلىكىنى ياكى ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك، قىمارۋازلىق قىلىپ يۈرگەن ئالدامچى، ساختىپەز ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى! پۇل بىلەن ئۇنىڭ نامى چىقتى، پۇل بىلەن ئۇنىڭ ئابرويى ئۆستى، پۇل بىلەن ئۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورۇنغا، شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولدى! ئەمدى نۇرجاندەك كومپوزىتور، ئاسىم، قاسىمدەك يازغۇچى، مۇتەخەسسىسلەرچۇ؟ ئۇلار ئاران تاپقان تۆت تەڭگە مائاشىنى تىيىنلاپ خەجلەپ، ئىگەك تىرەپ ئىجاد قىلىپ، يەنىلا تېگىشلىك ئابرويغا، غەمخورلۇققا ئېرىشەلمىدى! . . . بۇ

بەك تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىق ئەمەسمۇ؟! لېكىن ئامال قانچە؟ پۇل ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى تەڭسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇرسا؟!...

— «تولۇنئاي رېستورانى» سىزگە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىپتۇ، — نۇرجان ئاكا، — دېدى ئايچېچەك ئاخىردا قايىللىق بىلەن، — مەنمۇ قىزىقىپ قالدىم، بېرىپ كۆرۈپ باقاي!

— ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى، ئايچېچەك، — دېدى نۇرجان كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ، — ئەمىسە كېلىشتۇق - ھە؟!

— ھەئە، كېلىشتۇق.

ئايچېچەك ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، «تولۇنئاي رېستورانى»غا كەلدى. ئىزاق ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەدھىيە، قەسىدىلەر بىلەن تولغان بۇ كۆرۈشۈش سالىمى ئايچېچەككە گويا تولا ئاڭلاپ زېرىككەن كونا مۇقامدەك تېتىقسىز تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئىزاق ئايچېچەكنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا كۈتتى. ئەڭ ئېسىل تائام ۋە ئىچىملىكلەر بىلەن مېھمان قىلدى.

ئۇ ئايچېچەك بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ نازۇك، سەيلانە قامىتىگە، نۇر ۋە ھارارەت بىلەن يېنىپ تۇرىدىغان ئويچان كۆزلىرىگە، ئاپئاق يۈزىگە ياراشقان قىرلىق بۇرنى بىلەن نېپىز، سۈزۈك لەۋلىرىگە قاراپ كۆزلىرى ئالچەكمەن بولۇشقا، مەستخۇشلۇقتىن شۆلگەيلىرى ئېقىشقا تاس قالدى. شۇ چاغدىلا، ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا خاتا قىلمىغانلىقىنى، بەلكى ئايچېچەكنىڭ ناخشىدىلا ئەمەس، چىراي شەكلىدىمۇ كىشىلەرنى جەلب قىلالايدىغان «چولپان» ئىكەنلىكىنى، بۇ چولپاننى دەسمايە قىلىپ نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى!

دەقىقە ئىچىدە، ئۇ يەنە بىر چاغلاردىكى ھېلىقى ئۆتەڭدە ئۆزى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بۇ چوكان ئۈچۈن بىر مۇنچە تاياق يېگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يېگەن تاياقنىڭ بىھۇدە ئەمەسلىكىنى، زۆرۈر تېپىلسا، يەنە شۇنچىلىك تاياق يېيىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ مۇنۇ بېيىتنى ئىچىدە يادلاپ قويدى:

مەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم،
بىر مىڭ ئالتە يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن
جانىم قارا كۆز!

تاماقتىن كېيىن، ئايچېچەك «تولۇنئاي رېستورانى» نىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ كۆردى. بۇ يەردىكى قىزغىن، ئازادە تۇرمۇش رېتىمى ئۇنىڭغا ياقتى، بولۇپمۇ «بېھىش زال» دىكى قويۇق سەنئەت پۇرىقى ئۇنىڭ ناخشاخۇمار ھۇجەيرىلىرىنى غىدىقلاپ، ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. سەنئەتكە، ھېسسىياتقا، لىرىكىغا باي بۇ قايناق تۇرمۇش ئۇنىڭ يالغۇزلۇقتا، غېرىبلىقتا ئۆتۈۋاتقان ھەسرەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك بەخش ئېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، قايتىش ۋاقتىدا، ئىزاق بىلەن توختام تۈزۈشكە رازى بولدى. ئىزاق سېخىيلىق بىلەن ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىككى يۈز يۈەندىن بېرىشكە ئىمزا قويدى.

## 2

«تولۇنئاي رېستورانى» غا ئايچېچەكنىڭ ئايىغى ياراشتى. ئۇنىڭ لەۋەن، يېقىملىق ناخشىسىلا بۇ يەرگە خېرىدارلارنى جەلب قىلىدىغان باھاسىز ئېلانغا ئايلانغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەر

www.uyghurkitap.com

يىراق - يىراقلاردىن ئالاھىدە ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا كېلىپ، يەپ - ئىچكەچ، ئۈچ - تۆت سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. نۇرجانمۇ ئۇنىڭغا ئوبدان ماسلاشتى، كەچقۇرۇنلىرى «بېھىش زال» دىن كۆتۈرۈلگەن شوخ مۇزىكا بىلەن ياڭراق ناخشا ئاۋازى بۇ يەرنى قاينام - تاشقىنلىق سەنئەت سورۇنىغا، جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان خىلۋەت ئارامگاھىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. . .

بۇ كۈنلەردە، پۇل دېگەن رېستوراننىڭ ئىشكىدىنمۇ، دېرىزىسىدىنمۇ، تۈڭلۈكىدىنمۇ ئۈزۈلمەي كىرىپ، ئىزاققا نۇسرەت ياغدۇردى، خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ھىجاق ئاغزى يۇمۇلماي قالدى! . . .

بۈگۈن ئايچېچەك كېچىكىپ كەلدى. ئىزاق ئۇنى رېستوراننىڭ سىرتقى ئىشكىدە تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئەجەبمۇ يولىڭىزغا قاراتتىڭىز، ئايچېچەك، — دېدى ئىزاق ئۇ كېلىش بىلەن قولتۇقىدىن ئېلىپ، — ھازىر سىز كەلمىگۈچە مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۆيگە بىر دوستۇم كېلىۋىدى، — دېدى ئايچېچەك ئۆزرە ئېيتقاندەك، — ئۇنى ئۇزىتىۋېتىپ كەلگۈچە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

ئايچېچەك «بېھىش زال» غا كىرىپلا ناخشىنى باشلىۋەتتى، چۈنكى، زالغا لىق تولغان خېرىدارلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە، ئۇ ناخشىنى بەكمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتاتتى. ئۆزىنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، يۈرىكى دەردلىك بولغاچقىمۇ، ئېيتقان ناخشىلىرىدىن بىر خىل مۇڭ بىلەن مىسكىنلىك ساداسى ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇنداق سۇزۇك ھەم مۇڭلۇق، لىرىك ھەم يېقىملىق ناخشا — ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك

تارلىرىنى چەكمەي قالمايتتى! . . .

ئۇ بۇگۈنمۇ ناخشىنى شۇنداق مۇڭ بىلەن لەۋەن ئېيتتى. ناخشىدىن پۇچۇلانغان يۈرەكنىڭ نالىسى ئاڭلىناتتى. ئايچېچەكنىڭ قەلبىدىكى ئۆلگىلى ئۇزۇن بولغان بىر خىل ھېسسىيات بۇ مۇڭلۇق ناخشا بىلەن قايتا تىرىلگەنتى.

مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ كۇل بولغان يۈرەكنىڭ بۇ ساداسىنى ئاڭلاپ ھەممە ئادەم جايىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىملا تۇرۇشۇپ قالدى، ناخشا توگىگەندىمۇ، ئۇلار يەنىلا ناخشىنىڭ مۇڭى ئىچىدە ئەللەيلىنەتتى! . . .

ئايچېچەك ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە ناخشا ئېيتىپ ھاردى. بايا زالنى بېشىغا كىيىپ، ئېگىز ـ پەس دەسسەپ ئۇسسۇل، تانسا ئوينىغانلارمۇ ئەمدى ئۆزلۈكىدىن تەنەپپۇس قىلىپ، زالنى چۆرىدەپ قويۇلغان دىۋانلاردا توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىچىپ، بىر تەرەپتىن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئايچېچەك زالنىڭ بىر چېتىدىكى خالىي ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، دېمىنى ئالغاچ ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ياشلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى بىلەن تولغانىدى. بەزى بۇلۇڭ پۇشقاقلاردىن مەست كاللىلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. گويا ئۇلار جىن تەگكەندەك، ئېلىشىپ قالغاندەك تەلۋە، غالجىر ۋە ئەنسىز ئىدى. ئايچېچەك ئۆزىگە يېقىن يەردە ئولتۇرغان بىر نەچچە ياشنىڭ پىۋا ئىچكەچ نېمىنىدۇر مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇلارنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق سۆزلىرى ئايچېچەكنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بىلەمسەن، ئاداش، — دەيتتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قىياپىتىدىكى بىرى قوللىرىنى شىلتىپ، — ھازىرچۇ، جۇڭگودا ئۈچ خىل نوپۇز بار: بىرى ھوقۇق، بىرى پۇل، يەنە بىرى مۇناسىۋەت! ئەگەر بۇ ئۈچ نوپۇز بىر ئادەمدە

www.uyghurkitap.com

تەل بولسا، ئۇ چوقۇم داھىي بولىدۇ؛ ئىككىسى بولسا، ئاتاقلىق ئەربابقا ئايلىنىدۇ؛ مۇبادا بىرى بولسىمۇ ئۇنى كاتتا ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. . .

— ئۇنداق بولسا، پۇقراغا نېمە قالدى، ئەمدى؟ — سورىدى بىرى دىككىنىپ تۇرۇپ.

— پۇقراغا نېمە قالاتتى، — دېدى دەسلەپ سۆزلىگەن يىگىت پەرىشان قىياپەتتە، — پۇقراغا ئىككى نەرسە قالدى: بىرى بورداقچىلىق، يەنە بىرى پورداقچىلىق!

كېيىنكى سۆزلەر ئاپچېچەككە غەلىتە تۇيۇلدىمۇ قانداق، چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، يۈزىنى چەتكە بۇرىۋالدى.

— ھەي، سەن دېگەن ئۇ ئىككى نەرسىمۇ ھەممە پۇقراغا نېسىپ بولمۇۋەرمەيدۇ! — دېدى ئۈچىنچى بىر يىگىت قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا مىجىۋېتىپ، — بورداقچىلىق قىلىشقا دەسمايە كېتىدۇ، پورداقچىلىقنىمۇ ئېپى بار، چاققان ئادەم قىلالايدۇ! قانداق دەمسەن؟ مانا مۇنداق: بىر ئادەم شۇنچە يىل سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ، يا ئەمەلى ئۆسمەپتۇ، يا پۇل تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇ، بىر نەچچە قوي ئېلىپ بورداپ، ئاز-تولا پۇل بولسىمۇ تاپاي، دەپ قوي بازىرىغا بارسا، بىر قوينىڭ باھاسى پالان پۇل، ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇلغا ئاران بىر ساغلىق كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر بېدىك ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: بۇنچىلىك پۇل بىلەن بورداقچىلىق قىلىپ، باي بولغىلى بولمايدۇ، ئەپەندىم! ئەڭ ياخشىسى، سىز بىر تىيىننىمۇ دەسمايە كەتمەيدىغان پورداقچىلىق ھۈنىرىنى قىلىپ، ئازراق ئەمەل تاپسىڭىز، شۇنىڭ بىلەنلا ھەم يۈز تاپىسىز، ھەم پۇل تاپىسىز!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئادەم ئويلىنىپ قاپتۇ. ئويلاپ قارىسا، راست، پورداقچىلىق دېگەنگە دەسمايە كەتمەيدۇ. ئىش ئەپلىشىپ، ئازراق ھوقۇق تۇتۇپ قالسا، ھوقۇق ئايلىنىپ پۇل

تاپىدۇ، پۇل ئايلىنىپ يەنە ھوقۇق تاپىدۇ، ئەمەسمۇ؟! شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ناھايىتى تەسلىكتە چوڭ بىر ئەمەلدار بىلەن تونۇشۇپتۇ، ئۇنىڭغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ «خۇشامىتى» نى قىلىش ئۈچۈن ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىدىن قولىنى سېلىپ، يۇمشاق سىلاپ ـ سىيپاپ، قولىنى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈپ تىزىغا چىققانىكەن، ئۇ يەردە ئۈچىرەتتە تۇرغان بىر تالاي قوللار بىلەن دوقۇرۇشۇپ، يېرىم يولدىلا توختاپ قاپتۇ. ئۇ ھېسابلاپ كۆرۈپتۇ. ئەگەر بۇ ئۆچىرەتنى كۈتسە، نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگۈچە، ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىش ۋاقتى توشۇپ، ھازىرقى كادىرلىق ئورنىمۇ تۈگەيدىكەن. شۇڭا ئۇ، ھېلىقى ئىشتاننىڭ پۇشقىقىدىن قولىنى ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىپتۇ: «بورداقچىلىق قولۇڭدىن كەلمىگەن يەردە، پورداقچىلىقنى ساڭا كىم قويۇپتۇ؟! بار ئىشىڭنى قىل، «ھامان ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خېرىدار!»

بۇ لەتىپىنى ئاڭلاپ، ئۇلار كۈلۈشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئاچچىق ھەم غەمكىن ئىدى. شۇ چاغدا، ئايچېچەكنىڭ يېنىغا ئىزاق كەلدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، مۇشۇنداق غورىگۇل ئولتۇردىڭىزمۇ، ئايچېچەك؟ — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ ئالدىدىكى قۇپقۇرۇق شىرەنى كۆرسىتىپ، — نېمە يېگۈڭىز، نېمە ئىچكۈڭىز كەلسە، ئۇلارغا ئېيتىڭ، مەن ئۇلارغا تاپىلىغان، ھەممىسى خىزمىتىڭىزگە تەييار.

— رەھمەت، ئىزاق ئاكا، — ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇردى ئايچېچەك، — مانا، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئولتۇرىمەنغۇ، باشقا نەرسىنى كۆڭلۈم تارتمايدۇ!

ئىزاق بىر ـ ئىككى چاۋاك ئۇرۇۋىدى، يېنىغا بىر خىل كىيىنگەن ئىككى مۇلازىم قىز كېلىپ تەزىم قىلدى. ئۇ قىزلارغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ دېدى. قىزلارنىڭ بىرى ئارقىغا

بۇرۇلۇپ ئىنتىك كەتتى، يەنە بىرى، ئايچىچەكنىڭ ئالدىدىكى شىرەنى قايتىدىن سۈرتۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا خرۇستال رومكا، ئىستاكان ۋە ئاپئاق قەغەزلەرنى قويدى. شىرە بىر دەمدە ھەر خىل ئىچىملىك، ئالىي ۋىنو، ۋىسكى ھەم ئېسىل زاكۇسكىلار بىلەن تولدى. كۈتكۈچى قىز قەلەي قۇتىلىق بىر سوغۇق ئىچىملىكنىڭ ئاغزىنى ئاچىمەن دەپ، دىققەتسىزلىكتىن، ئۇنى شىرەگە ئازراق چاچرىتىۋىدى، ئىزاقنىڭ سۈرلۈك كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۆڭگەن ھالدا ۋارقىراپ كەتتى:

— كالا كومشا، دۆت!... — قىز قاتتىق ئىزا تارتىپ كەتتى. بۇنداق تىل ـ ئاھانەت ئالدىدىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ، خوجايىنىنىڭ يەنە قانداق تەنبىھلىرى بارلىقىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئايچىچەكنىڭ يۈرىكى چىممىدە قىلىپ قالدى، كىچىككىنە بىر ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلىدىن، چوپچوڭ بىر قىزنىڭ بۇنداق ئېغىر ھاقارەتكە ئۇچرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. لېكىن ئۇ، بىر نەچچە كۈنلۈك كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ رېستوراندىكى خوجايىن بىلەن مۇلازىملارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە ئىكەنلىكىنى، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا بۇ ئادەملەرنىڭ ئىتائەتمەن قۇللار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئىزاقنىڭ ئالدىدا بارلىق كۈتكۈچى، مۇلازىملار ئۆز خاراكتېرلىرىنى پىنھان تۇتۇشاتتى. يولۋاسلىرى مۈشۈككە، شىرلىرى كۈچۈككە ئايلىنىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئىزاق خوجايىن ھەممە يېرىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كاتتا باي ئىدى! ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىزاقنىڭ ئەمەس، بەلكى پۇلنىڭ قۇللىرى ئىدى!

مانا مۇشۇ مۇلايىم، ناتىۋان قىزلار ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەردە پۇل تاپتى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمۇ ئاز بولمىدى. بۇ ئاشۇ قىزلارنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئېنىق، ئۇلارنىڭ چۈنتىكىدىكى پۇل قارىماققا ئادەمنىڭ كۆزىنى قىزارتىسىمۇ، لېكىن بۇ پۇللارغا

ئۇلارنىڭ بايىقىدەك تىلغا ئالغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىلەن خورلۇق ـ ھاقارەتلىرى سىڭگەنىدى! . . .

بۇلارنى ئويلاپ، ئايچېچەكنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ دەردىنى ئاز دېگەندەك تۇرمۇشتا بولۇۋاتقان بۇنداق قېقىل ـ سوقۇللۇقلار ئۇنى تېخىمۇ غەمكىن ھەم چاچقۇن قىلىپ قويدى. ئۇ، ئىزاقىنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىگە قىلىۋاتقان خۇشامىتىدىن، ئىلتىپاتىدىن يىرگەنگەندەك، چىرايىنى ئاچماي، ئالدىدىكى شۇنچە ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرگە بىنەزەر ئولتۇراتتى.

دېمىسىمۇ، ھازىر ئايچېچەكنىڭ توققۇزى تەل ئىدى. مال ـ دۇنيا دېسە يېتىپ ئاشقۇدەك بار ئىدى، ئاتاق ـ ئابروي، شان ـ شەرەپ دېگەنلەرمۇ باش ـ كۆزى ئۈستىدە ئەگىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا بىرلا نەرسە، پەقەت بىرلا نەرسە — يۈرەك ـ باغرىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، ئادەمنى مەجنۇنلارچە ياشاشقا، كۈلۈشكە، يىغلاشقا، ھەتتا ۋاقتى كەلسە، قىلچە ئىككىلەنمەي مەردانىلارچە ئۆلۈشكىمۇ ئۈندەيدىغان ئوتلۇق مۇھەببەتلا يوق ئىدى. ئۇ، ئەر زاتىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، تەنلىرى تىكەنلىشىپ، چىشلىرى غۇچ ـ غۇچ بولاتتى. ھەممە ئادەمنى قۇربانوفقا ئوخشىتىپ، ئەرنىڭ ياخشىسى بۇ دۇنيادا ئەمەس، ئۇ دۇنيادا ئوخشايدۇ، دەپ تۈگىمىگۈسىز ئاچچىق يۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبى بوش، يۈرىكى دەردلىك ئىدى! . . .

— ئايچېچەك، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇڭا، ئويۇن ـ تاماشىسىز تۇرمۇش ئادەمنى ھاماقەت قىلىپ قويىدۇ!

ئىزاقىنىڭ خېلىدىن بىرى ئويلاپ ئاران تاپقان بۇ دەبدەبىلىك سۆزى ئايچېچەككە خۇددى قىچىشىغان يەرنى قاشلىغاندەك يېقىمسىز تۇيۇلدى.

— ئويۇن ـ تاماشا ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتسىمۇ، ئادەمنى نادان، ئەخمەق قىلىپ قويىدۇ! — دېدى ئۇ چىرايىنىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئاچماستىن.

ئىزاق نېمە دېيىشنى بىلمەي تېپىــرلاپ قالدى، ئەمدى ئۆنىڭغا ئۆزىنى هاراقىا زورلاشتىن باشقا ئىش قالمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا، زالغا سالپا ـ سۇلپا كىيىنگەن ئۈچ ئوغۇل بىلەن ئىككى قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ، ئايچېچەككە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قويۇلغان بىر نەچچە بوش ئورۇنلارغا كېلىپ ئولتۇردى. ئايچېچەكنىڭ كۆزى ئۇلارغا تىكىلىپ قالدى. چۈنكى بىر قىزنىڭ چىرايى ئۆنىڭغا بەكمۇ تونۇشتەك بىلىندى. «شۇمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ قىزغا تېخىمۇ زەن سېلىپ قاراپ، — قاش ـ كۆزلىرى ئوخشاپ تۇرىدۇ، ئۆزىمۇ بوي تارتىپ قاپتۇ!...

لېكىن نېمىدېگەن ياداڭغۇ ـ هە؟!...»

ئۇلار جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۈتكۈچىلەرگە ۋارقىراپ، نېمىلەرنىدۇر بۇيرۇدى. هايال بولماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىچىدىغان، چېكىدىغان، يەيدىغان نەرسىلەر قويۇلدى. ئايچېچەك كۆز ئۆزمەي قاراپ تۇرغان هېلىقى قىز بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇۋىدى، يېنىدا ئولتۇرغان پاخمىۋاش، پالكۆز يىگىت دەرهال چاقماق چېقىپ بەردى. قىز تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، ئاغزىدىنمۇ، بۇرنىدىنمۇ پۇرقۇرىتىپ ئىس چىقىرىپ چەكتى. ئارقىدىن ئۇلار قىرلىق رومكىلارنى جاراڭ ـ جۇرۇڭ سوقۇشتۇرۇپ هاراق ئىچىشتى. پالكۆز يىگىت كەيپى سەل كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قوللىرىنى هېلىقى قىزنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، بوينىغا گىرە سالدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىۋىدى، قىز كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، قىقىنداپ كۈلۈپ كەتتى...

ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن، ئەلپازىدىن، ئۆز يېشىــغا ماس كەلمەيدىغان قىلىقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار زەهەرلىك چېكىملىك يولىغا كىرىپ قالغان ئازغۇنلاردەك كۆرۈنەتتى.

راست، ئۇلار بىلىپ ـ بىلمەي كىرىپ قالغان بۇ ئاپەتلىك يولنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان، ئۆزلىرى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بېشىدىن ئېغىر قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بەختسىز، ئىرادىسىز تەلۋىلەر ئىدى. چۈشكۈنلۈك، ئەسەبىيلىك ئۇلارنى ھەر كويلارغا سالاتتى. ئەنە ئاۋۇ قوللىرى ئاۋاق، چىرايى قوغۇشۇندەك كۆكىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن نۇر قاچقان ئېگىز بويي يىگىت تۈنۈگۈن خىروئىن خۇمارى بىلەن غالجىرلىشىپ، ئانىسىنىڭ كېكىردىكىگە خەنجەر پاتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى سۇغۇرۇۋالغان. ئۇ بۈگۈن مانا شۇنىڭدىن ئاشقان ئازراق پۇل بىلەن ھەمراھلىرىنى مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئاۋۇ قوڭۇر چاچ، بۇغداي ئۆڭ چىرايلىق قىز تۈنۈگۈن ئەمدىلا ئون سەككىزگە كىرگەن پاك، يۇمران تېنىنى قىرىق نەچچە ياشلىق، ژىن پۇرايدىغان بىر پوكانچىغا سېتىپ، شۇنىڭ ھېسابىغا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بىر قېتىملىق خۇماردىن چىققان. ئۇلار ياشاۋاتقان مۇدھىش شارائىت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىگە ئوخشاش مۇدھىشلىق بىلەن شۇملۇقنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇلار خۇمارى تۇتقاندا، ھېچ نەرسىدىن يانمايتتى. ئوغرىلىق قىلىش، نومۇسىنى سېتىش، بۇلاڭچىلىق دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى. ھەتتا ۋاقتى كەلسە، ئۇلار قاتىللىق قىلىپ ئۆزلىرىمۇ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن يانمايتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىككە، ياخشىلىققا، ئۇلۇغلۇققا تولغانلىقىنى ئۇنتۇغان، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە ئاشۇ ئاق رەڭلىك ئالۋاستىنىڭ مېھرىگە، ھۆزۈرىغا يەتمەيتتى!

تۇرمۇش ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ، گۈزەل، مەنىلىك، رەڭگارەڭ بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھازىر ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ مۇدھىش، بەتبەشىرە،

ناجىنىس ئالۋاستىلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىگە، تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلاندۇرۇۋالغان! . . .

مانا بۇ، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ زەئىپلىشىپ، روھىنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ، بۇ دۇنيادىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، خۇددى كەچكۇزنىڭ ئالا - بۇلىماچ ئاپتىپىدەك، ئاستا - ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى! لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلى، خاھىشى ۋە ئارزۇسى ئەمەس! ئۇلاردىمۇ ئۆزدېمەتلىك غەمسىز، ساغلام، شاد - خۇرام ياشلاردەك ياشاش ھوقۇقى بار. ئۇلارنىڭ مۇنداق بىھۇدە بەربات بولۇۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس!

ئاق ئالۋاستى — لەززەتلىك بۇ ئەجەل دورىسى زادى قايسى تۆشۇكتىن، كىملەرنىڭ قولى بىلەن بۇ پاك زېمىنغا كىرىپ، ئاشۇنداق سەبىي، ناتىۋان ياشلىرىمىزنى زەھەرلەۋاتىدۇ؟! ئۇ ياۋۇزلارنىڭ ئىبلىس قولىنى ئۈزۈل - كېسىل كېسىپ تاشلايدىغان قۇدرەت بىزدە يوقمۇ؟!

ياشلىرىمىزنى قۇتقۇزايلى! ئۇ يۈرەك - پارىلىرىمىز بىھۇدە قۇربانلىق بولۇپ كەتمىسۇن! ئۇلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، كېلەچىكىمىز، ئۇلارنىڭ بېجىرىم قولى بىلەن بىزنىڭ ھاياتلىق مەشئىلىمىز مەڭگۇ نۇر چېچىپ تۇرالايدۇ! . . .

ئايچېچەك خىيال بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى قىزغا يەنە بىر قېتىم بويۇنداپ قارىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ قىزمۇ خۇددى بىرى قارا دېگەندەك، ئايچېچەككە كۆز تاشلىدى ۋە ئۇنى تونۇپ، ئىختىيارسىز يۈرىكى ئاغدى، خۇددى كەچۈرگۈسىز سەت ئىش قىلىپ قويغان بىر ئەيىبكاردەك، ئايچېچەككە قايتا باش كۆتۈرۈپ تىك قارىيالمىدى. ئايچېچەك ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. قىز بېشىنى ئېگىپ يېنىدىكىلەرگە بىر نەرسىلەرنى دېدى. ئۇلار ئايچېچەككە بويۇنداپ قاراپ، يەنە نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن

تۇردى. قارىغاندا، ئۇلار زالدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئايچېچەكمۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ كەلدى.

— گۈلسۈم!...

ئايچېچەكنىڭ ئۆچمەنلىك بىلەن مېھرىبانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئاۋازى قىزنى ئىختىيارسىز ئارقىغا قاراتتى. ئۇ، ئايچېچەككە تىكىلىپ بىر قاراپ، يەنە بېشىنى يەرگە ئەگدى، ئايچېچەك بىر نەچچە قەدەم ئارىلىقتىن، ئۇنىڭ راستىنلا گۈلسۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇدى ۋە ئاستا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى.

× ×

ئايچېچەك بۇ تاشلاندۇق قىز بىلەن بىر كېچە مۇڭداشتى. قىزنىڭ يۈرىكىدىن قان ئەمەس، زەرداپ ئاقاتتى...

گۈلسۈم قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەن تالاي ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ، بىردەم ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى...

ئۇ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە كوچا - كويلاردا تەمتىرەپ، قورقۇپ يۈرۈپتۇ. بارىدىغان جاي بولمىغاچقا، ئاخىر ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ. لېكىن، ئىشىكنى قېقىشقا پېتىنالماپتۇ. كۆز ئالدىغا ئايچېچەكنىڭ سۈرلۈك قىياپىتى كېلىۋاپتۇ، قولاق تۈۋىدە ئۇنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى جاراڭلىغاندەك بوپتۇ. ئۇ، يەنە ئارقىغا قايتىپتۇ... ئەتىسى رەستىلەرنىڭ ئادەم كۆپ، ئاۋات يېرىگە بېرىپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپتۇ. كەچ كىرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، رەستە - كوچىلاردىكى ئادەملەرمۇ بارا - بارا ئازىيىپ، چىراغلار ئۆچۈشكە، شەھەر قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىپ بولۇشقا، ئەتراپ جىمجىت ۋەھىمىلىك تۈسكە كىرىشكە باشلاپتۇ. ئۇ،

قورقۇپتۇ، يىغلاپتۇ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەي، ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئاخىر يەنە ئۆيگە قايتىش نىيىتىگە كېلىپ، چوڭ يولدا كېتىۋاتسا، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن بىر تاكسى ماشىنىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپتۇ. شوپۇر قىرىق ياشتىن ئاشقان، سېمىز، گومۇش چىراي بىر ئادەم ئىكەن، ئۇ گۈلسۈمگە ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىپتۇ ۋە: «ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى. بۈگۈنچە بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ، ئەتە كېتىڭ» دەپتۇ. گۈلسۈم خىيالىدا، ئۇنىڭ چوققۇم بالا - چاقىسى بار ئادەم، بوپتۇ، بۈگۈن بىر كېچە شۇلارنىڭ يېنىدا يېتىپ، ئەتە ئۆيگە كېتەرمەن، دەپ ئويلاپ، ماشىنىغا چىقىپتۇ. لېكىن ئۇ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر ئەمدى كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ تار ۋە قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكېلىنگەندە، ئۆزىنىڭ پۇتۇنلەي ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. بۇ شوپۇر مۇشۇ يەرنى ماكان قىلىپ، كىشىلەرگە ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان مۇساپىر ئىكەن. گۈلسۈم يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ بولۇپ پۇشايمان قىلىپتۇ. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ يەردىن چىقالماپتۇ ۋارقىراپتۇ، يىغلاپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ زەئىپ نالىسىنى ئاڭلىماپتۇ. ھېلىقى شوپۇر توخۇ گۆشى بىلەن بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ، قورسىقىنى توقلاپ، گۈلسۈمنى كارىۋاتقا بېسىۋاپتۇ. گۈلسۈم شۇ كېچە خۇددى كوۋۇكتىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئاجىز، بىچارە باچكىدەك، شوپۇرنىڭ مايلىشىپ، تەر پۇراپ كەتكەن ئەسكى يوتقىنىدا ئۇنىڭ خالىغانچە ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپتۇ...

شوپۇر ئەتىسى بىر پارچە نان بىلەن ئىككى توغرام توخۇ گۆشىنى قويۇپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپتۇ ۋە ماڭار چېغىدا: «ۋارقىراپ - جارقىراساڭمۇ مەيلى، ھېچكىم سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىمايدۇ. ئەگەر ئاڭلاپ، سېنى بىلىپ قالغان تەقدىردە، مەن سېنى ئوغرى دەپ تۇتۇپ بېرىمەن!» دەپ

قورقۇتۇپتۇ. گۆدەك، ساددا قىز ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قەبرىستانلىقتەك سۇرلۇك، جىمجىت ئۆيدە كۈننى كەچ قىلىپتۇ. كەچتە شوپۇر كېلىپ هاراق ئىچىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، يەنە گۈلسۇمنى بوزەك قىلىپتۇ. بۆرە بىلەن قوزىنىڭ هېكايىسىدەك ئېچىنىشلىق بۇ ئىش بىر هەپتە داۋام قىلىپتۇ. بۇ جەرياندا، گۈلسۇم قورسىقىدا ئاندا - مۇندا مىدىرلاپ، ئۆزىگە هەم خۇشاللىق، هەم قايغۇ ئاتا قىلغان كىچىككىنە هامىلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋاپاسىز، ئازابلىق دۇنيادا يالغۇز، يەككە - يېگانە ئەمەسلىكىنى بىلدۇرۇۋاتقانلىقىدىن هەم پەخىرلىنىپتۇ، هەم ئەندىشە قىلىپتۇ. ئويلا - ئويلا ئاخىر ئۆزىنىڭ جېنىنى سىغدۇرالمايۋاتقان بۇ رەهىمسىز دۇنياغا يەنە بىر بىگۇناھ جاننى ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇنىڭمۇ جېنىنى قىيناشنى خالىماپتۇ - دە، بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، هېلىقى كىچىككىنە، كۆرۈمسىز يەر ئاستى ئۆيدە هېرىپ - چارچاپ، هالىدىن كەتكۈچە سەكرەپتۇ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويغان كونا چاقنى كۆتۈرۈپتۇ. ئەسكى سومكىدىكى تۆمۈر - تەسەكلەرنى قورسىقىغا قويۇپ بېسىپتۇ ... ئۇ، بۇ ئىشلارنى يىغلاپ، خۇدادىن كەچۈرۈم سوراپ تۇرۇپ قىلىپتۇ. مۇشۇنداق قىينىلىش، بەرداشلىق بېرىش نەتىجىسىدە تۇنجۇققان بالا ئاخىر چۈشۈپ كېتىپتۇ. گۈلسۇم ئىككى كۈن هوشسىز يېتىپتۇ. هېلىقى شوپۇر هەر هالدا ئىنساپقا كېلىپ، ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. هەپتە ئۆتكەندە، گۈلسۇم ئەسلىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئايدەك ۋاقىتنى ئاشۇ يەر ئاستى ئۆيدە كۈننىڭ نۇرىنى كۆرمەي، خۇددى سىياسىي مەهبۇسلاردەك، ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقماي، هېلىقى گۇمۇش چىراي شوپۇرنىڭ نىكاهسىز مەخپىي خوتۇنى بولۇپ ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن، پۇل ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىنى، هەتتا ئىمانىنى ساتىدىغان بۇ بالاخور شوپۇر

ئۇنى يەڭ ئىچىدە سودىلىشىپ، شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى «گىرىمسەن كېچە» ئىشرەتخانىسىنىڭ خوجايىنىغا سېتىپتۇ. خوجايىن ئۇنى «جىنسىي ئىستېمال» قاتارىدا خېلى يۇقىرى باھادا ئاپتۇ. گۈلسۇم بىر تۇرمىدىن، يەنە بىر تۇرمىگە يۆتكەلگەن مەھبۇستەك، قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيدىن چىقىپ، يەنە بىر خىرە - شىرە يەر ئاستى ئۆيىگە تۇتۇلۇپتۇ. ئىشرەتخانا خوجايىنى ئۇنى دەسلەپتە قول - چوماقچىلىرى ئارقىلىق خېلى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئاپتۇ ۋە يەتكۈچە ئاياغ ئاستى قىلىپتۇ. خورلۇققا چىدىمىغان گۈلسۇم قارشىلىق قىلىپتىكەن، ئۇنى جازالاپ، ئاشخانىنىڭ يۇندىخورلۇقىغا ساپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ، ئۆينى، ساباھەتنى سېغىنىپتۇ. خورلۇق، دەرد - ئەلەم، سېغىنىش ئۇنى بۇ يەردە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن ئۇ، يەنە تۇرۇپلا ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى ئويلاپ، كۆڭلى لەسسىدە بوپتۇ. ئەمدى ئۆزىنى بۇ ئۆيگە مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ھېس قىلىپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى ئەيىبلەپ، بۇ دۇنيانىڭ چۈشىنىكسىز ئىشلىرىدىن زارلىنىپ يۈرگەن بىر ۋاقىتتا، ھېلىقى پاخمۇۋاش، پالكۆز يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. يىگىت خېلى پۇل تاپقان، لېكىن ئاخىرىدا زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىپ، ئاستا - ئاستا ۋەيران بولۇۋاتقان تىجارەتچى ئىكەن. گۈلسۇممۇ بىلىپ - بىلمەي، ئۇنىڭ يولىغا مېڭىپتۇ. يىگىتنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە خىيالىي دۇنيا توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن، خىروئىننى تۇنجى قېتىم قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئاغزىغا ئاپتۇ. راست، شۇ كۈنى ئاق ئالۋاستى ئۇنى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپ، ئەرشئەلاغا ئاچىقىپتۇ. ئۇ، ئۇ يەردە ھۆر - غىلمانلارنى كۆرۈپتۇ، پەرىزاتلار بىلەن بىللە بولۇتلارنىڭ

ئارىسىدا شۇڭغۇپ، ئون سەككىزىنىڭ ئالەمنى سەيلە قىلىپتۇ. بەختتىن، شادلىقتىن يەتكۈچە ھۇزۇرلىنىپتۇ. كېيىن، ئاق ئالۋاستى ھالىدىن كېتىپ، ئۇنى شۇنداق بىر تاشلاپتىكەن، ئۇ قاتتىق سىلكىنىشتىن ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ يەنە مۇشۇ دۇنيادا تۇرغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، لېكىن ۋۇجۇدىدا بىر خىل غەيرىي ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى، خۇددى ئەتىۋار بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك، قاتتىق چاڭقاقلىق، خامۇشلۇق ئىچىدە ھېلىقى نەرسىسىنى تاپقۇسى، پۇرىغۇسى، چەككۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ ئاغزىغا، كۆڭلىگە تېتىمايدىغانلىقىنى بارا - بارا سېزىشكە باشلاپتۇ. ئاق ئالۋاستى دەسلەپ ئۇنى ئەنە شۇنداق ئەرشئەلاغا ئاچىقىپ، بىھوشلاندۇرۇپ، كېيىن مۇدھىش قوللىرى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ يۇمران ھۇجەيرىلىرىنى، پىچىرىم نېرۋىلىرىنى زەھەرلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىستائەتمەن چاكىرىغا، قۇلىغا ئايلاندۇرۇۋاپتۇ! . . .

گۈلسۈم ھازىر قەيەردە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ، كىم بىر چېكىم نەرسە بەرسە، شۇنىڭ شەيدايى بولۇپ ئۆتۈۋاتقان ئىگە - چاقىسىز، تاشلاندۇق بىر بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالغانىكەن! . . .

ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەن شۇنچە كۆپ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئايچېچەكنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى. ئۇ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا گۈلسۈمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىرىگە قارىدى. بۇ كۆزلەر ھەسەتتىن، غەرەزدىن خالىي ھالدا، بىر خىل خىجىللىق ۋە ئىلتىجالىق نۇرى بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئايچېچەك قىزنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئون بەش ياشلىق ۋاقتىدىكى غەمسىز، قۇۋناق، ئۆسمۇرلۈك چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

چاغلاردا، ئايچېچەك كۈندۈزى سۈمبۈل چاچلىق دوستلىرى بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ ئوقۇيتتى. كېچىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىغا باغرىنى يېقىپ، شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ ئۇخلايتتى. بۇ دۇنيانىڭ دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت دېگەنلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى! لېكىن، ئەمدى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ماۋۇ گۈلسۈمچۇ؟! ئۇ غەمسىز، كۆڭۈللۈك مەكتەپ ھاياتى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىللىق بىر ئائىلىنىڭ مېھرىگىمۇ ئېرىشەلمەي، قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتامدۇ؟! بۇنداق مۇدھىش قىسمەت بۇ سەبىي قىزنىڭ پېشانىسىگە ئەزەلدىنلا پۈتۈلگەنمۇ؟! قايسى قارا كۆڭۈلنىڭ رەھىمسىز قولى ئۇنى مۇشۇ پالاكەتلىك يوللارغا ئىتتىرىۋەتتى؟! . . .

ئايچېچەكنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىنلا چوڭقۇر ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى: «ئۇ، مېنىڭ ئۆيۈمگە ئون بىر ياش ۋاقتىدا كەلگەن، ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون ئالتىگە كىرگەن سەبىي قىزغۇ؟! ئۇ مۇشۇ يېشىدا شۇنچىلا دەرد ـ ئەلەملەرنى تارتىشقا تېگىشلىكمۇ؟ بۇ زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟! . . . »

ئايچېچەكنىڭ روھىغا كىچىككىدىن تارتىپلا بىر خىل مۇجمەل بولغان خەيرىخاھلىق خاھىشى ۋە كىشىلەرگە بولغان مۇقەددەس دوستانىلىك تۇيغۇسى سىڭىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، مەرھۇم ئېرى تەرىپىدىن ئېيپتى يوقالغان بۇ قىزغا تۇرۇپلا ئېچىندى، ئۇنىڭ مىسكىن ھالىغا ھېسداشلىق قىلغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەممە ئىشلىرىنى چىن كۆڭلىدىن پاك ـ پاكىز كۆتۈرۈۋەتتى. . .

سەھەرگە يېقىن گۈلسۈمنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ، ئاغزى كۆپۈكلەندى. قاتتىق بىئارامچىلىق ئىچىدە قورسىقىنى مۇجۇپ، بىر جايدا تۇرالماي قالدى. ئايچېچەك دەسلەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي، تېڭىرقىدى.

كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككى تال ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچۈرۈپ، پۇت ـ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، بىر ـ ئىككى سائەت چىداپ تۇرۇشنى ئېيتتى.

گۈلسۈمنىڭ بىھۇدە تارتىۋاتقان روھى ۋە جىسمانىي ئازابىغا قاراپ، ئايچېچەكتە بىرىنچى قېتىم زەھەرلىك چېكىملىككە ۋە ئۇنى ياساپ تارقىتىۋاتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن قاتتىق غەزەپ، ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى: ئۇلار ـــ ئاشۇ رەھىمسىز، قاباھەت ئادەملەر پۇل ئۈچۈن دۇنياغا بەختسىزلىك تېرىۋاتىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىغا كۈلپەت ئۇرۇقىنى چېچىۋاتىدۇ. پۇل ئۇلارنى باغرى تاش، ياۋۇزلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن! ئاق رەڭلىك ئالۋاستى ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ياۋۇز قولى بىلەن كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىلغان لەززەتلىك ئەجەل دورىسى! . . . ئەي خۇدا، ئەگەر سېنىڭ كۆزۈڭ بولسا، بەندىلىرىڭ ئارىسىدىكى بۇ ياۋۇزلۇقلارنى، نەپسانىيەتچىلىكلەرنى، ئازاب ۋە كۈلپەتلەرنى كۆردۈڭ! سەن ئۇلارنىڭ ـ پۇل ئۈچۈن ئادەملەرنى ۋەيران قىلىدىغان ئاشۇ بالا تەگكۈرلەرنىڭ قاتتىق جاجىسىنى بەرگىن، مۆمىن بەندىلىرىڭنى بىھۇدە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزغىن! ئۇ ياۋۇزلارنىڭ هارام يوللار بىلەن تاپقان دەپىنى ـ دۇنيالىرى كۆيۈپ كۈل بولسۇن! ئۆزلىرى دوزاخ ئوتىدا پۇچۇلانسۇن! . . .

گۈلسۈمنىڭ ئازابلىق يىغىسىغا قاراپ، ئايچېچەكنىڭ كۆزىدىنمۇ تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ـــ گۈلسۈم، ئەمدى مەن سېنى بۇنداق قويۇۋەتمەيمەن! ـــ دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ـــ سېنى داۋالىتىمەن، ساقايتىمەن، ئادەم قىلىمەن! . . .

ئۇ، شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىلار بىلەن ئۇقۇشۇپ،

شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنى داۋالايدىغان بىر پونكىتنى تاپتى ۋە ئۇ يەرگە ئۆز يېنىدىن ئىككى مىڭ يۈەن تۆلەپ، گۈلسۈمنى تاپشۇرۇپ بەردى. گۈلسۈم مەزمۇت تۆمۈر ئىشىكتىن كىرىپ كەتكەن پېتى خېلى كۈنلەرگىچە قايتا سىرتقا چىقالمىدى.

## 3

ئايچېچەك بۈگۈن بىر نەچچە ناخشا ئېيتىپلا ھېرىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىدى. نېمىگىدۇر ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلى بىئارام بولاتتى...

ئۇ بۈگۈن «تولۇنئاي رېستورانى» غا كېلىشىنىڭ ئالدىدا، گۈلسۈمنى يوقلاپ، ھېلىقى تۆمۈر ئىشىكلىك داۋالاش ئورنىغا باردى. قاتمۇ قات توساقلاردىن ئۆتۈپ گۈلسۈمنى كۆردى، ئۇنىڭ رەڭگىروپى خېلى ئوڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەجەل دورىسىنىڭ تەسىرىدىن تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ بولالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بەدىنى يەنىلا ئاجىز، روھى چۈشكۈن، كۆزلىرى نۇرسىز ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چۈشكۈنلۈك بىلەن ئۈمىد، ئىرادىسىزلىك بىلەن جاسارەت، روھ بىلەن تەن جىددىي ئېلىشىۋاتاتتى. بۇ ئېلىشىشتا گەرچە ئۇ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۈستۈنلۈككە، غەلىبىگە ۋە ئەركىنلىككە قاراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دىلى سۇنۇق، جىسمى زەئىپ، ئۆزى بىچارە ئىدى...

ئايچېچەك ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز تارتىۋاتقان روھىي ئازابلىرىنى، ئەجەل گىردابىدىن ناھايىتى تەسلىكتە ئۈمىلەپ چىقىۋاتقان مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىدى، يۈرىكى ئېچىشتى...

چۈشتىن بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكەن مانا شۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار ئايچېچەكنى غەمكىن، خىيالچان قىلىپ قويغانىدى. ئۇ، دائىملىق كېلىپ ئولتۇرىدىغان ھېلىقى ئورۇنغا كېلىپ، ئەمدى بىرەر ئىستاكان ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ تۇرۇشىغا، ئالدىدا ھېلىقى پاخمىۋاش، پالكۆز يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ كېلىپلا گۈلسۇمنى سۈرۈشتە قىلدى:

— گۈلسۇمنى نەگە قاچۇرۇۋەتتىڭىز؟! ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ!

— گۈلسۇمدە نېمە ئىشىڭىز بارئىدى؟ — سورىدى ئايچېچەك مۇلايىم ئاۋازدا.

— بۇ بىزنىڭ شەخسىي ئىشىمىز، سىز ئۇنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرىڭ، بولمىسا، مەن سىزنى بوش قويمايمەن!

ئايچېچەك مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى:

— گۈلسۇم مېنىڭ سىڭلىم، بۇندىن كېيىن ئۇنى كۆرەلمەيسىز، ئەمدى سىزمۇ ھوشىڭىزنى تېپىۋېلىڭ! . . .

شۇ چاغدا، «بېھىش زال» نىڭ بوسۇغىسىدا ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئايچېچەك ئۇنى تونۇغاندەك قىلدى. بۇ ئادەم ئۆمرىنى سەنئەت بىلەن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم ناخشىچى ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئەل ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان، خەلقئارا سەھنىلەردىمۇ دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ نامىنى تونۇتقان تۆھپىكارلاردىن ئىدى. لېكىن ھازىر، شۇ شۆھرەت بەدىلىگە كەلگەن ئازغىنا مائاشىنى تۇرلۇك - تۈمەن چىقىملارغا ئاران يەتكۈزۈپ، غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇ كۈنلەردە، كىرىمى ئاز ئۇنداق ناخشىكەشلىكنى ئەخمەق ئادەملەرلا قىلاتتى. چېچەنلەر بولسا، بىر - بىرىنى يەيتتى. بىر - بىرىنى ئالدايتتى، بىر - بىرىنى ساتاتتى! . . .

ئۇ ئادەم بوسۇغىدا تۇرۇپلا زالغا بويۇنداپ قارىدى،

www.uyghurkitap.com

تۇرقىدىن بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. راست، ئۇ ئوغلىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئوغلى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيدىن ئۆزىنىڭ تويى ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان بەش مىڭ يۈەن پۇلنى ئوغرىلىقچە ئاچىقىپ كەتكەنچە، ھازىرغىچە ئۆيگە كىرمىگەنىدى. . .

ئۇ ئادەم بوسۇغىدىن ئاستا ئاتلىدى. زالدا ياشلار كۆپ ئىدى. قىز ـ يىگىتلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. قىزلار چاچلىرىنى ھەر خىل پاسوندا ياسىتىۋالغان. ئۇلارنىڭ قېشىدا قاشلىق، يۈزىدە ئەڭلىك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ. ئوغۇللار تار ئىشتان كىيىپ، چاچلىرىنى گەدەنگىچە ئۆستۈرگەن، چىرايى سېرىق، پۇت ـ قوللىرى ئاۋاق. . . ئۇلار ھەممىنى كۆرگەن، ھەممىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ھەممىدىن بىزار، پەقەت ئۆزلىرىدىنلا بىزار ئەمەس! . . .

ئۇ ئەتراپتىكى ياشلارغا سىنچىلاپ كۆز يۈگۈرتتى. خىيالىدا، ئۆزىنىڭ يىگىرمە ياش ۋاقتىدىكى دوست ـ يارەنلىرىنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۈگۈنكى بۇ ياشلار ئۆتكەنكىگە يەتمەيتتى. بەلكىم ئۇنىڭ خىيالى تازا ئاقىلانە ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇ، خىيالىدىكى ئەنئەنىسىۋى قاراشلاردىن كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تارتىپ، بۇ ناتونۇش ياشلارنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇلارغا ھەر خىل ئەتىۋارلىق ناملارنى بېرىپ باقتى: پروفېسسور، يازغۇچى، گېئولوگ، ئوفىتسېر، سىياسىيون، ماتېماتىك، ئاياللار مۇدىرى، چەت ئەل تىلى تەرجىمانى، كارخانىچى، ۋىراچ، رەئىس، دىپلومات، ئارخېئولوگ، . . . ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى يىراقتىكى نەرسىلەر، بەلكىم بىر چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئامىتى كېلىپ، ئاشۇنداق ناملار بىلەن ئۆرلەپ كېتەر، بەلكىم مۇشۇنداق مەست ـ ئەلەس ئولتۇرغان پېتى بۇ ئالەمدىن نام ـ نىشانسىزمۇ كېتەر! ئېشقىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى قۇرۇق بىر نىشان، شېرىن ئارزۇ،

شۇنداقلا، ئاز ـ تولا مۇمكىنچىلىكى بار ئۇچقۇر تەسەۋۋۇر. . . شۇنداق، كېلەچەك چوقۇم مۇشۇ چاچلىرىنى گەدەنگىچە ئۆستۈرۈۋالغان، تار ئىشتان، گۈللۈك كۆڭلەكلىك ئوغۇللار بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى ئالا ـ بۇلىماچ بويىۋالغان مودا كىيىملىك قىزلارغا مەنسۇپ!

يېشى چوڭىيىپ قالغان ئادەملەر بۇلارغا قارىسا، ئۆزىنى گويا بىرەر ھاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغاندەك، گويا قەبرىستانلىققا يېقىنلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ! . . .

بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كىرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، بىھۇدە خىيالغا پېتىپ قالغانلىقىنى سەزدى بولغاي، بىردىنلا بېشىنى سىلكىپ كۆتۈرۈپ، يان ـ يېنىغا سىنچىلاپ قارىدى. شۇ چاغدا، ئايچېچەك بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ھېلىقى پالكۆز يىگىت بىلەن بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. يىگىت بىر نەرسىدىن ھۈركىگەندەك تېپىرلاپ قالدى. ھېلىقى ئادەم «ئوغلۇم، ئوغلۇم ئەخمەتجان! . . .» دېگىنىچە تانسىكەشلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئايچېچەك ئولتۇرغان يەرگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ چاغدا، يىگىت ئايچېچەكتىن يىراقلىشىپ ئاللىقاچان ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بولغانىدى. ھېلىقى ئادەم زارلانغان، ئۈمىدسىزلەنگەن قىياپەتتە:

— ئوغلۇم، مەن بىلەن ئۆيگە كەت، بىزنى قىينىما، ئۆزۈڭنى ۋەيران قىلما! — دەيتتى ئەتراپقا تەلمۈرۈپ. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى كەپتەرنىڭ بۇقۇلدىشىدەك مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك ئىدى. . .

ئايچېچەكنىڭ بىردىنلا قەلبى ئۆرتەندى، ئەتىگەندىن بېرى بولۇۋاتقان كۆڭۈل غەشلىكلىرى، ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملەر قوشۇلۇپ، ئۇنى باشقىچە بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ، ئىختىيارسىز ھالدا بىر كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ، قىزىل ۋىنودىن لىق بىر ئىستاكان ئالدۇردى ۋە

زاكوُسكىسىزلا ئىچىۋەتتى. پوُراقلىق، تەملىك ۋىنوئوُنىڭ بەدىنىدە تېزلا هارارەت دولقۇنى پەيدا قىلدى. نېرۋىلىرى بوُشاپ، پەرىشان كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. شۇ چاغدا نۇرجان خۇددى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغاندەك، زالدا بىردىنلا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يېقىملىق، لىرىك بىر مۇزىكىنى ياڭرىتىۋەتتى. مۇزىكىنىڭ شوخ، ئويناق رىتىمى ئايچېچەكنىڭ مۇسكۇللىرىنى، نېرۋىلىرىنى غىدىقلاپ، ئۇنى ئىختىيارسىز هالدا سەهنىگە ئاچىقتى. ئۇ ئەۋرىشىم بەللىرىنى تولغاپ، قاش - كۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ئىشتىياق بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى...

ئۇسسۇلدىن ئىبارەت سەنئەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي بۇ شەكلى ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىملىكى، نەپىسلىكى، نازاكەتلىكى ۋە يۇمۇرلۇقى بىلەن هەرقانداق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكمەي قالمايدۇ! سەهنىدە ئايچېچەكتىن باشقا هەممەيلەن ئاستا - ئاستا ئارقىغا چېكىنىپ، پۈتۈن ئورۇننى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى. ئۇ هەقىقەتنمۇ هەۋەس بىلەن بېرىلىپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسىنى ئويىنىتىشلىرى، بارماقلىرىنىڭ هەرىكەتلىرى شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە كۆزگە سىڭىشلىق ئىدى، هەرىكەت بىلەن مۇزىكىنىڭ بىرلىشىشىمۇ پىششىق هەم تەبىئىي ئىدى. هەر خىل چاققان، نازۇك، نەپىس هەرىكەتلەر بىلەن ئۇنىڭ تولغان، چىرايلىق فىگۇرىسى تېخىمۇ گۈزەل شەكىللەردە نامايان بولاتتى...

زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىۋاندا هاراق ئىچكەچ، ئايچېچەككە قاراپ ئولتۇرغان ئىزاقنىڭ كۆزلىرى بەئەينى ئېچىرقاپ كەتكەن هايۋاننىڭ كۆزىدەك چەكچىيىپ قالغانىدى، كۆكۈش كالپۇكلىرى شەهۋانىي هەۋەستىن پەيدا بولۇۋاتقان شۆلگەي بىلەن نەملىنىپ تۇراتتى...

ئايچېچەك سەهنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئىزاق

ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ناھايىتى ئەدەب بىلەن: «سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى» دەپ ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئايچېچەك ھاراقنىڭ كەيپى، ئۇسسۇلنىڭ ھارغىنلىقى بىلەن خېلىلا بوشاپ قالغانىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپلا، لۆم ـ لۆم كىرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇردى، يۇمشاق ئورۇن، تىنچ، خىلۋەت يەر ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئويقۇغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. . .

ئىزاقنىڭ ئوشۇقى ئالچى چۈشتى، ئۇنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئايچېچەكنى بىرەر قىلتاققا ئىلىندۇرۇپ، ئۇنىڭ جىسمىدىن راسا بىر ھۇزۇرلىنىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاك تەبىئىتىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي يۈرەتتى. ئەگەر ئىش ئەپلەشمەي قالسا، ھەتتا ئايچېچەكنى قولدىن چىقىرىپ، تىللا تۇغىدىغان بۇ خاسىيەتلىك گۈزەلدىن مەھرۇم قالاتتى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئايچېچەكنىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن ھاراق ئىچىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۇسسۇل ئويناپ كېتىشىگە قاراپ: «ئۇ، چوقۇم ئەرسىراپتۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى ـ دە، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش» ئۈچۈن «مۇھىم ئىش بار ئىدى» دەپ ئالداپ، ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەنىدى.

ئىزاق ئالدىراپ قەھۋە دەملىدى. قەھۋەگە توختىلاتقۇدىن سۈت ئېلىپ ئارىلاشتۇردى، ئاندىن ئۇنى پارقىراق پەتنۇسقا قويۇپ ئايچېچەكنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى:

ــ ئايچېچەك، بۇ فرانسىيىنىڭ ئېسىل قەھۋەسى، ئازراق ئىچىڭ، ھېرىپ كەتتىڭىز، ھارغىنلىقىڭىزنى ئالىدۇ! . . .

فرانسىيىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئايچېچەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. شۇ ھامان كۆز ئالدىدا پارىژنىڭ ھەيۋەتلىك ئازادە سەھنىلىرى، سېنا دەرياسىنىڭ ئارامبەخش، گۈزەل بويلىرى، كىلارانىڭ ھەمىشە دوستلۇق، سەمىمىيلىك بىلەن ئېچىلىپ

تۇرىدىغان ئوماق چىرايى، ئەكرەمنىڭ مۇھەببەت، خىجىللىق ۋە يەنە ئاللىقانداق سىرلىق تۇيغۇلار بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان ئويچان كۆزلىرى پەيدا بولۇپ، يەنە تېزلا غايىپ بولدى. دەقىقە ئىچىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئەسلىمە ئۇنى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم ئازابلاپ قويدى. ئۇ پارىژدىن ئايرىلىدىغان كۈنى ئەكرەمۇ ئۇنىڭغا فرانسىيىنىڭ «ئېسىل قەھۋەسى» نى دەملەپ بەرگەنىدى.

— ئايچېچەك، دېسەم ـ دېمىسەم خىيالىڭىز پارىژغا كەتتىغۇ، دەيمەن؟

— قانداق بىلدىڭىز؟

ئايچېچەك ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قىزىقىپ قارىدى.

— كۆزىڭىزدىن بىلدىم، — ئىزاق راستتىنلا قانداقتۇر بىر ئىلاھى سەزگۈ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغانىدى، — فرانسىيىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىڭىز ئاجايىپ چاقناپ ئويناپ كەتتى. دېمىسىمۇ، سىز ئۇ يەردە داڭق چىقارغان، نامىڭىز تارالغان. ئۇنداق گۈزەل شەھەرلەرمۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن ئاسان كۆتۈرۈلمەيدۇ! شۇڭا، بۈگۈن مەن سىزگە ئالاھىدە فرانسىيىنىڭ قەھۋەسىنى ئالدۇرۇپ دەملىگەنىدىم، قېنى، ئاشۇ يەرلەرنىڭ ھۆرمىتى، خاتىرىسى ئۈچۈن، بۇ قەھۋەنى ئىچمەيتىڭ!

ئايچېچەك ئىزاقنىڭ قولىدىكى قەھۋەنى ئېلىپ، بىر ـ ئىككى ئوتلىدى، قەھۋە راستتىنلا تەملىك ھەم پۇراقلىق ئىدى.

— ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ئايچېچەك، — دېدى ئىزاق ئۇنىڭ يېنىدىكى دىۋانغا ئولتۇرۇپ، — مەن تۈنۈگۈن بىر ئۈن ـ سىن سودىگىرى بىلەن سۆزلەشتىم، سىزنىڭ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىڭىزنى ئىشلەتمەكچىمەن، ئەگەر سىز رازى بولسىڭىز، مەن دەرھال ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزىمەن، بارلىق خىراجەت مەندىن، سىز پەقەت ناخشىڭىزنى ئوقۇپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ...

بۇ گەپلەر پۈتۈنلەي يالغان ئىدى. ئىزاق ئۇنى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە ئايچېچەكنى مۇشۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقىرىۋاتاتتى. چۈنكى، بايا ئايچېچەككە ماختاپ تۇتۇلغان قەھۋەدە ئۆتكۈر ئۇيقۇ دورىسى بار ئىدى.

ئايچېچەك ئىستاكاندىكى قەھۋەنىڭ يېرىمىنى ئىچە - ئىچمەيلا، بېشى ئېغىرلىشىپ، كۆزى يۇمۇلۇشقا باشلىدى. بىر خىل خامۇشلۇق ئىچىدىكى شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى ئىستاكاننى قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، دىۋانغا قىڭغىيىپ قالدى. ئىزاق ئۆز پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشقانلىقىدىن خۇشاللىنىپ كەتتى.

ئۇ ئايچېچەكنىڭ قولىدىكى ئىستاكاننى ئاۋايلاپ ئېلىپ، جايىغا قويدى. ئاندىن ئايچېچەكنى يوغان دىۋانغا جايلاشتۇرۇپ ياتقۇزۇپ، توپلىيىنى سالغۇزدى. كوپتىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى، ئۆزىمۇ كاستۇمىنى سېلىۋېتىپ، تاقەتسىزلىك، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇنى قۇچاقلىدى، سۆيدى، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى كۆچىيىپ، كۆزى ئالايدى، تىنىقى ئىتتىكلىدى. ئەمدى ئۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، بەئەينى ئولجىسىغا ئېتىلغان يىرتقۇچتەك، ئايچېچەكنىڭ كىيىملىرىنى تارتقۇشلاپ سالغۇزۇشقا باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، ئۆزۈڭدىن بىرى ئىزدىگەن نەرسىسىنى تۇيۇقسىز تېپىۋالغان ئاچكۆز دىۋانىگە، نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇغان قارام تەلۋىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى...

مانا ئۇ، ئۆزۈڭدىن بىرى ئېرىشمەكچى، ھۇزۇرلانماقچى بولغان ئاق، يۇمشاق، چىرايلىق بەدەن. شۇ تاپتا، بۇ بەدەن سۈتتەك ئاق، مەشۈتتەك يۇمشاق، سۈرەتتەك چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا روھ يوق. شۇڭا ئۇ، ھەيكەلدەك قېتىپ، سەزگۈسىز، تۇيغۇسىز جىممىدە ياتىدۇ، شۇ تۇرقىدا ئۇنى نېمە قىلىمەن دېسە، شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ! ئەمما

روھسىز تەننىڭ قانچىلىك ھۇزۇرى بار؟! ئادەم تېنى پەقەت روھ بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئاندىن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك بولامدۇ؟!...

لېكىن، ئىزاق ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر! ئۇ خۇددى كۆسۈكقا چۈشكەن ئىت ياكى ماۋغا چۈشكەن مۈشۈكتەك، ئۆزىنىڭ بىردەملىك ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرسىلا بولىدۇ. ئىشق ـ مۇھەببەت، ھېس ـ ھاياجان، سۆيگۈ ـ ئىستەك دېگەنلەر بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى؟!...

شۇڭا ئۇ، ئايچېچەكنىڭ بىھوشلۇق ھالەتتىكى سەزگۈسىز بەدىنىگە غالجىرلىق، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆزىنى ئاتتى! شۇغىنىسى...

خۇددى شارقىراپ كېلىۋاتقان سۇغا بىردىنلا ئېغىر تاقاق سېلىنغاندەك، ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز قېقىلىشى ئىزاقنى دىڭگىدە چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ، ئەنسىزلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. قۇتراپ كەلگەن شەھۋانىي ھېسسىياتلىرىمۇ لەسسىدە سۇسلاپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بىر ھازا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. «كىم؟» دەي دېسە، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىشىكنى ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. گەپ قىلماي تۇرۇۋېرەي دېسە، ئىشىك بارغانسېرى قوپال ھەم ئەنسىز ئۇرۇلۇۋاتاتتى. ئۇ يەنىلا جىمجىت تۇرۇۋەردى. بىر چاغدا، سىرتتىن نۇرجاننىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىزاق، ئىشىكنى ئاچ، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىڭنى مەن بىلىمەن. ياخشىلىقچە ئايچېچەكنى قويۇۋەت! بولمىسا، ھازىرلا ساقچى چاقىرىپ، پۈتۈن ئىشلىرىڭنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن!

ئىزاق ھودۇقۇش ئىچىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى: «ئۇ، كاساپەت قانداق بىلىۋالغاندۇ؟! مەن بايا ھەممىسىگە مېنى كىم سورىسا، يوق دەڭلا، دەپ جېكىلىگەنتىمغۇ؟!...»

ئايچېچەك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ۋاقىتتىلا، نۇرجان ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئىزاقنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە زەن سېلىپ، ئۇنىڭ يامان خىياللاردا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋە ئارىلىقتا بىر نەچچە مىنۇت يوقاپ كېتىپ، يەنە پەيدا بولغانلىقىنى، ھەم بۇ چاغدىكى كەيپىياتىنىڭ تېخىمۇ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئاخىرىدا ئايچېچەكنى باشلاپ «بېھىش زال» دىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇگۈن ئايچېچەككە يامان نىيەتتە بولۇشىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى نومۇرلارنى تېزرەك تۈگىتىپ، رېستوراننىڭ ئۆزى بىلىدىغان خىلۋەت جايلىرىنى ئاختۇردى. ئۇ يەرلەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن، «جەزمەن ئىشخانىدا ئىكەن» دەپ ئويلاپ، بۇ يەرگە كەلگەنىدى. . .

ئىشىكنىڭ بارغانسېرى قاتتىق ئۇرۇلۇشى، نۇرجاننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئايچېچەكنى ئاستا ـ ئاستا بىھوشلۇق ھالەتتىن سەگىتتى. ئۇ دەسلەپ بوش مىدىرلاپ، كېيىن كۆزىنى ئاچتى، بېشى يەنىلا گاراڭ، خامۇش ئىدى. ئۇ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ دىۋاندا ئاياغسىز، پايپاقسىز ياتقانلىقىنى، يېنىدا ئىزاقنىڭ تەمتىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بايا چالا ـ پۇچۇق سالدۇرۇلغان كىيىملىرى يەنە ئۆز پېتى كىيگۈزۈپ قويۇلغانىدى. . .

ئايچېچەك ئىزاققا بىگىزدەك قادالدى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە نەپرەت ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى!

— سەن ئىپلاس، مېنى نېمە كۆردۇڭ! ؟ تۆت تەڭگە سېسىق پۇلۇڭ بىلەن ھەممە نەرسىنى سېتىۋالىمەن، دەپ ئويلامسەن؟ ! . . .

شۇ چاغدا ئىشىك يەنە قېقىلىپ، نۇرجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىزاق، ئىشىكنى ئاچ دەيمەن، بولمىسا، تېپىپ

چېقىۋېتىمەن!

ئايچېچەك ئىشىكنى ئېچىۋەتتى ۋە نۇرجاننى كۆرۈپلا، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى:

— نۇرجان ئاكا، سىز مۇشۇنداق ناجىنىس چۈپرەندىلەرگە مېنى تونۇشتۇرغانمۇ؟ ئۇ، مېنى نېمە كۆرۈپ قاپتۇ؟!...

— ئايچېچەك خاپا بولماڭ! — دېدى نۇرجان ئۇنى بەزلەپ، — مەن ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ئەسلى ئۇنىڭ مۇددىئاسى باشقا ئىكەن، مەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن!

نۇرجان ئىزاقنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، ئەلپازىدىن، ئۇنىڭ بىلەن راسا بىر قەپەس ئېلىشىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئايچېچەك ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى:

— نۇرجان ئاكا، بولدى قويۇڭ، ئۇنداق پەسكەش ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆزىڭىزنى بۇلغىماڭ! جۈرۈڭ، بۇ يەردىن كېتەيلى، بۇنداق شەرمەندە يەرنى ئىككىنچى كۆزىمىز كۆرمىسۇن!

ئايچېچەك نۇرجاننى يېتىلەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىزاق بىر بۇلۇڭدا شۇمشەرەپ تۇرۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ بوشىشىپ سالپايغان جىسمىغا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك بىلەن ھەسرەت - نادامەت تىترىكى ئولاشتى. ئۇنىڭ شېرىن خىيالى بەربات بولدى، ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسى ئىشقا ئاشمىدى. ئۇنى ئاز دەپ ھاقارەتلەندى، دەككىسىنى يېدى. ئەڭ يامىنى، خېرىدارلارنى سېھىرلەپ، پۇل دېگەننى ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرگۈزۈۋاتقان ئايچېچەك بىلەن نۇرجان بۇ يەردىن كەتتى. تىللا قاقىدىغان دەرىخى ئۆرۈلدى. ئەمدى ئۇنىڭ رېستورانىدىن خېرىدار قاچىدۇ، چۆلدەرەيدۇ، رىقابەتچىلىرى ئۇنى جەزمەن ئوڭدا قويىدۇ!...

شۇ خىياللار كاللىسىدىن ئۆتكەن ئىزاقنىڭ بېشى خۇددى ئۆلۈك توخۇنىڭ بېشىدەك گىلدىڭگىدە چۈشۈپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

# كىچىككەن سۆيگۈ خەتلىرى

## 1

تۇرمۇش گويا تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دەريا ئېقىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە قۇم ـ تۇپراقلارنى ئېقىتىپ، قىرغاقلارنى گۆمۈرۈپ، ئۆز يولىنى ئۆزگەرتىدۇ؛ بەزىدە زېمىننىڭ تەكتىدىن يول ئېلىپ، يوشۇرۇن ئېقىپ، بىر يەرلەرگە بارغاندا، باشقىچە ھەيۋەت بىلەن يەنە يەرنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ! . . .

خۇددى شۇنىڭدەك، سەككىز يىل ئانا تۇپراقتىن ئايرىلىپ، يوشۇرۇن ئېقىنلاردەك جاھان كېزىپ يۈرگەن ئەكرەممۇ تۇيۇقسىز ئايچېچەكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

— ئەكرەم! — ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

— ئايچېچەك! — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ يېقىملىق، ھېسسىياتلىق ئىدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ، تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ، ئۇزاق مۇڭداشتى، ئايچېچەك سابىرنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلىگەندە مۇڭلاندى، كۆز يېشى قىلدى. ئەكرەممۇ ئېچ ئاغرىتتى، تەسەللىي بەردى. . .

چۈشتە، ئۆيگە جىلىت ئاسقان ساباھەت بىلەن گۈلسۈم

www.uyghurkitap.com

كەلدى، ئۇلار مەكتەپتىن يانغانىدى.

— بۇ مېنىڭ قىزلىرىم، — دېدى ئايچېچەك ئىككىيلەننى ئەكرەمگە تونۇشتۇرۇپ، — ساباھەت ئەمدى بىرىنچى سىنىپقا كىردى، گۈلسۈم بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ.

— سىز ئۆتكەندە بىر قىزىم بار دېۋىدىڭىزغۇ؟ — سورىدى ئەكرەم ھەيران بولغاندەك قاشلىرىنى يىمىرىپ.

— ئەمدى ئىككى بولدى، — دېدى ئايچېچەك چىرايلىقىنا كۈلۈپ، — قانداق، ئىككى بولسا بولمامدىكەن؟ گۈلسۈممۇ مېنىڭ قىزىم!

بۇ گەپلەرنى دەھلىزدە ئاڭلاپ تۇرغان گۈلسۈمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى، ئۇ ھازىر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئاساسەن ئەسلىگە كېلىپ، مەكتەپ ھاياتىغا ئوبدان كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا بۇرۇنقى چالا قالغان ئوقۇشىنى تېزلا ئېسىگە ئېلىپ، بەشىنچى سىنىپنىڭ ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچىلىرى قاتارىدا كېتىۋاتاتتى.

— ئەكرەم ئاكا، ئەمدى بۇ قېتىم قايتماس بولۇپ كەلگەنسىز؟ — سورىدى ئايچېچەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولۇپ. ئەكرەم بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى، كېيىن ئايچېچەكنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ دېدى:

— سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— مېنىڭ جاۋابىم بەكمۇ ئاددىي، — دېدى ئايچېچەك ھېچقانداق ئويلىنىپمۇ تۇرماي، — «ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا، كىشى يۇرتى ئۆگەي ئانا». ئۆگەي ئانا يامان كېلىدۇ!

— توغرا دېدىڭىز ئايچېچەك، — دېدى ئەكرەم خىيالچان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — مەن بۇ قېتىم كەتمەس بولۇپ كەلدىم، ئەل ـ يۇرتنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى. گەرچە كەسپتە روناق تېپىپ، تۇرمۇشۇم ئەركىن، باياشات ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇساپىرلىق، سەرسانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم. ھازىر بۇ

يەرلەرمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشماي قاپتۇ، ھەممە يەردە ئۆزگىرىش، يۈكسىلىش، تەرەققىيات. كىشىلەرنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىدىمۇ ئۆزگىرىش كۆپ ئىكەن. ئەمدى كېيىنكى ئۆمرۈمنى، كۈچ - قۇدرىتىمنى يۇرتىنىڭ، ئەلنىڭ غېمى ئۈچۈن سەرپ قىلماقچىمەن! . . .

— مانا بۇ گېپىڭىز يۇرت ئوغلىنىڭ گېپى بولدى، ئەكرەم ئاكا! — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭدىن رازى بولغان، سۆيۈنگەن ھالدا، — ئەمدى بۇ يەردىمۇ نى - نى ئىشلارنى قىلالايسىز، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بۇرۇنقى قاتماللىق، رامكا ۋە ئەمرىمەرۇپ دېگەنلەر تۈگەپ كەتتى. ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپسىز، سەككىز يىللىق ئۆزگىرىش سەكسەن يىلدەك يېڭىلىقلارنى ئەكەلدى، قانچە ئىشلىسىڭىز ئەرزىيدۇ!

— ئىلاھىم، دېگىنىڭىزدەك بولار!

شۇ گەپلەردىن كېيىن، ئەكرەم گېزىتكە ئورالغان بىر يۆگەكنى ئاچتى، بۇ «50×80» چوڭلۇقتىكى بىر پارچە ماي بوياق رەسىم ئىدى.

— بۇ مېنىڭ سىزگە ئەكەلگەن سوۋغىتىم، ئايچېچەك! — دېدى ئەكرەم ۋە چىرايلىق تۇرتەكلەنگەن رەسىمنى شاررىدە قويۇۋەتتى.

ئايچېچەك رەسىمگە قاراپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، رەسىمدىكى ناخشا ئوقۇغان قىياپەتتە تۇرغان گۈزەل چوكان دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پارىژدىكى تازا ھۆسنىگە تولغان، خۇشال، غەمسىز، شادىمان چاغلىرى بولغاچقا، رەسىممۇ شۇنداق گۈزەل، نەپىس ھەم مەردانە چىققانىدى. رەسىمنىڭ ئاستىدا ئەكرەمنىڭ ئىمزاسىدىن باشقا، «ناخشا چولپىنى ئايچېچەك» دېگەن ھەر خىل يېزىقتىكى خەتلەرمۇ بار ئىدى.

— بۇ رەسىم ئوتتۇرا ئاسىيا رەسسام كۆرگەزمىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، — دەپ ئىپتىخار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئەكرەم، — ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا يۈز مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. مەن شۇنىڭدىن بىر نەچچىنى ئالغاچ كەلدىم. خۇدا بۇيرۇسا، ئۆز پۇلۇم بىلەن مۇشۇ يەردىمۇ يىگىرمە - ئوتتۇز نۇسخا باستۇرۇپ تارقىتىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، ئەكرەم ئاكا، — دېدى ئايچېچەك كۈتۈلمىگەن يەردىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— نېمىشقا! — سورىدى ئەكرەم ھەيران بولۇپ، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھەيران بولماڭ ئەكرەم ئاكا، بۇنداق ئىشنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتىپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنمەن، — دېدى ئايچېچەك ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — شان - شۆھرەت دېگەن ئادەمگە بەزىدە بەخت - سائادەت كەلتۈرسە، كۆپ ۋاقىتتا دەرد - ئەلەم كەلتۈرىدىكەن، مەن بۇنىڭ تەمىنى جىق تېتىپ كەتتىم، شۇڭا، ئۇنى ھەرگىز باستۇرۇپ، تارقىتىمەن دېمەڭ، بىر پارچىنى مۇشۇ ئۆيۈمگە ئېسىپ قويسىڭىز بولدى.

— ئۇ، دېگىنىڭىزغۇ راست، — دېدى ئەكرەم ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، — بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، نام چىقارغان ۋاقتى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ھوجۇمىغا، تىل - ئاھانەتكە ئۇچرىشىنىڭ باشلىنىش چېغى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كونىلارمۇ: «قايسى دەرەخنىڭ مېۋىسى كۆپ بولسا، شۇنىڭغا تاش كۆپ ئېتىلىدۇ» دېگەن. مەيلى، ھازىرچە تارقاتماي تۇرايلى، لېكىن ھامان بىر كۈنى خەلق ئۆزى تارقىتىدۇ. مەن بۇ رەسىمنى ئۆز قولۇم بىلەن جازىغا ئېلىپ بېرەي، ئاندىن ئۆيگە ئېسىپ قويۇڭ.

ئايچېچەك رەسىمگە يەنە بىر قېتىم ھەۋەس بىلەن قارىدى، تۇرۇپلا، رەسىمدىكى قىياپەتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى، رەسىمدىكى ئايچېچەك شۇنداق روھلۇق، مەردانە ھەم چىرايلىق ئىدى، گويا ناخشا ئوقۇۋاتقان تىرىك ئادەمدەك قىلىقلىنىپ تۇراتتى.

دېمىسىمۇ، ئەكرەم بۇ رەسىمنى زور ئىجادىي قىزغىنلىق ۋە چەكسىز ئىشتىياق بىلەن سىزغانىدى. بۇ رەسىمگە ئۇنىڭ پۈتكۈل قىسمىتى، ئىستىكى ۋە خىسلىتى سىڭگەنىدى. بۇ رەسىم بەزى ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە نەپىسلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغاندەك قىلاتتى! . . .

ئەكرەم يەنە ئۇزاق مۇڭداشتى، سىرداشتى، كەڭتاشا مېھمان بولدى. ئەگەر بالىلارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئوڭدا ـ دۈمدە ئۇخلاپ قالمىغان بولسا، ئۇ يەنە خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇرغان بولاتتى.

— ئەمدى مەن قايتاي، — دېدى ئۇ ئايچېچەكنىڭ كىچىككىنە ئالىقانلىرى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ، ھايا بىلەن ئەسنەۋاتقانلىقىغا قاراپ، — بالىلارمۇ ئۇخلاپ كەتتى، سىزمۇ ئارام ئېلىڭ. مەن ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇرتقا ماڭىمەن. ئۆيگە خەۋەر بېرىۋەتكەن، تۇغقانلار يولۇمغا قاراپ تۇرىدۇ، قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشەرمىز، خوش. . .

دېگەندەك، ئەكرەم ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇرتقا ماڭدى، مېڭىش ئالدىدا، ئايچېچەككە گۈلسۇم ئارقىلىق ئۇزۇن بىر پارچە خەت كىرگۈزۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2

سۆيۈملۈك ئايچېچەك:

مەن سىزگە بولغان تۈنجى مۇھەببىتىمنى خەت ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، ئەمدى ئاخىرقى مۇھەببىتىمنىمۇ خەت ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچىمەن.

ئېھتىمال، مېنىڭ دەيدىغانلىرىم ئۆتمۈشنى تەكرارلاشتۇر. كىشىلەر ئۆتمۈشنى تارىخ، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، تارىخشۇناسلار، ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى، يەر شارىنىڭ ئۆتمۈشىنى، جانلىقلارنىڭ ئۆتمۈشىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۆتمۈشمۇ قىممەتلىك! . . .

ئايچېچەك ئېسىڭىزدىمۇ، ئۆتكەندە سىز پارىژدىكى ياتاقتا رەسىملىرىمنى كۆرۈپ: «ئەكرەم ئاكا، سىز قىزلارنى نېمانچە كۆپ سىزىسىز، قەيەرگە قارىسا، قىز. . . قىز. . . » دېگەنىدىڭىز! شۇنداق، مېنىڭ پۈتكۈل سەنئەت ئىجادىيىتىمدە، ئىككىلا تېما ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى: بىرى، قىز؛ يەنە بىرى، يۇرت! قىزنىڭ رەسىملىرىگە باشتىن ـ ئاخىر مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم، ئەقىدەم، سېغىنىشىم سىڭگەن. مەن شۇ ئارقىلىق، قەلبىمدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ھەسرىتىمنى بېسىپ كەلدىم. يۇرت توغرىسىدا كۆپ سۆزلىمىسەممۇ بىلىسىز، ئۇ سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئىمانىمىز، بارلىقىمىز! ئۇنىڭ قەدرىنى، دەردىنى پەقەت مەندەك يۇرتتىن ئايرىلغان ئادەملا ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا، مەن ئانا

يۇرت، ئانا ماكان، ئانا تۇپراق توغرىسىدا سىزغان رەسىملىرىم ئارقىلىقلا، ئۆزۈمنىڭ يېگانە، بىگانە، غېرىپ، مىسكىن تۇرمۇشۇمغا تەسەللىي تاپماقچى بولدۇم...

ئايچېچەك، بىز رەسساملارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر بۇلاق بولىدۇ. كۈندىلىك قالايمىقانچىلىقلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتىدۇ. يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغانغىنىڭىزدا، قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن لەرزان چىقىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلايسىز. بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى ئەنە شۇ! قەلبىمدىكى مانا شۇ بۇلاق سۈيى مېنىڭ سىزگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىمنى ھەرقانداق ۋاقىتتا سولدۇرماي، ياشارتىپ كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ ھاياتى كۈچى شۇنچە زور بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ھامان ئۆزى تەلپۈنگەن يەنە بىر بۇلاققا قوشۇلۇشقا تەشنا. ئەمدى ئۇنى سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى بۇلاق سۈيى بىلەن قوشمىساق، بەلكىم مېنىڭ قەلبىم بىر پارچە قاغجىراپ كەتكەن قاقاس يەرگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن!...

سىز ئېھتىمال، مېنىڭ ۋەنگوگ*تەك بەختسىز بولۇپ قېلىشىمنى خالىمايدىغانسىز! شۇنداق، ۋەنگوك دۇنيادىكى ئاتاقلىق رەسسام بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا باشتىن-ئاخىر بەختسىز ئۆتۈپ، ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان. ئۇ XIX ئەسىردىكى گوللاندىيىنىڭ بۈيۈك رەسسامى، ئۇمۇ، ئۆمۈر بويى ماڭا ئوخشاش بويتاق ئۆتكەن بىرەر قىزنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولالمىغان. بىر قېتىم كۆڭلى خالىغان بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا، قىز ئۇنىڭغا: «ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىڭ!»

---

① ۋەنگوگ* — ۋەنگوگ (1853 - 1890) گوللاندىيىلىك تەسىراتچىلار ئېقىمىدىكى رەسسام.

www.uyghurkitap.com

دېگەن. ۋەنگوك: ‹ قانداق ئىپادىلەيمەن؟ › دېگەندە، ھېلىقى قىز: ‹ بىر قولىقىڭىزنى كېسىپ بېرىڭ! › دېگەن. ۋەنگوك ئۆيگە كېلىپ، راستتىنلا بىر قولىقىنى پۈتۈنلەي كېسىۋەتكەن، ئاندىن قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ: ‹ ئەمدى مېنى ياخشى كۆرۈڭ! › دېگەندە، قىز ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: ‹ بىر قولىقىڭىز يوق، سەت ئىكەنسىز! › دەپ ئەخمەق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ۋەنگوك ئاستا ـ ئاستا تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئوتتۇز سەككىز يېشىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن!

سىزمۇ بىلىسىز، ئايچېچەك، مۇھەببەت دېگەن ئۆلۈك، مۇقىم ھالەتتە تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ، جانلىق، ئۆزگىرىشچان ھالەتتە بولىدۇ. بەزىدە ئۇ، ئادەمنى غەرەز ئۇقمايدىغان تەلۋىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، بەزىدە ئەقىللىق، دانا قىلىۋېتىدۇ. ئۇمۇ خۇددى يۈرەكنىڭ سوقۇشىغا ئوخشاش، بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاستىلاپ تۇرىدۇ. كۈچەيگەندە، ئادەمنىڭ ئەقلىنى كېسىپ، تەلۋىلەشتۈرسە، ئاستىلىغاندا ئېغىر بېسىق، ئەقىللىق قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈردى! . . .

قەدىمكى ھىندىلارنىڭ بىر كىلاسسىك ئەسىرىدە، مۇنداق بىر پارچە رەسىم بار. بۇ رەسىمدە، ئادەمنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن: ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق، شۇنداق پاك، كۆركەم ۋە جۇشقۇن، ئاندىن ئەيىبسىز، ئوماق بالا؛ ئاندىن ئون نەچچە ياشلىق كەپسىز ئۆسمۈر؛ كېيىن ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلىق يىگىت؛ ئۇندىن كېيىن يىگىرمە نەچچە ياشلىق بوز يىگىت؛ كېيىن ئوتتۇز نەچچە ياشلىق قىران يىگىت؛ ئۇندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا قېرىلىققا قاراپ مېڭىش، بېلى ئېگىلگەن، دۈمبىسى مۈكچەيگەن، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنىڭ ۋەسۋەسىسى؛

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۆلۈم؛ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئاق ئىسكىلىت، روھىي چىقىپ كېتىپ، يېڭىۋاشتىن يېڭى ھاياتنى باشلاش. . .

بۇ رەسىم ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلىگەن. ھاياتلىق روھ بىلەن تەننىڭ بىرلىشىشى، تەن زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، روھ ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ جەريان ھەقىقەتەنمۇ راست. ھېسابلاپ قارىسام، بىز بۇ جەرياننىڭ قىرانلىق دەۋرىدە تۇرۇۋېتىپتۇق. دېمەك، ئۆمۈرنىڭ تېڭى تۇگەپتۇ. تېنىمىزدىن روھىمىزنىڭ چىقىپ كېتىدىغانلىقى بەرھەق بولسىمۇ، لېكىن قاچان چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، ياشاشقا ئالدىرىشىمىز، بۇ دۇنيانىڭ تېگىشلىك ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدىن تېزرەك بەھرىمەن بولۇشىمىز لازىم!

ئايچېچەك، سىز ھازىر ئۆزىڭىزنى بەك تاشلىۋېتىپسىز، تولىمۇ روھسىز، چۈشكۈن كۆرۈنىسىز! ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى مۇنداق ئويلاۋېرىپ، ھەسرەت چېكىپ، روھىڭىزنى خوراتماڭ! ئىنسان بالىسى ئۈچۈن، بىر ئۆمۈر مەمنۇن بولغۇدەك بەختكە ئېرىشىش نېسىپ بولمايدۇ. شۇڭا، ئادەم بالىسى ھەمىشە مېھىر ـ مۇھەببەتكە موھتاج! سىز دېڭىز قارلىغىچىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا چوڭ نەرسە ھېسابلانمايدۇ، لېكىن ئۇ ھاياتىي كۈچكە ۋە قۇدرەتكە تولغان. شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن كەلگەندە، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، كۈچەپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ بوران توختاپ، ھاۋا ئېچىلغاندا، ئۇ چىرايلىق قاناتلىرىنى قېقىپ، ھاياتنىڭ مەدھىيە ناخشىسىنى ئېيتىپ، كۆپكۆك ئاسمان بىلەن كۆك دېڭىز ئارىلىقىدا پەرۋاز قىلىدۇ! سىزمۇ ئەنە شۇ دېڭىز قارلىغىچىدەك بولۇڭ، ھەرگىز پېشايۋان ئاستىدىكى ئۆي قارلىغىچى بولۇپ قالماڭ! قىممەتلىك ھاياتىڭىزنى ئاسراپ، ئۇنىڭدىن نۇر چاقنىتىڭ، ئىسسىقلىق تارقىتىڭ. مەن سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھايات يولىڭىزدا،

www.uyghurkitap.com

سىزگە سىرداش ھەمراھ، ۋاپادار جورا بولۇشنى خالايمەن. بىز زەپەر ناخشىسىنى بىرلىكتە ئوقۇپ، مەڭگۈ بىللە ئۆتەيلى!

ئايچېچەك، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ چېكى يوق. ئۇنى ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يىمىرىۋەتكىلى، تام ـ توساقلار بىلەن توسۇپ قالغىلى، دەريا ـ دېڭىزلار بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ! پسىخولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ ئۇزۇن كۆرگەن چۈشمۇ قىرىق بەش مىنۇتتىن ئاشمايدىكەن. لېكىن مەن سىزنى سەككىز يىلغىچە چۈشۈمدە كۆرۈپ، چۈشۈمدە سىردىشىپ كەلدىم. مېنىڭ مۇھەببىتىم سەككىز يىللىق ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ يەنە سىزنى بىر ئۆمۈر بەختكە ئېرىشتۈرگۈدەك قۇدرىتى، ھارارىتى ۋە ساداقىتى بار!

ئەمدى سىز ئارقىمىزغا قادىلىپ تۇرۇۋالماي، ئالدىمىزغا قاراڭ! تۇرمۇش دېگەن خۇددى مۇسابىقە مەيدانىدىكى مارافونچە يۈگۈرۈشكە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. گەرچە سىزنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكىتىمىزدە مەغلۇبىيەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مۇساپە تېخى ئۇزۇن، بىز بىرلىكتە ئاخىرقى پەللىگە چوقۇم غەلىبە بىلەن يېتىمىز!

ئاخىرىدا سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي:

ئۆزاققىچە جۇدالىشىش چوڭقۇر دوستلۇق ئۈچۈن خەۋپلىك! مۇشۇ خېتىم بىلەن سىزگە بىر پاتمان سۆيگۈنى بىللە يوللىدىم، قوبۇل قىلغايسىز، ئايچېچەك!

سىزنى سۆيۈپ قالغۇچى: ئەكرەم»

ئايچېچەكنىڭ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى سېزىلەرلىك تىترەپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. خۇشاللىق، ھاياجان، ھەسرەت ۋە نادامەت تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاجىز، سەزگۈر ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پىنھان ياتقان مۇھەببەت ئوتى لاپپىدە كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن بەدىنىگە ياماشتى. شۇ چاغدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ گويا ئەكرەمگە

نىسبەتەن مەڭگۈ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. تۇرمۇش ئېقىنى يەنە بىردىنلا ئۇنى قاغجىراپ كەتكەن پايانسىز قاقاسلىقتىن گويا ياپيېشىل گۈزەل قىرغاققا ئەكېلىپ تاشلىغاندەك سىرلىق، يېقىملىق تۇيۇلدى! . . .

لېكىن يەنە تۇرۇپلا، ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكى نېمىدىندۇر سىقىلغاندەك، تەڭلىككە، ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى! . . .

قولىدىكى خەت گويا بوگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا جىمى ئىشنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ قولىقى تۇۋىدە پىچىرلىماقتا. ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. . . . بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىللە قوشۇلۇپ كەلگەن خىلمۇ خىل خىياللار گويا چۈشتىكى تۇراقسىز ئۆزگىرىشتەك، ھېلى ئۇيانغا، ھېلى بۇيانغا يۆتكىلىپ تۇراتتى. ئايچېچەك كېيىنكى تۇرمۇشىغا، تەقدىر - ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ چوڭ ئىشنى بىر نەچچە كۈنگىچە ئويلاپ، خىيال سۈرۈپ، تېڭىرقاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

بەش كۈندىن كېيىن، ئۇ يۈرىكىدىكى ھەقىقىي گەپلىرىنى، ئويلاپ يەتكەن خىياللىرىنى ئۆز پىتى يېزىپ، ئەكرەمگە يوللىۋەتتى، مۇھەببەت ئەلچىسى بولغان بۇ قاناتلىق خەت بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئانا يۇرت قوينىدا خىرامان يايراپ يۈرگەن ئەكرەمنىڭ قولىغا تەگدى. . .

## 3

«ھۆرمەتلىك ئەكرەم ئاكا:

خېتىڭىز دەردلىك كۆڭلۈمگە شىپا بولدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى مېنى ئويلاپ، ئەسلەپ تۇرغانلىقىڭىزنى بىلىپ ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدىم. بىر قىز ئۈچۈن ئۆزى

قوغلاشقان يىگىتنىڭ شۇنچە چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟!...

مەن سىزنى سۆيگەن، ھېلىمۇ سۆيىمەن، بۇنىڭغا يالغان ئېيتسام ئۆزۈمنى ئالدىغانلىق بولىدۇ. لېكىن، سۆيۈشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىشى ناتايىن! سەككىز يىل بۇرۇنقى سۆيگۈگە، ئىشەنچكە، بەختكە تولغان ئاشۇ غەمسىز، خۇشال چاغلار ھېلىمۇ ئېسىمدە! چۈنكى، مېنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ياخشى كۆرگەن تۇنجى ئادىمىم سىز ئىدىڭىز. مەن سىزدىن باشقا ئادەم بىلەن بىرگە بولۇشنى ئويلاش تۇگۇل، تەسەۋۋۇر قىلىپ باققانمۇ ئەمەس. لېكىن خىيال باشقا، ھايات باشقا ئىكەن! سىزدىن تۇيۇقسىز ـ گويا قارا بېسىپ، غەپلەتتە قالغاندەك ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام، ھازىرمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك ئاچچىق بولىدۇ. مېنىڭ ئاشۇ ئىككى يىلنى ــ سىزدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغان ئاشۇ مۇدھىش ئىككى يىلنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىر خۇدا، بىر ئۆزۈم بىلىمەن! ھېلىمۇ ياخشى، ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە ئىكەن، دەرد ـ ئەلەمدە قۇرۇپ، ئوت ـ پىراقتا كۆيۈپ كەتمەيدىكەن. خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك، «جەننەتكە كىرەلمىگەنلەر، دوزاخقىمۇ كۆنۈپ كېتىدىكەن!» لېكىن مەن بۇلارنى دەپ، سىزدىن ھېساب ئالماقچى ئەمەس. مۆرىتى كەلگەندە، مەنمۇ سىزگە قەلبىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا، شۇنداق دەۋاتىمەن. بۇ ئىشتا سىزنىڭ ئەيىبلىك ئەمەسلىكىڭىزنى مەن پارتىژدىكى سۆھبىتىمىزدىنلا چۈشەنگەن. سىزمۇ تېگىشلىك بولمىغان بىھۇدە دەردلەرنى تارتتىڭىز. بىر ھېسابتا، سىزنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىڭىز مېنىڭكىدىن ئېغىر ھەم ئازابلىق بولدى. سىز يالغۇز جۇدالىق دەردىنىلا ئەمەس، بەلكى مۇساپىرلىق ۋە سەرگەردانلىقنىڭ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردلىرىنىمۇ يەتكۈچە

www.uyghurkitap.com

تارتتىڭىز! مەن سېنا دەرياسى بويىدا سىز بىلەن سۆزلىشىپ قايتقان كېچىسى سىزنى ئويلاپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم. خىيالىمغا سىزنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىڭىز كىرىۋېلىپ، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى! . . .

ھايات ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېقىنغا، بەزىدە ئوخچۇپ تۇرمەللەپ، بەزىدە سۈكۈتكە چۆمۈپ، جىمجىت ئاقىدىغان سىرلىق، شىددەتلىك بىر ئېقىنغا ئوخشايدىكەن! ئادەم بۇ شىددەتلىك ئېقىندا بەزىدە لەيلەپ، بەزىدە چۆكۈپ كېتىدىكەن! . . . ئويلاپ قارىسام، بىز بۇ ھايات ئېقىنىدا، باشتىن - ئاخىر ئېقىپتۇق، لەيلەپتۇق، چۆكۈپتۇق، ھەتتا، يوشۇرۇن تاشلارغا سوقۇلۇپتۇق! . . .

ياراتقۇچى ئىگىسى شۇنچە يارقىن، مۇكەممەل ئىككى جىنىسلىق دۇنيانى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە شۇنچە كۆپ قايغۇ - ئەلەملەرنى، ھەسرەت - پۇشايمانلارنى قوشۇپ بۇ دۇنياغا ئاتا قىلىپتۇ. ئېھتىمال، بۇ بىز بەندىلەرنىڭ مۇقەررەر تارتىشقا تېگىشلىك رەنجىمىزدۇر! . . .

ئەكرەم ئاكا، سىز بىلىسىز، مۇھەببەت دېمەك — بەخش ئېتىش دېمەكتۇر. لېكىن، ھازىر مەندە سىزگە بەخش ئەتكۇدەك قايناق ھېسسىيات، ھەۋەس، ئىنتىلىش، شادلىق دېگەنلەر قالمىدى. بۇ ھالدا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز نېمە بولماقچى؟! مەن سىزنى بەختلىك قىلىمەن، دەپ ئەمەلىيەتتە، بەختسىز قىلىپ قويىمەن! چۈنكى، ھازىر مېنىڭ يۈرىكىم ئۇنۇمسىز يەردەك قۇرۇپ قالدى. . . مېنىڭ ھاياتتىن قەلبىم سوۋۇغان، كۆڭلۈم تۇمانلىق! مەندە ھازىر بىر ئۆينى تۇتۇپ ئىللىتقۇدەك ھارارەت، ماجال يوق! ئادەملەر تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ دۇنيانىڭ جاپا - مۇشەققەتتىدىن ھېرىپ ئۆلىدىكەن، ئادەمنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىكى ھارغىنلىقمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدىكەن. قاچانكى ئۇ، شۇلارنى كۆتۈرەلمىگەندە،

www.uyghurkitap.com

ئاخىر، ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆلىدىكەن!...

ئەكرەم ئاكا، مەندىكى بۇ روھىي ھارغىنلىق سابىرنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن كېيىن، بەكلا كۈچىيىپ كەتتى! مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە زامىن بولدۇم. بۇلارنى ئويلىسام، مەن ئۆزۈمدىنمۇ، ھاياتتىنمۇ نەپرەتلىنىمەن! مەن ئىقرار، گەرچە ئۇنىڭ بىلەن سىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ توي قىلمىغان بولساممۇ، لېكىن ئالتە يىللىق ئىناق ئائىلە ھاياتىمىز بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە چەمبەرچاس باغلاپ، ھەممىرلاش قىلىۋەتكەن. سابىر مېنى ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى، بىر ۋاپادار ئەر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھەببەت، خىسلەت بىلەن ماڭا ئالتە يىل باش ـ پاناھ بولدى. مانا شۇ تاپتا يېنىمدا، بىزنىڭ ئالتە يىللىق ئىناق، بەختلىك ئائىلىمىزنىڭ يىلتىزى، نام ـ نىشانى بولغان قىزىمىز ساباھەت تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇندىن كېيىنكى سۆيگۈ مۇھەببىتىم، مېھنەت ـ ئەجرىم سابىردىن يادىكار قالغان مۇشۇ بالىغا سەرپ بولىدۇ. مەن سابىرنىڭ ماڭا بولغان ئىلاھىي مۇھەببىتىگە، سەمىمىي ئەقىدىسىگە داغ تېگىدىغان ئىشنى قىلالمايمەن! كەچۈرۈڭ ئەكرەم ئاكا! سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى يەردە قويدۇم. ئەگەر مەن ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ ئىش قىلسام، ئاقىۋەتتى ھامان خەيرلىك بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بىز سىرداش، دىلداش دوستلاردىن بولۇپ قالايلى. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بۇرۇنقىدەكلا يۈرىكىمىزنىڭ، قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھان قاتلاملىرىدا ئۆزىنىڭ پاك ۋە سەبىيلىكىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالسۇن! ئۇنى بىز ھاياتىمىزدىن، تۇرمۇشىمىزدىن يىراقتا قالدۇرايلى! مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تەبىئەتكە تاپشۇردۇم. ئەكرەم ئاكا! تەبىئەت ناھايىتى سېخىي، ئۇنىڭدىكى رەڭگا رەڭ نۇرلار، سەلكىن شاماللار، دۇردانە يۇلتۇزلار، ھەتتا قار ـ يامغۇر، جۇدۇن ـ چاپقۇنلارمۇ ئادەمگە ھەمراھ بولىدۇ. ئەگەر

سەن باشقا بىر مۇھىتتىن، ھەتتا بىرسىنىڭ ئىللىق قويىنىدىن يەكلەپ چىقىرىۋېتىلگەن چېغىڭدىمۇ، ئۇ سېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىۋالدۇ. قۇياش سېنىڭ مۇزلىغان قەلبىڭگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ. يۇلتۇزلار سېنىڭ ئۇستۇڭدە جىمىرلاپ، ساڭا تەسەللىي قىلىدۇ. شاماللار سەن بىلەن شىۋىرلاپ مۇڭدىشىدۇ. ھەتتا قار – يامغۇرلارمۇ سېنى ئۆز قويىنىدا ئەللەيلىتىپ سەگىتىدۇ! . . .

ئەكرەم ئاكا، مەن سىزنىڭمۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدىن ئايرىلىپ، مەن بىلەن بىللە تەبىئەت قويىنىغا قايتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن! شۇ چاغدىلا، ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزگە يارىشا تەسەللى ۋە كۈچ – قۇۋۋەت تاپالايمىز! . . .

سىزگە ھەر ۋاقىت بەخت ۋە ئامەت تىلەيمەن.

سىزنى مەڭگۈ قەدىرلەپ قالغۇچى: ئايچېچەك.»

ئەكرەم خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، يىراقتىكى ئاقۋاش تاغلارغا تىكىلدى، قەلبىدە ھەم ئىللىق، ھەم سوغۇق بىر مېھىر ئورناپ قالدى! . . .

1995 – يىل 12 – ئاي

1996 – يىل 4 – ئاي

ئۈرۈمچى

[General Information]
书名=留在遥远的爱　维吾尔文
SS号=40212208

www.uyghurkitap.com